

# شپا تاپماس كيسەل

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# شىپاناپاس كېسەل

تۇرغان شاۋۇدۇن

(ھېكايە، پوۋېستلار)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


ئائىلە بەرىكىتى ................................ 1

ئەيىب كىمدە ................................ 11

شىپا تاپماس كېسەل ................................ 21

غەلىتە ئوغرى ................................ 27

تۇرمۇش سەھنىسىدە ................................ 35

ئاھ، يىللار ................................ 44

پۇل خەجلىمەيدىغان ئادەم ................................ 53

تۇغماس (پوۋېست) ................................ 99

# ئائىلە بەرىكىتى

بۈگۈن چۈشتىن كېيىنكى ئىككى سائەتلىك دەرسىمنى ئۆتۈپ بولۇپلا ئۆيگە قايتتىم.

«ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقى، پۇت - قولۇمنىڭ بوشلۇقى» دېگەن ماقال نېمىدېگەن توغرا ئېيتىلغان - ھە! بىر كۈنلۈك خىزمەت جىددىيلىكى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭىدىن پەيدا بولغان ھارغىنلىق ئۆيگە كېلىشىم بىلەن بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

بىر تەرەپتە تېلېۋىزور بىلەن ئۇنئالغۇ، يەنە بىر تەرەپتە كىرئالغۇ ۋە تۆت كىشىلىك، بىر كىشىلىك كرېسلولار قويۇلغان بىر ئېغىزلىق ئۆيۈم مەندە قانائەت ھاسىل قىلاتتى. مەن يېڭىدىن ياسىتىلىپ، يېڭىلا سىر بېرىلگەن كىتاب ئىشكاپىمنىڭ ئالدىغا كەلدىم. ئۇنىڭ سىخېمىسىنى كىتاب تىزىشقىمۇ، يېزىقچىلىق قىلىشقىمۇ بولىدىغان قىلىپ، ياغاچچىغا ئۆزۈم سىزىپ بەرگەنىدىم.

— ئەپەندىم، — دېگەنىدى ياغاچچى مېنىڭ سىخېمامدىن خۇشال بولۇپ، — ئۆزلىرىنىڭ بالا ئوقۇتۇشقا قانچىلىك ئەپلىرى بارلىقى ماڭا نامەلۇم، لېكىن سىخېما سىزىشقا راستىنلا ئەپلىرى باركەن. بۇ ھۈنەرنى قەيەردىن ئۆگىنىۋالغان بولغىيدىلا! ؟

— كىتابتىن، ئۇستام! — دەپ جاۋاب بەرگەنىدىم.

مەن ياغاچچىغا راستىمنى ئېيتقانىدىم، بۇ سىخېما

ئەسلىدە كاللامدا ئادەت كۆچىگە ئايلىنىپ كەتكەن تىرىشچانلىق - ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئائىلە باشقۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر - خىيالىمنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

ئۆي تۇتقاندىن بۇيانقى بەش يىل مابەينىدە بىرەر نەرسە ياساتماقچى بولسام، «يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس» دېگەندەك تەكرار ئويلىناتتىم، قوشنىلارنىڭكىنى كۆرەتتىم، ئاندىن كۆپ ئىشلىنىشنى، كۆپ ئورۇن ئېگىلىمەسلىكنى ئاساس قىلىپ، سخېمىنى قايتا سىزىپ ئاندىن ياغاچچىغا تاپشۇراتتىم. بۇ خىل نەرسىلەردىن ئالدى بىلەن ئوچاق يېنىغا قويۇلغان ئۇن ساندۇقىنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ. ئۇ ئىشكاپلىق ئۈستەل شەكلىدە ياسالغان بولۇپ، ئۈستىگە ئىككى قەۋەت قاپقاق ئورنىتىلغان، بىرىنچى قەۋەت ئۈستەل ئورنىدا، ئىككىنچى قەۋەت ئەمبەل ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. ئاستى بىر قانچە كاتەكچىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇن، گۈرۈچ قاتارلىقلارنى ئايرىم - ئايرىم ساقلىغىلى بولىدۇ. كرېسلورىمنى بولسا، ھەم كارىۋات، ھەم ساندۇق ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. شىرە ۋە ئورۇندۇقلىرىم قاتلىنىدىغان بولغاچقا، ئىشلىتىلمىگەندە قاتلاپ تامغا يۆلەپ قويسىلا ئۆي ئازادە بولۇپ قالىدۇ.

مېنىڭ ماختىنىشقا تېگىشلىك يەنە بىر سىرىممۇ بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى ھەرگىزمۇ نەق پۇلغا ئالمايمەن. كىر ئالغۇ، ئۈنئالغۇ، تېلېۋىزور قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھەر ئايلىق مائاشىمدىن ئاز - ئازدىن تاپشۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئېلىنغان، بۇنداق بولغاندا قولغا كەلگەن ئازغىنە پۇلنى ئاي ئاخىرىغىچە يەتكۈزۈشكە ئىنتىلىسەن - دە، تەبىئىي ئىقتىسادچان بولۇپ قالىسەن.

مەن كېيىنكى مەزگىللەردە ئايالىمنىڭ مائاشىدىنمۇ بۇ خىل ئىقتىسادچانلىق گۈلىنى چېچەكلىتىشنى ئويلاپ قالدىم. ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ بۇنىڭ چارىسىنىمۇ تاپتىم. شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىدا سىزگە تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن كۆپ خىل ئىشلىنىدىغان سايمانلار بارلىققا كەلدى.

ھەي ... بۇ جەرياندا خوتۇن بىلەن كۆپ قېتىم ئېيتىشىپ قالدۇق. ئۇ ھامان ئۆز مائاشىنىڭ ئائىلە سايمانلىرى ياسىتىشقا كېتىۋاتقانلىقىغا نارازى ئىدى.

— ھېلىغۇ مەن ئىشلەيدىكەنمەن، — دەيتتى ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ، — ئىشلىمىسەممۇ باقاتتىڭىز، نېمىشقا مېنىڭ مائاشىمغا چاڭ سالىسىز؟

— مېنىڭ - سېنىڭ دېگەنمۇ گەپمۇ، — دەيتتىم مەن ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ، — بىزنىڭ، ئائىلىمىزنىڭ، بالا - چاقىلىرىمىزنىڭ.

خوتۇنۇم جىم بولۇپ قالاتتى. بىزنىڭ ئىككى ياشقا كىرگەن بىرلا قىزىمىز بار ئىدى. ئۇنى يەسلىگە بېرىشكىمۇ، ئوزۇقلاندۇرۇشقىمۇ پۇل كېتەتتى. خوتۇنۇمنىڭ ئەينى ۋاقىتتا كىيگەن بىرقانچە قۇر كىيىم - كېچەكلىرى بولسىمۇ، زامانىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن مودىدىن قېلىۋاتاتتى. مەن ئويلىنىپ تولىمۇ قاتتىقلىق قىلىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلسامۇ، كۆڭلۈمدە ئالدى بىلەن ئۆينى تۈزەشتۈرۈۋالساق، ئاندىن كىيىم - كېچەككە يۈرۈش قىلامدۇق دېگەن پىكىر تۇغۇلاتتى - دە، ئۇنى بىر مەزگىل سەۋر قىلىشقا ئۈندەيتتىم.

— تاقىتىم قالمىدى، — دېدى ئۇ بىركۈنى رەسمىي غەزەپكە كېلىپ، — بۇندىن كېيىن بىر نەرسە ياسىتىدىغان

بولسىڭىز، مەن بۇ يەردە بىر مىنۇتمۇ تۇرمايمەن.

مەن ئۇنىڭ دېگىنىچە ۋەدە قىلدىم، لېكىن كىم بىلسۇن، ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ مەكتىپىمىز رېمونت قىلىنغان سىنىپلارنىڭ چىقىرىۋېتىلگەن تاختايلىرىنى سېتىپ بەردى. مەن ئۇ تاختايلارنى كۆرۈپلا يېقىلغۇ ئۇچۇن ئىسراپ قىلىۋېتىشنى خالىمىدىم ـ دە، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كىتاب ئىشكاپىمنىڭ سخېمىسىنى سىزىشقا باشلىدىم ۋە مەكتەپ قورۇسىغا چاقىرتىلغان ياغاچچىغا ياسىتىپ، سىر بېرىلگەندىن كېيىنلا ئۆيگە يۆتكەپ كەلدىم، ئۇ ئۆي تۆرىگە قويۇلۇشى بىلەن ئۆيگە ئالاھىدە ھۆسن كىرىپ كەتتى. مەن كۆڭلۇمدە ئايالىمنىڭ خۇش بولۇشىنى، ئاچچىقلىماسلىقىنى ئۈمىد قىلاتتىم، چۈنكى بۇگۈن ئايالىمنىڭ مائاشى چىقاتتى. ئۇ خۇش بولسىلا، بىر ئاز كوتۇلدىسىمۇ مەيلى، پەقەت كىتاب ئىشكاپىمنىڭ ئىش ھەققى ۋە سىر ئۇچۇن كېتىدىغان 40 يۈەننى ئايرىپ بەرسىلا بولاتتى.

مەن شۇ خىيال بىلەن كىتاب ئىشكاپى ئالدىدا زوقلىنىش، ئۈمىد ۋە دەككە ـ دۈككە ئارىلىشىپ كەتكەن بىر خىل ھېسسىيات ئىچىدە ئايالىمنىڭ كېلىشىنى تەققەززالىق بىلەن كۈتتۈم. ئىشىك ئېچىلىشى بىلەن يۈرىكىم قارت قىلىپ قالدى ـ دە، ئايالىمنىڭ چىرايىدا پەيدا بولىدىغان ئالامەتلەرنى كۆرۈشكە ئىنتىلدىم. ئايالىم ئۆيگە كىرىشى بىلەن خۇددى يات ئۆيگە كىرىپ قالغاندەك بىر ئاز تەمتىرەپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزى ئۆينى ھەيۋەتلىك تۇسكە كىرگۈزۈۋەتكەن يالتىراپ تۇرغان، سېرىق سىرلىق كىتاب ئىشكاپىغا تىكىلگەندى. مەن شۇ تاپتا ئۇنىڭ مەمنۇنىيەت

بىلەن كۆلۈمسىرىشكە نەقەدەر تەقەززا ئىدىم ـ ھە! لېكىن ئۇ كۆلۈمسىرىمىدى، قوشۇمىسىنىمۇ تۈرمىدى، كۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر مەمنۇنىيەت نۇرلىرى غىل ـ پاللا چاقناپ قالدى. مەن ئۇنى خۇشامەتكە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل كۆلۈمسىرەش بىلەن قارشى ئالدىم.

— بۇ يەنە نېمە گەپ، — دېدى ئۇ كىتاب ئىشكاپىنى ئىما قىلىپ، خۇددى ئاتىسى بالىسىنى سوراققا تارتقان تەلەپپۇز بىلەن.

— ياراشماپتۇمۇ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭغا.

— يارىشىش ـ ياراشماسلىقىنى قويۇپ، قېنى، ئېيتىڭا، ئۇنىڭ پۇلىنى نەدىن تاپتىڭىز؟

مەن دۇدۇقلاپ تۇرۇپ، تاختايلارنى مەكتىپىمىزنىڭ بىكارنىڭ ئورنىدا بەرگەنلىكىنى، ئىش ھەققىنىڭ بەكمۇ ئەرزان، يەنى ئارانلا 40 يۈەن ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم.

— ئەمدى سىز مېنىڭ مائاشىمنى خەجلەيمەن دەپ خام خىيال قىلماڭ، — دېدى ئۇ بىردىن چالۋاقاپ، — نەرسە ـ كېرەكلەردىن ھېچنېمىنى ئۇيان ـ بۇيان قىلىشىڭىزغا رۇخسەت يوق، ئۇنى سوتنىڭ بىر تەرەپ قىلىپ بېرىشىگە ئەرز قىلىمەن.

— بۇ نېمىدېگىنىڭىز، — دېدىم مەن ھەيران بولۇپ، ئۇ سوئاللىرىمغا قىلچىمۇ ئېرەن قىلمىدى. يۈگۈرگىنىچە ساندۇقنى ئېچىپ، كىيىم ـ كېچەكلىرىدىن بىر قىسمىنى ئېلىپ، پۇرلاپ ـ پۇرلاپلا بوپىلىدى، ئاندىن غەزەپ بىلەن ئىشىككە قاراپ ماڭدى، مەن ئۇنى دەرھال توسۇۋالدىم.

— بۇ زادى نېمە قىلغىنىڭىز؟

— قويۇۋېتىڭ! شۇنچە يىللاردىن بۇيان ئورۇق كالىنى

سىغىپ ئىچكەندەك، مېنىڭ قان - تەرىمنى شوراپ بولغىنىڭىز يېتەر. مېنىڭ مائاشىمغا چاڭ سالمايمەن دەپ ۋەدە بەرگىنىڭىز قېنى، سىز ۋەدىڭىزدە تۇرمىدىڭىز!

ئۇنىڭ ئاۋازى ئەرشىئەلاغا چىقتى. ھەش - پەش دېگۇچە قوشنىلاردىن بىرقانچىسى ئىشىك، دېرىزىلەردىن بويۇنلىرىنى سوزۇپ قاراشقا باشلىدى. يەنە بىرقانچە مىنۇت ئۆتسىلا ئۇلار خالىس جېدەل ئايرىغۇچىلار قىياپىتىدە ئۆيگە كىرىپ كېلەتتى. بىز ئىلگىرى كۆپ قېتىم تەگەشكەن بولساقمۇ، ئۇنىڭ بۇنداق بىشەملىك قىلغانلىقىنى كۆرمىگەنىدىم. ئاھ، بۇ نېمىدېگەن سەتچىلىك. مەن جېدەلنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى مەيلىگە قويۇپ بەردىم. ئۇ قەپەستىن ئۇچقان قۇشتەك ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى ئۇقمايمەن. خوتۇنىنىڭ ئۇشتۇمتۇت پارتلىشىدىن يوقاتقان ئەس - ھوشۇمنى يىغىۋالالماي ئېڭىكىمنى تۇتقىنىمچە كرېسلوغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قاپتىمەن. ئاستا - ئاستا ئېسىمنى يىغىپ كاللامدا «زادى نېمە ئۇچۇن» دېگەن باش - ئايىغى يوق بىر سوئالنىڭ تەكرار - تەكرار ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

راست، زادى نېمە ئۈچۈن؟ ئاتىسى گەپ ئۆگەتتىمۇيا؟ ياق، پېنسىيىگە چىققان قېيناتام كۆز ئالدىمغا كەلدى. ئۇنىڭ ئايالىمدىن باشقا يەنە بىر قىز، بىر ئوغلى بار ئىدى. بوۋاي گەرچە ئۇلارنى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىپ، بۇرۇنلا قەدىناس مومىيىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، باللىرىنىڭ بىرىنىمۇ يېنىدا ئېلىپ قېلىشنى خالىمىدى. ئۇ ئۆزىگىمۇ،

باللىرىغىمۇ قاتتىق تەلەپ قوياتتى. باللىرىنىڭ ھەر ھەپتىدە بىرەر قېتىم يوقلاپ تۇرۇشىغىمۇ يول قويمايتتى.

— مەن قېرىنى يوقلىمىساڭلارمۇ، ئۆزۈمنىڭ ئۆزۈمگە يېتىدۇ، — دەيتتى ئۇ نارازىلىقىنى بىلدۇرۇپ، — ھەپتىدە ئاران بىر قېتىم كېلىدىغان دەم ئېلىش كۈنىڭلارنى ئۆز ئىشىڭلارغا سەرپ قىلىڭلار. مەن ئۇچۇن ئۆيۈڭلارنى ياخشى تۇتۇپ، خۇشال - خۇرام ئۆتكۈنىڭلار كۇپايە.

مەن بوۋاينىڭ سۆزىدىكى كەسكىنلىككە قاراپ: «تايىنلىق، بالا جاپاسىدىن بىزار بولۇپ كەتكەنلىكىڭىزدىن شۇنداق دەۋاتىسىزغۇ» دەپمۇ ئويلاپ قالاتتىم. لېكىن بوۋاي ئۇنداق ئەمەسكەن، يېقىندا يېزىدىكى تۇغقانلىرى ئۇنىڭ جاپا تارتىپ قالماسلىقى ئۇچۇن ئاش - تاماق، كىر - قاتلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغۇدەك بىر قىزنى ئۇنىڭغا ئەۋەتىپ بەردى. ئۇ قىزنى كۆرگەن بوۋاي بىزنىڭ قىزىمىزنىمۇ يەسلىدىن ئايرىپ يېنىغا ئېلىپ بېرىۋالدى. دېمەك بوۋاينىڭ بالىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى.

تاك - تاك - تاك...

ئىشىكنىڭ يەڭگىل ئۇرۇلۇشى خىيال يىپلىرىمنى ئۈزۈپ، سەھەر شامىلىدەك مېنى سەگەكلەشتۈرۈپ قويدى.

كىمدۇ بۇ؟ مەن سالماق، لېكىن دەككە - دۈككە ئىچىدە ئۇنىڭ كىرىشىگە ئىجازەت بەردىم. قولىدا كونۋېرت كۆتۈرگەن ھالدا قوشنىمىز ئابابەكرى كىرىپ كەلدى. ئۇ دىمىقىدا سۆزلىگەچكە كىشىلەر ئۇنى «ئابابەكرى خىڭ - خىڭ» دەپ ئاتايتتى. بىراق ئۇ «خىڭ - خىڭ» بولغىنى بىلەن ئۆزىنى خۇشخۇي، تېتىك تۇتىدىغان، كىشىلەرگە ئىلەشكەك، ئۆز ئىشىغا پۇختا كىشى ئىدى.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدىم، ئۇنىڭ كۆلۈمسىرەپ تۇرغان كۆزلىرى كىرە ـ كىرمەيلا كىتاب ئىشكاپىغا تىكىلىپ قالغانىدى.

— پاھ، مۇبارەك بولسۇن ئاغىنە، — دېدى ئۇ خۇشاللىقىنى ئىزھار قىلىپ، — ئالدىڭىزمۇ ياكى ياساتتىڭىزمۇ؟

— ياساتتىم.

— قانچىگە توختىدى؟

— ئىش ھەققى ۋە باشقا خىراجەتلىرى بىلەن ئەللىك ـ ئاتمىش يۈەن ئەتراپىدا.

— بەكمۇ ئەرزان توختاپتۇ.

— شۇنداق.

— تەڭگە تەڭ پايدا بېرەي، ماڭا سېتىپ بىرەمسىزيا؟

— قىزىقكەنسىز، — دېدىم مەن ئۇنىڭ گېپىگە كۈلۈپ، — ئۆزۈمگە ياساتتىم، سىزگە سېتىپ بەرسەم قانداق بولغىنى.

— تاختاي ئىزدەشكە ئېرىنمىسەمغۇ، ئۆزۈممۇ ياساتتۇۋالاتتىم. مېنى سىزگە ئاتمىش يۈەننى ئارتۇق بېرىشكە دەۋەت قىلىۋاتقان نەرسە ئەنە شۇ ئېرىنچەكلىك، ياق دېمەي ئاتمىش يۈەننى خەجلەۋېلىڭا، مانا نەقلا بېرىمەن.

ئۇ قولىدىكى كونۇپېرتنى ماڭا بېرىۋېتىپ يانچۇقىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭ يولسىزلىقىغا بولغان نارازىلىقىمنى ماڭا سۇنۇلغان قولىنى قوللىرىم بىلەن ئىتتىرىش ئارقىلىق ئىپادىلەۋېتىپ، كۆزلىرىم كونۇپېرتتىكى ئادرېسقا چۈشۈپ قالدى. بۇ يېزىدىكى ئاكامدىن كەلگەن خەت ئىدى. ئابابەكرى ئۇنى ماڭا تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئالايىتەن ئېلىپ كىرگەن بولسىمۇ، كىتاب ئىشكاپىنىڭ

قىزىقتۇرۇشى بىلەن خالىسانە ياردىمى ئۈچۈن بىلدۈرىدىغان تەشەككۈرۈمگە ئېرىشىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدى. مەن خەتنى ئېچىپ ئالدىراپ ئوقۇپ چىقتىمدە، بېشىمغا تاغ ئۆرۈلگەندەك دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپلا كەتتى. ئاپام ئۇشتۇمتۇت مېڭىسىگە قان چۈشۈپ پارالىچ بولۇپ قالغانىكەن. ئاكام ئاپامنى داۋالىتىش جەريانىدا كۆپ چىقىمدار بولۇپ كېتىپ، تۇرمۇشتا قىيىنىلىپ قالغانلىقتىن مېنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىمگە موھتاج بولۇپ، مۇشۇ خەتنى ئالاھىدە يازغانىكەن.

ئانا — ھەر بىر كىشىنىڭ قەلبىدىكى مۇقەددەس ئوبراز. ئانىنىڭ بېشى كېسەل ياستۇقىغا تەگكەندە سۈكۈت قىلىپ تۇرىدىغان بىرمۇ پەرزەنت بولمىسا كېرەك. ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ خۇددى ئوچۇق ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك كۈتۈلمىگەن ھادىسە بولۇپ تۇيۇلدى. ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىلچە تەييارلىقىم بولمىغانلىقى مېنى تېخىمۇ ئازابقا سالدى. بۇ ئازاب ئىچىدە خوتۇنۇمنى قاقشىتىپ تۇرۇپ تويلىغان ئۆي جاھازلىرىم گويا ماڭا مەسخىرە كۈلكىسى بىلەن كۈلۈپ قاراۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. مېنىڭ نېرى - بېرى ئويلاشقىمۇ تاقىتىم قالمىدى. ئېغىر قايغۇ ئىچىدە ماڭا يۈز يىگىرمە يۈەننى تەڭلەپ تۇرغان ئابابەكرى خىڭ - خىڭغا تىكىلدىم. ئۇنىڭ ھەييارلىق بىلەن ھىجىيىشلىرى كۆزلىرىنىڭ نەپسىيانەتچىلىك بىلەن چاقناشلىرىغا قوشۇلۇپ ماڭا يۇقىرىقى كۈلكىنى ئەسلەتمەكتە ئىدى:

— ئەكىلىڭ پۇلىڭىزنى.

— رازى بولدىڭىزمۇ ئاداش؟

— رازى.

مەن ئۇنىڭ پۇل سۇنغان قوللىرىنىڭ هاياجاندىن تىترەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، چۈنكى ئۇ بۇنداق كىتاب ئىشكاپىنى ماگىزىندىن يەنە ئاتمىش يۈەن قوشماستىن ئالالمايدىغانلىقىنى ياخشى چۈشىنەتتى.

— ئەمىسە، ئاغىنە، — دېدى ئۇ خۇشاللىقىدىن تېخىمۇ خىڭىلداپ، — ئىشكاپىنىڭ بىر تەرىپىنى سىز كۆتۈرۈڭ!

مەن ئۇن - تىنسىزلا ئىشكاپىنىڭ بىر تەرىپىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە ئاچىقىشىپ بېرىپ قايتىپ كىردىم.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن هېچبىر كۈتمىگەندە، قېيناتام ئايالىمنى باشلاپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. مەن هاڭ - تاڭ بولغانلىقىمدىن ئۇلارغا قاراپ نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم.

قېيناتام هېچ ئىش بولمىغاندەكلا مەن بىلەن خۇشال - خۇرام كۆرۈشتى. مەن قېيناتام بىلەن ئىككى قوللاپ كۆرۈشۈۋېتىپ، ئايالىمنىڭ تېخى ئىككى سائەت ئىلگىرىلا ئۆيگە گۈزەللىك بەخش ئېتىپ تۇرغان كىتاب ئىشكاپىنىڭ بوش قالغان ئورنىغا ئەپسۇسلىنىپ قاراۋاتقانلىقىنى بايقىدىم. بەلكىم ئۇ كۆڭلىدە «ئۇرۇشمىغان بولسام، بۇ كىتاب ئىشكاپى ئۆيدىن چىقىپ كەتمىگەن بولار ئىدى» دەۋاتقاندۇ؟! مەن شۇندىلا قېيناتامنىڭ «مەن ئۇچۇن ئۆيۈڭلارنى ياخشى تۇتۇپ، خۇشال - خۇرام ئۆتكىنىڭلار كۇپايە» دېگەن سۆزىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدۇم.

1981 - يىل 10 - ئاي

# ئەيىب كىمدە؟

ساجىدەنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان بىرى ساقايسا، بىرى قوزغىلىپ تۇرىدىغان چىش ئاغرىقى ۋاڭ دوختۇرنىڭ بىر قېتىمدىلا كۆرۈپ، يېزىپ بەرگەن دورىسى ئارقىلىق سەللىمازا ساقىيىپ كەتتى.

«دوختۇر دېگەن مۇشۇنداق بولسا كىممۇ خۇش بولمىسۇن» ئاغرىق ئازابىدىن قۇتۇلۇپ يېنىك تىن ئالغان ساجىدە ئىچىدە ۋاڭ دوختۇرغا رەھمەت ئېيتاتتى ۋە بۇرۇنلا ئاشۇ دوختۇرغا كۆرۈنمىگىنىگە ئەپسۇسلىناتتى.

ساجىدە ھاياجان ئىچىدە قوشنىسى مۇھەممەتئىمىننىمۇ ئەسكە ئالاتتى. مۇھەممەتئىمىن شۇ چاغلاردا «يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش» خىزمىتى بىلەن تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئايالى ئايگۈل چىشى ئاغرىپ يېتىپ قالغان ساجىدەنى يوقلاپ كىرگەن بىر ئاخشىمى ئۇ مەلۇم خىزمەت بىلەن شەھەرگە قايتىپ كېلىپ، ئاچقۇچ ئېلىش ئۈچۈن بۇ ئۆيگە كىردى. «چىش ئاغرىقىغا كىشى ئۆلمەس، كىشىلەرمۇ كېلىپ كۆرمەس» دېگەندەك بىچارە ساجىدە چىكىم - چىكىم گۈللۈك قارا كاپىرون ياغلىقتا ئېڭىكى بىلەن بېشىنى چىڭ چېتىپ باغلىۋالغان ھالدا ئىڭراپ ياتاتتى. ئۇنىڭ يۈزىنىڭ سول تەرىپىدە قۇم سىلىنغان خالتىدەك كۆتۈرۈلۈپ چىققان ئىششىق لەۋ ھەم قاپاقلىرىغا قەدەر كېڭەيگەن بولۇپ، سولغۇن چىرايىنى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق تۇسكە كىرگۈزۈپ قويغانىدى.

مۇھەممەتئىمىن ئۇنىڭ ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئورنىدىن تۇرۇشقا قىينىلىپ ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قىمىرلىماسلىققا ئۈندىدى - دە، ئايالدىن نېرى - بېرى سوروشتە قىلىپ، ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ئىككى ھەپتە بۇرۇن كاماندىروپكىغا كەتكەنلىكىنى، ئۆزى بولسا، بىر ھەپتىدىن بۇيان ھېچقانداق دورا كار قىلماي مۇشۇ ھالەتتە يېتىۋاتقانلىقىنى ئۇقتى.

— ھېچقىسى يوق ساجىدە، — دېدى ئۇ ئاخىر جىددىي ۋە ئىشەنچلىك ئاۋازدا، — مەن سىزنى ئەتىلا دوختۇرغا ئاپىرىمەن، سۆزسىز ساقىيىپ كېتىسىز.

ئىڭراپ ياتقان ساجىدە بېشىنى سەل - پەل مىدىرلىتىپ قويدى. بۇ ئۇنىڭ مىننەتدارلىقىنى ئىپادىلەۋاتقانلىقىنىڭ بەلگىسى بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە «ۋاي، مېنى دوختۇرغا بارمىدى، دەمسىز، دورا كار قىلسا، ئاللىقاچان ساقىيىپ كەتمەمتىم» دېگەنلەرنى ئويلىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئەتىسى مۇھەممەتئىمىننىڭ كۆڭلىنى قىيالماي، ئۇنىڭ بىلەن بىللە دوختۇرخانىغا باردى. بۈگۈن دوختۇرخانىدا ئادەم بۆلەكچىلا كۆپ ئىدى.

— مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭ، — دېدى مۇھەممەتئىمىن ساجىدەنى بىر بۇلۇڭغا تارتىپ ئاپىرىپ، — مەن بىر مىنۇتتىلا چىقىمەن.

ساجىدەنىڭ چىرايىدا قانداقتۇر بىر خىل ئىپادە چاقماق كەبى لىپ قىلىپ يېنىپ ئۆچكەندەك بولدى. بۇ ئۇنىڭ مۇھەممەتئىمىننىڭ تەنتەكلىكىگە نىسبەتەن قەلبىدە يوشۇرۇپ بولمايدىغان مەسخىرىسىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. يېزىدا بىرقانچە ئاي ئىشلەش بىلەنلا شەھەرنى ئۇنتۇپ

قالغاندەك قىلىۋاتقان بۇ ھەرىكەتلەر ھەقىقەتەنمۇ غەيرىي ئىدى. گەرچە «ياردەم بېرىش» نامى بىلەن چۈشىمۇ، يېزا خەلقى نەزىرىدىكى بۇ ھۆكۈمران شەھەردىكىلەرنىڭ پىسەنتىگە قانداقمۇ ئېلىنسۇن، كۆڭلىنى رەنجىتىپ ئالمىسىلا بولاتتىغۇ...

ساجىدەنىڭ ئەندىشىلىك خىياللىرى تېخى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلمىگەنىدى، مۇھەممەتئىمىن چىرايى ئاپتاپتەك ئىللىق ئىككى سېسترا قىزنى باشلاپ چىقتى. قىزلار «ۋاي، سىزنى ساقلىتىپ قويدۇق، ئەپۇ قىلارسىز» دېگەندەك تەكەللۇپلار بىلەن ساجىدەنى قولتۇقلاپ كېسەل كۆرۈش ئۆيىگە ئەكىردى. بۇ چاغدا خۇش چىراي ۋاڭ دوختۇر ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇ ساجىدەگە يېقىملىق كۈلۈپ ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن، دورا ئىچىپ بىر ئاز ئارام ئېلىۋېلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېيتتى. ئىككى سېسترا شۇ ھامان ساجىدەنى كېسەل تەكشۈرۈش كارىۋىتىغا ياتقۇزۇپ، بىرى دورا، بىرى ئىستاكاندا قايناقسۇ ئېلىپ كەلدى. بۇنچىلىك قارشى ئېلىشقا ئىدىيىۋى تەييارلىقى بولمىغان ساجىدە نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. پەقەت بۇيرۇقنىلا ئىجرا قىلغۇچى جەڭچىدەك، سېسترالارنىڭ رايىغا باقتى. ئۇلارنىڭ ئېلىپ كەلگەن دورىسىنى ئاغزىغا سېلىپ، قايناقسۇنى ئاۋايلاپ ئىچىپ، كېسەل تەكشۈرتۈش كارىۋىتىدا سوزۇلۇپ ياتتى. بۇ چاغدا مۇھەممەتئىمىن بىلەن ۋاڭ دوختۇر قىزغىن سۆھبەتكە چۈشۈپ كەتكەنىدى. چەكسىز كۈتۈشتىن خۇدىنى يوقاتقان ساجىدە ئۇلارنىڭ گەپلىرىدىن پەقەتلا «خاتىرجەم بولۇڭ» دېگەن بىر جۈملىنىلا ئاڭلىيالىدى. مۇشۇنداق قارشى ئېلىنسا كىممۇ خاتىرجەم

بولمىسۇن، بۇنداق كۈتۈشتىن ئاغرىقمۇ خىجىل بولار تېخى!

بىرقانچە مىنۇتتىن كېيىن ساجىدەنىڭ چىش ئاغرىقى پەسلەپلا قالدى. ۋاڭ دوختۇر كۈلۈمسىرىگىنىچە ناھايىتى سىپايىلىك بىلەن ئۇنىڭ چىشلىرىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقىپ، رېتسېپ يازدى. رېتسېپ ئىككى خىل بولۇپ، بىرىگە تابلېتكا دورىلىرى، يەنە بىرىگە قاينىتىپ ئىچىدىغان دورىلار يېزىلغانىدى. تابلېتكا دورىلار ئىچىدە قۇۋۋەت دورىسىنىڭ بارلىقىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتىلدى. چۈنكى ساجىدەنىڭ تاماقسىز قېلىپ، ئاجىزلاپ كەتكەنلىكى ئېتىبارغا ئېلىنمىسا بولمايتتى. دورىلارنى ئېلىشقا مۇھەممەتئىمىنىنىڭ ئاۋارە بولۇشىغىمۇ توغرا كەلمىدى. سېسترالارنىڭ بىجانىدىل خىزمەت قىلىش روھى ئۇنىڭ يولىنى قىسقارتتى. ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم شۇنداق زور شەپقەتكە ئېرىشكەن ساجىدە دوختۇرلاردىن بەكمۇ تەسىرلەندى.

ۋاڭ دوختۇرنىڭ تابلېتكا ۋە قاينىتىپ ئىچىدىغان دورىلىرى ساجىدەنى شۇ كۈنىلا چىش ئاغرىقىدىن خالاس قىلدى. بىر ھەپتە ئۆتمەي ئۇنىڭ سولغۇن چىرايى ئەسلىگە كېلىپ، مەڭزىگە قان يۈگرۈپ، لەۋلىرىدە تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى. ئۇنىڭ تېتىك ئاياغلىرى خىزمەت بىناسىنىڭ پەلەمپەيلىرىنى تاقىلدىتىپ بېسىپ ئۆتۈپ، قوللىرى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇچرىشىپ تۇرغان، لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پات - پاتلا توپا بېسىپ قېلىۋاتقان خەت بېسىش ماشىنىسىنىڭ ئۈستىدە ئويناپ كەتتى. ماشىنكىدىن كۆتۈرۈلگەن رىتىملىق ئاۋاز ساجىدەگە نېمىشقىدۇر رويال كۈيىدەك نەپىس ئاڭلىناتتى. ئۆزىنى بولسا يېقىملىق بىر

كۈينى ئورۇنداۋاتقان ماھىر رويالچىدەك سىزەتتى. شۇ سىزىمنىڭ ئەركىنلىتىشى بىلەن كۆپكۆك شام قەغىزىگە بېسىلغان خەتلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا گويا يۇلتۇزلاردەك چاقنايتتى. ئۇ بولسا شۇ يۇلتۇزلۇق ئاسماندا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بەھۇزۇر پەرۋاز قىلاتتى. مانا بۇ سالامەتلىكى قايتا ئەسلىگە كەلگەن، ھاياتنى ئەڭ قەدىرلىگۈچى بىر ئايالنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتى ئىدى.

ساجىدە ئىككى ھەپتىگە قەدەر شۇ خىل ھېسسىيات ئىچىدە ئىشلىدى. ئۇنىڭ قولىدىن دۆۋە - دۆۋە ماتېرىياللار بېسىلىپ چىقتى. ئۇ ئەمدى ماشىنكىسىنى ھەرگىز توپا باستۇرۇپ قويماسلىققا ئىشىنەتتى.

ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ، ئىدارە باشلىقى ساۋۇتنىڭ ئايالى تۇرسۇنخاننىڭ چىشى ئاغرىپ يېتىپ قالغانلىقى ھەققىدە گەپ بولدى. تۇرسۇنخان 50 كە يېقىنلىشىپ قالغان تۇغماس ئايال بولغاچقا، ئۆيدە يېزىدىكى تۇغقانلىرى ئەۋەتىپ بەرگەن ئون ئۈچ ياشلىق بىر قىزدىن باشقا قارايدىغان كىشىسى يوق ئىدى. ساۋۇت جۇيجاڭ «يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش» خىزمىتى بىلەن بەش - ئالتە ئايدىن بۇيان تۆۋەندە ئىشلەۋاتاتتى. چىش ئاغرىقىنىڭ دەردىنى ھارغۇچە تارتقان ساجىدە تۇرسۇنخاننىڭمۇ پات - پات چىش ئاغرىقى بىلەن يېتىپ قالىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ، ئۇنىڭمۇ كېسەلدىن تېزرەك خالاس بولۇشى ئۈچۈن ۋاڭ دوختۇرنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزۈشكە ئالدىرىدى.

— رەھمەت، — دېدى ساجىدەنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان تۇرسۇنخان ھاكاۋۇرلۇق بىلەن قاپاقلىرىنى سوزۇپ، — لېكىن سىزنىڭ چىشىڭىزنى ساقايتقىنى ۋاڭ دوختۇرنىڭ

دورىسى بولمىسا كېرەك.

— نېمەدېگەنلىرى بۇ، — دېدى ساجىدە ھەيرانلىق بىلەن، — مەن سىلىگە يالغان ئېيتىمەنمۇ؟

— راست - يالغانلىقى ئۆزىڭىزگە مەلۇم، — دېدى تۇرسۇنخان خۇددى ھۆججەت ئېلان قىلغاندەك تەلەپپۇز بىلەن، — كىشىنىڭ چاپىنىدا تەرلىنىش بىلەن ساقىيىۋاتقان كېسەللەرمۇ ئاز ئەمەس.

ساجىدە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. «توۋا، بۇ خوتۇننىڭ چىش ئاغرىقى مېڭىسىگە تەسىر كۆرسىتىۋاتامدۇ، نېمە؟ بۇ يەردىن دەرھال چىقىپ كەتمىسەم بولمايدىغان ئوخشايدۇ» . . .

ساجىدە كۆڭلىدە شۇنداق دېگەن بولسىمۇ، لېكىن سەت بولمىسۇن دەپ، دەماللىققا چىقىپ كېتەلمىدى.

— سىز نېمىشقا ئۆزىڭىز سا جۇيجاڭنىڭ خوتۇنى مەن دېدىڭىز؟ — تۇرسۇنخان غەزەپ بىلەن ياتقان ئورنىدىن يېرىم تۇردى. ئۇنىڭ ئەلپازىدىن چىش ئاغرىقىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ياكى چىش ئاغرىقىنىڭ دەردىنى ساجىدەدىن ئالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ساجىدە ئەقلىگە سىغمايدىغان بۇ سوئالغا نېمەدېيىشنى بىلمەي ئۆزى ئۆچۈپ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ قالدى.

— گەپ قىلىڭ، — دېدى تۇرسۇنخان تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ، — سىز ساۋۇت بىلەن قاچان نىكاھ ئوقۇتۇۋالغان؟

ساجىدە بۇ ئىزا - ئاھانەتتىن يېرىلىپ كەتكۇدەك ھالەتكە يەتتى. لېكىن قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسى بىلەن كۆز چاناقلىرىدىن تېشىپ كېتەي دەپ تۇرغان

ياشلىرىنى كۆزلىرى ئىچىدە سىڭدۈرۈۋەتتى.

— بەلكىم ئۇقۇشماسلىق بولسا كېرەك، — دېدى تۇرسۇنخانغا كۆزلىرىنى مىختەك قادىغانچە، — مېنىڭ ئېرىمنىڭ كىملىكى ھەممىسىگە مەلۇم، بىر ئەرگە بىر ئاياللا تەئەللۇق بولىدىغانلىقى نىكاھ قانۇنىغىمۇ يېزىلغانغۇ. ھەر ھالدا، بىھۇدە خىياللاردا بولۇپ، ئۆزگىچە كېسەللەرگە گىرىپتار بولۇپ قالماسلىقلىرى ئۈچۈن چىش ئاغرىقىنىڭلا دەردىنى تارتقانلىرى تۈزۈك، خوش مەن كەتتىم.

ساجىدە شۇنداق دېدى ـ دە، ئارقىغىمۇ قارىماي ئىشىكنى جاڭگىدە يېپىپ چىقىپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى بەدىنى ئۇنىڭ باشقۇرۇش كونتروللۇقىدىن چىقىپ كەتكەندى. بەدىنى لاغىلداپ تىترەيتتى، پۇتلىرى ئالمىشاتتى، كۆز ياشلىرى بولسا يامغۇردەك ئاقاتتى. ئۇ شۇ ھالدا سەندۈرەكلىگىنىچە مۇھەممەتئىمىننىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. قازان بېشىدا لەڭمەن سوزۇش بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان ئايگۈل ئۇنى كۆرۈش بىلەن قاتتىق چۆچۈپ كەتتى .

— ۋىيەي! نېمە بولدى ساڭا؟ چىشىڭنىڭ ئاغرىقى يەنە قوزغىلىپ قالدىما؟

— ياق، مۇھەممەتئىمىن ئۆيدىمۇ؟

— ئىچكىرىكى ئۆيدە، توختا، ئاۋۋال نېمە ئىشلىقىنى ماڭا ئېيتىپ بەر.

ساجىدە ئايگۈلنىڭ توسقىنىغىمۇ قارىماي، ئىچكىرىكى ئۆيگە كىردى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئايگۈلمۇ كىرىپ كەلدى. گېزىت كۆرۈپ ئولتۇرغان مۇھەممەتئىمىن ئۇلارنىڭ كىرىشى بىلەن ئورنىدىن تۇردى، لېكىن تەكەللۇپ

سۆزلىرىنى ئىشلىتىشكە ئىمكانىيەت بولمىدى. ساجىدە كىرگىنىچە سۆزلەپلا كەتتى.

— ئېيتىڭا، سىز مېنى ۋاڭ دوختۇرغا نېمىدەپ تونۇشتۇرغان؟ كىشىنىڭ غۇرۇرىنى ئاشۇنداق ئاياغ ئاستى قىلسىڭىز بولامدۇ؟

— ھا - ھا - ھا... — قاقاقلاپ كۈلدى مۇھەممەتئىمىن، — شۇنىڭغىمۇ شۇنچىلىك بولۇپ كېتەمسىز؟ چىشىڭىز ساقايدىمۇ؟ بولدى! «ئۈزۈمنى يە، تىكىنىنى سورىما» دېگەننى ئاڭلىمىغانمىدىڭىز؟ «يەكچەشمىنىڭ شەھىرىگە بارساڭ بىر كۆزۈڭنى قىس» دېگەن سۆزمۇ بار تېخى. بولدى، خوتۇن! لەڭمىنىڭ پىشتىمۇ؟ قېنى ئېلىپ كەلگىنە، ساجىدەنىڭ چىشىنىڭ ساقايغانلىقىنى مۇبارەكلەپ قويايلى. ھا - ھا - ھا.

ساجىدەنى ئارامسىزلاندۇرغان ئازابلىق سوئاللار مۇھەممەتئىمىننىڭ چاقچاققا ئايلاندۇرۇپ، گەپ ئەپقېچىشى بىلەن جاۋابسىز قالدى. ئۇ خېلى كۈنلەرگىچە چىۋىن يەۋالغاندەك بولۇپ يۈردى. بىراق ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىمىدى. ساۋۇت جويجاڭ «يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش» خىزمىتىدىن قايتىپ كېلىپ، ھەممە گەپنى ئېرىگە ئېزىپ ئىچۈرۈۋېتىشنى ئادەت قىلغان تۇرسۇنخاننىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن مۇھەممەتئىمىننى سوراق قىلدى. چوڭ يىغىندىمۇ «يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش» خىزمىتىدە ياخشى ئىشلىمىدى، دېگەن باھانىلەر بىلەن ئىسمىنى ئاتاپ تەنقىد قىلدى. بۇنىڭدىن خورلۇق ھېس قىلغان مۇھەممەتئىمىن كۆپ ئۆتمەي باشقا ئىدارىگە يۆتكىلىپ كەتتى. ئۇ مېڭىش ئالدىدا ساجىدەنى ھەقىقىي ئەھۋالدىن

خەۋەردار قىلدى. ئەسلى ئەھۋال مۇنداق ئىكەن:
ساۋۇت جۇيجاڭ «يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش» خىزمىتىدە ۋاڭ دوختۇرنىڭ ئايالى بىلەن بىر ناھىيىدە ئىشلىگەنىكەن. ئۇنىڭدىن ئىبرىنىڭ ئۇستا چىش دوختۇرى ۋە بۇلۇم باشلىقى ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان ساۋۇت، ئايالىنىڭ پات - پاتلا چىشى ئاغرىيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ تەلتۆكۈس ساقىيىشىغا ياردەملىشىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىپتۇ. بۇ چاغدا ئۇلار ئىشلەۋاتقان ناھىيىدە ۋاڭ دوختۇرنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۇرۇپ، داشۆگە ئۆتەلمەي مەلۇم بىر زاۋۇتتا ئىستانوك ئىشچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان بىر جىيەن ئىنىسى بار ئىكەن. ئۇنىڭغا ساۋۇت جۇيجاڭنىڭ ئىدارىسىدىن ئورۇن چىقىدىغانلىقىنى پەملىگەن ۋاڭ خانىم ساۋۇت جۇيجاڭغا قايتا - قايتا ۋەدە بېرىپ، ئېرىگە دەرھال خەت يازىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. ئۆز نۆۋىتىدە جىيەن ئىنىسىنى شەھەرگە يۆتكەپ كېتىش ئارزۇسى بارلىقىنى ئېيتىپ ساۋۇت جۇيجاڭنى مايىل قىپتۇ. مۇھەممەتئىمىن شەھەرگە قايتىدىغان چاغدا ۋاڭ خانىم ئۇنىڭغا تۇرسۇنخاننى ۋاڭ دوختۇرنىڭ يېنىغا باشلاپ بېرىشنى ئالاھىدە تاپىلاپتۇ ۋە بۇ ھەقتە ۋاڭ دوختۇرغا خەت يازغانلىقىنىمۇ ئەسكەرتىپتۇ. مۇھەممەتئىمىننىڭ شەھەرگە كېلىپ ساجىدەنى كۆرگەندىن كېيىن باشقىچە قارارغا كېلىشى ئۇلارنىڭ «كېلىشىمى» دىن بىخەۋەرلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇنداقلا، ئېرى كاماندىروپكىغا كەتكەن بىر ئايالنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ قويۇش روھىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. بۇنىڭ بۇنچىلىك چوڭ ئىش بولۇپ كېتىشىنى كىم بىلسۇن.

مانا ئارىدىن خېلى كۆپ يىللار ئۆتۈپ كەتتى. مۇھەممەتئىمىنىنىڭ پەمى بولغاچقا، يۆتكىلىپ قۇتۇلدى. ساجىدە ئۇنداق بولمىغاچقا، قۇلاقنى يوپۇرۇپ، چىشنى چىشلەپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ باشلىق ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىغا نىسبەتەن تۇتقان يولى — كارى بولماسلىق. خىزمەتتە بولسا، ئاكتىپمۇ بولۇپ كەتمەسلىك، كەينىدىمۇ قېلىپ قالماسلىق، ئومۇمەن كوكۇلىسىدىن تۇتۇۋالىدىغان ئىش چىقىرىپ قويمىسىلا بولدى.

يېقىندا ئۇ دوختۇرخانىغا بېرىپ، ۋاڭ دوختۇر بىلەن كارىدوردا يۈزمۇيۈز ئۇچرىشىپ قالدى. ۋاڭ دوختۇر ئۇنى تونۇدى، لېكىن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، غادايغىنىچە ئۆتۈپ كەتتى. جىيەنىنىڭ شەھەرگە يۆتكىلەلمەسلىكىگە سەۋەبچى بولغان بۇ خوتۇنغا قانداقمۇ گەپ قىلغۇسى كەلسۇن.

لېكىن ساجىدە ئۆزىنى ئەيىبلىك دەپ ھېسابلىمايدۇ. مۇھەممەتئىمىنىمۇ ئەيىبلىگۈسى كەلمەيدۇ. ئەيىب زادى كىمدە؟ بۇنى ئەقىللىق كىتابخانلىرىمىزنىڭ پەملىۋېلىشىغا ئىشىنىمەن.

1988 - يىل 5 - ئاي

# شپا تاپماس كېسەل

مەن بالنىستتا يېتىۋاتقان بىر بۆرادىرىمنى يوقلاشقا بېرىپ، كارىدورغا قارىغان ئىشىك دېرىزىسىدىنلا ئۇنىڭ ۋە ئۇنىڭ ياتاقدىشىنىڭ كېسەل كارىۋىتىدا كۆزلىرىنى يۇمغانچە سوزۇلۇپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئەپسۇسلانغان ھالدا سائىتىمگە قارىدىم. سائەت ئىككىدىن چارەك ئۆتكەنىدى، دېمەك ئۇلار چۈشلۈك ئۇيقۇسىنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. قانداق قىلىشىم كېرەك؟ كېيىن كېلەيمىكىن دېسەم، ئالدىراش ئىشلار قايىنىمىدىن قايتا پۇرسەت تېپىش تەس ئىدى. ئويغىتايمىكىن دېسەم، شېرىن ئۇيقۇنىڭ كېسەل كىشىلەر ئۈچۈن ھەرقانداق تىنچلاندۇرۇش دورىسىدىنمۇ ئارتۇق شىپالىق رولىنى ئوبدان چۈشىنەتتىم. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىر ئۇلارنىڭ ياتىقىدىكى بىر جۈپ كرېسلوغا كۆزۈم چۈشتى - دە، بىرئاز ۋاقىتىم كەتسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپ تۇرماقچى بولدۇم ۋە ئىشىكنى ئاستا ئىتتەردىم. ئىشىك ئاۋازسىز ئېچىلدى. ئاپلا! . . . قاتتىق چەملىك شىبلىتىمنىڭ تاقىلداپ قېلىشى شۇنچە قىلغان ئېھتىياتلىرىمنى بىكار قىلدى. ئۇلار تەڭلا كۆزلىرىنى ئېچىشىپ، تەڭلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقا تەرەددۇت قىلدى. مەن ھەر ئىككىسىنىلا قىمىرلىماسلىققا ئۈندەپ:

— ياتىۋېرىڭلار، ياتىۋېرىڭلار، — دېدىم.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى بۆرادىرىمنىڭ ياتاقدىشى

گويا ئۆيگە كەلگەن قەدىردانىنى قارشى ئېلىۋاتقان مېھماندوست ساھىبخانىدەك قىزغىنلىق بىلەن ئىللىق تەبەسسۇم قىلىپ، — ياخشىمۇ سىز؟

ئۇ كۈتمىگەن چەبدەسلىك بىلەن پايپاقسىز پۇتلىرىنىڭ بىرىنى كارىۋات تېگىدىكى شىپىلداقا ساپتى-دە، ئىككىنچى پۇتى بىلەن كارىۋاتقا تىزلانغانچە قولىنى ماڭا سۇندى.

— ياخشىمۇ سىز؟

مەن جۇشقۇن تەبىئەتلىك بۇ كىشى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈۋېتىپ، كونا تونۇشلاردىن بولۇپ قالمايلى يەنە، دېگەن گۇمان بىلەن ئۇنىڭ چىرايىغا، تەقى - تۇرقىغا تىكىلدىم.

ئۇ قىرىق ياشلار چامىسىدىكى ۋىجىككىنە كەلگەن قارامتۇل كىشى بولۇپ، سەل - پەل قىسىلىپ تۇرغان كۆزلىرىنىڭ ھاياجان ئىلكىدە نۇرلىنىشلىرى قىلچە ياتسىراشتىنمۇ خالىي بولغان ئىللىق تەبەسسۇمى بىلەن قوشۇلۇپ، كىشىدە كونا تونۇشلاردەكلا تەسىرات قالدۇراتتى. شۇنداقتىمۇ، مەن ئۇنى ئىلگىرى ئۇچراتمىغانلىقىمنى جەزملەشتۈردۈم - دە، بۇرادىرىمنىڭ شۇنداق قىزغىن ياتاقدىشىغا ئېرىشىپ، زېرىكىشتىن خالىي خۇشال - خۇرام داۋالىنىۋاتقانلىقىنىمۇ پەملەپ ئۈلگۈردۈم.

— ۋاي - ۋاي - ۋاي! — بۇرادىرىم ئىككى قولى بىلەن بېلىنى روسلىغانچە ئىگراپ ئورنىدىن تۇردى، — يېقىندىن بۇيان بېلىممۇ چاتاق...

— راست، بېلىممۇ چاتاق، — بۇرادىرىمنىڭ ياتاقدىشى قىزغىنلىق بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى تەكىتلىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى يەنىلا ھاياجان بىلەن چاقناپ، لەۋلىرىدە تەبەسسۇم

جىلۋە قىلاتتى. بىراق بۇرادىرىم ئۇنىڭغا قىلچىمۇ پەرۋا قىلماي، ئاستا كېلىپ كرېسلوغا قىيسايدى ــ دە، «قېنى سۆزلىڭلار» دېگەندەك قىلىپ، كۆزىنى ھەر كۇنى كۆرۈپ تۇرغان ياتاقنىڭ تام ــ تورۇسلىرىغا تىكتى. مەن ئۇنىڭ بۇ خىل كەيپىياتتا بولۇشىنى بىئەپ كۆرۈپ، ياتاقدىشىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدىم.

— ئۇنىڭ بېلى شۇنداق چاتاقكى، — دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ قىزغىن ھېسسىيات ئىپادىلەپ، — ئۇ داۋاملىق بېلىنى ئاشۇنداق ئالالمايلا قالىدۇ. بەل ئاغرىقىنى مېنىڭ داداممۇ خېلى تارتقان، ئاپامنىڭمۇ بېلى ئاغرىيتتى، بوۋام يېزىپ قالدۇرغان تەزكىرىگە قارىغاندا مومامنىڭمۇ بېلى ئاغرىيدىكەن. شۇڭا بەل ئاغرىقى دېسە، پۈتكۈل بەدىنىم سىرقىراپ كېتىدۇ. شۇڭا بۇ ئاغرىقنىڭ ئازابلىق ئىڭراشلىرىنى ئاڭلىسام ئىچىم سىيرىلىپلا كېتىدۇ. شۇڭا...

ئەمدى مېنىڭ كۆزلىرىممۇ ياتاقنىڭ تام ــ تورۇسلىرىغا يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ كىشى بولسا «شۇڭا» دىن ئىبارەت بۇ ئاتالغۇنى كەينى ــ كەينىدىن كەلتۈرۈپ، بۇرادىرىمىزگە قىلىۋاتقان غەمخورلۇقلىرىنى — يۈز يۇيىدىغان سۈيىدىن تارتىپ، ئۈچ ۋاخ تاماقىغا قەدەر ئالدىغا ئەكىلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى يىپقا تىزغان مارجاندەك تىزىپ چىقتى، ئاندىن ئۆزىنىڭ بۇ ئىشلىرىنى «ئۆزئارا غەمخورلۇق قىلىش» كاتېگورىيىسىگە چۈشۈرۈپ، ئۇنى نەزەرىيە جەھەتتىن ئاساسلاشقا كىرىشتى.

مەن گەرچە بۇرادىرىمدىن ئەھۋال سوراش ئۈچۈن كەلگەن بولساممۇ، ئۇنىڭغا بىر ئېغىز گەپ قىلىش پۇرسىتىنىمۇ بەرمەيۋاتقان بۇ كىشىگە ھەيران بولۇپ

تىكىلدىم. ئۇ كىشىنىڭ بۇرادىرىمىزگە قىلغان غەمخورلۇقلىرىنى ھېچكىم خاتا دېيەلمەيتتى، ئەكسىچە قانچە ماختىسىمۇ، شۇنچە ئازلىق قىلاتتى. لېكىن سۆزلىرىنىچۇ؟

مەن ئىختىيارسىز بىر ھېكايىنى ئەسلىدىم. ئىلگىرى بىر قۇش بولغانىكەن، ئۇ چىرايلىق بارماقلىرى بىلەن قار ئۈستىدە ئاجايىپ كۆركەم ئىزلارنى قالدۇرالايدىغانلىقى بىلەن ماختىنىدىكەن، بىراق ئۇنىڭ قالدۇرغان ئىزلىرىنى ئارقىسىدىن سۆرۈلۈپ كېلىۋاتقان كېلەڭسىز قۇيرۇقى ئۆچۈرۈپ تاشلايدىكەن. مەن چوڭقۇر خىيال ئىلكىدە ئۇ كىشىنىڭ سۆزلىرىنى ئاشۇ ماختانچاق قۇشنىڭ قۇيرۇقىغا ئوخشاتتىم.

— شۇڭا...

ئۇ كىشى داۋاملىق سۆزلىمەكتە ئىدى. مەن ئاخىر تاقەت قىلالماي، بۇرادىرىم بىلەن سۆزلىشىشتىنمۇ ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭغا سوئال قويدۇم.

— سىزنىڭ قەيىرىڭىز ئاغرىيدۇ؟

— كاناي ياللۇغى.

— ۋاھ! — مەن ئىختىيارسىز توۋلىۋەتتىم. مەن ئۇنىڭدىن، ئۇچۇقىنى ئېيتسام، ئەڭ بولمىغاندا مېڭە تومۇرلىرىنىڭ بىرئاز بولسىمۇ زەخمىگە ئۇچرىغانلىقىغا دائىر جاۋابنى كۈتەتتىم.

— ئۇنداق بولسا، — دېدىم مەن ئۆزۈمنى زورىغا بېسىپ، — ئۆزىڭىزنى نېمىشقا ئاسرىمايسىز؟

— قانداق دەيسىز؟

— كاناي ياللۇغىنى داۋالاش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن كانايىنى دەم ئالدۇرۇشنى بىلىشىڭىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن

گەپنى ئاز قىلىڭ.

— ھا - ھا - ھا... سىزمۇ مېنى كۆپ سۆزلەشتە ئەيىبلىمەكچىمۇ؟! بۇ مەندىكى ساقايماس كېسەل. قانداق دېسىڭىز مېنىڭ نېرىپلىرىم كىشىلەرنىڭ گەپ - سۆز، ھەرىكەتلىرىگە چەمبەرچاس باغلانغان، مۇبادا كىشىلەر ئۆزئارا سۆزلىشىپ تۇرغاننىڭ ئۈستىگە كىرىپ قالسامۇ، مېنىڭ ئالدىن مۆلچەرلەش ئىقتىدارىم، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قوشۇق سېلىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىدۇ. مېنىڭ سەزگۈلىرىم مېنى ھازىرغا قەدەر ئالدىغان ئەمەس. مەن گەپ - سۆزلىرىم ئارقىلىقمۇ كىشىلەرگە خىزمەت قىلىپ بېرەلەيدىغانلىقىم بىلەن ماختىنىمەن. شۇڭا...

مەن ئارتۇق تاقەت قىلالماي سائىتىمگە قارىدىم، سائەت ئۈچ يېرىمغا يېقىنلاشقانىدى. مەن كىشىلەرگە خالىس خىزمەت قىلغۇچى بۇ سەممىي پىداكارنىڭ گېپىنى بۆلۈپ ئورنۇمدىن تۇردۇمدە، تېخى بىر ئېغىزمۇ پاراڭلىشالمىغان بۇرادىرىمگە قول ئۇزاتتىم.

— ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ، خوش.

بۇرادىرىم ئۈن - تىنسىز قولۇمنى چىڭ سىقتىدە، مەن بىلەن بىللە سىرتقا چىقتى. ئۇنىڭ كارىدوردا بولسىمۇ، مەن بىلەن بىر - ئىككى ئېغىز سۆزلىشىۋالماقچى بولغانلىقى ئېنىق ئىدى.

— ئەسلى ئاغرىقىڭىزچۇ؟ — مەن كارىدورغا چىققاندىن كېيىن بۇرادىرىمدىن سورىدىم. ئۇ ئەسلى قان تومۇرلىرى قېتىشىش كېسىلى بىلەن بالنىستتا ياتقانىدى.

— بىرقانچە قېتىم...

بۇرادىرىمنىڭ گېپى ئۈزۈلدى. ئۇنىڭ سۆزىنى

كەينىمىزدىن تاپ بېسىپ چىققان يەنە ھېلىقى ياتاقدىشى تارتىپ ئالغانىدى.

— بىرقانچە قېتىم تەكشۈردى. تەكشۈرۈش دېگەن بۇ يەردە داۋاملىق بولۇپ تۇرىدۇ. تەكشۈرۈش دوختۇرلارنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماي... شۇڭا...

بۇرادىرىم ئۇنىڭغا قاراپ غەزەپ بىلەن بىر ھومايدى-دە، قوللىرىمنى قايتىدىن سىقتى.

— خوش، ئەھۋالىمنى ئۇقماقچى بولسىڭىز، ئەمدى مېنى يوقلايمەن دەپ ئاۋارە بولماي، تېلېفون بېرىڭ.

ئۇ شۇنداق دېدى-دە، بۇرۇلۇپلا ياتىقىغا كىرىپ كەتتى. لېكىن ئۇنىڭ ياتاقدىشى مېنى دەرۋازا ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقىپمۇ، كىرىپ كېتىشكە كۆزى قىيماي، قوللىرىنى پۇلاڭلاتقانچە تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يەنىلا ھاياجان بىلەن چاقناپ، لەۋلىرىدە تەبەسسۇم جىلۋە قىلاتتى.

1989 - يىل 9 - ئاپرېل

# غەلىتە ئوغرى

مەلۇم شىپاخانىنىڭ دورا ماتېرىياللىرى ئامبىرىنىڭ باشقۇرغۇچىسى ھېمىت چوڭ - چوڭ قەدەم تاشلىغىنىچە كېسەل كۆرۈۋاتقان ئەختەم دوختۇرنىڭ يېنىغا ئالدىراپ كىرىپ كەلدى. ئەختەم ئۇنىڭ تۆگە تاپىنىدەك تاشلانغان كېلەڭسىز ئاياغلىرىنىڭ گۇرسۇلدەشلىرىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، لاپ ئېتىپ قارىدى - دە، ئۇنىڭ قانداقتۇر بىر ھاياجاندىن ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە تەئەججۇپ بىلەن تىكىلدى.

— ئاغىنە، — دېدى ھېمىت ئەختەمنىڭ ھېچقانداق ئىجازىتىنى كۈتۈپ تۇرمايلا، — ئوغرىنى تۇتتۇم.

— ھە! — ئەختەمنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ ئوت چاقناپ كەتتى، — كىمكەن ئۇ كىسپۇرۇش؟

— بىر ئېغىز گەپ بىلەن تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئاۋۋال دورا ئامبىرىغا كىر، شۇ يەردە سۆزلىشەيلى.

ئەختەم كۆرۈۋاتقان كېسىلىنى ئالدىراش يولغا سالدى - دە، باشقا كېسەللەرنى ياندىكى ئۆيدە كۆرۈنۈشكە تاپىلاپ، ھېمىتنىڭ كەينىدىن دورا ئامبىرىغا قاراپ ماڭدى.

ھېمىت بۈگۈن بەكلا خۇشال، بەكلا مەغرۇر ئىدى. ئۇ گەرچە ئەختەمنى دورا ئامبىرىغا تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، گويا ئۆزى ئالدىن بېرىۋېلىش شەرت بولغاندەك ئەختەمگە قاراپمۇ قويماي، چوڭ - چوڭ قەدەم تاشلاپ كېتىپ باراتتى. ئەختەم ھېمىتقا قارىغاندا پاكار ھەم ۋىجىك بولغانلىقتىن

ئۆنىڭ بىر قەدىمىنى ئىككى - ئۈچ چامدايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ قىلچە غەلىتىلىك ھېس قىلمايتتى. ئەكسىچە جۇشقۇن، تېتىك ئىدى.

— ئوغرى تېپىلىپ ئەجەب ياخشى ئىش بوپتۇ، — دەيتتى ئۇ كۆڭلىدە، — بىچارە ھېمىت ئۇنىڭ دەردىنى بەكلا تارتقانىدى.

ئۇنىڭ خىيالى ئىختىيارسىز ھالدا بۇنىڭدىن ئۈچ ئاي بۇرۇنقى بىر سەھەر ۋاقتىغا كۆچتى. ئۇنىڭ يېڭىلا ئىشخانىغا كېلىپ، ئىشقا كىرىشىش تەرەددۇتىنى قىلىۋاتقان ۋاقتى ئىدى. توساتتىن ئىشىك ئېچىلىپ، ئۆڭسۈلى ئۆچكەن ھېمىت ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كىرىپ كەلدى.

— ئاغىنە ئامبارغا ئوغرى كىرىپتۇ.

— نېمە، دە. . . دەيسەن، ئەمدى؟ — ئەختەم جىددىيلىشىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — ئىشىك بۇزۇلۇپتۇمۇ؟

— ياق، — دېدى ھېمىت بىچارىلەرچە بوينىنى قىسىپ، — قۇلۇپمۇ ساق، ئىزمۇ يوق.

— قىزىقلا ئىشقۇ بۇ؟

— مەنمۇ تېگىگە يېتەلمىدىم. شۇڭا سېنى كۆرۈپ باقامدىكىن، دەپ كېلىشىم.

— يۈر ئەمىسە.

ئۇلار ئالدىراپ دورا ئامبىرى ئالدىغا كەلدى. ھەقىقەتەن ئىشىكمۇ، قۇلۇپمۇ ساق ئىدى.

— ئەتراپتا ئىزمۇ يوق ئىكەن، — دېدى ئەختەم ھەيران بولغان ئاھاڭدا. ئۇ، جىددىيلىشىپ كەتكەن ھېمىت تىترەك قوللىرى بىلەن ئامبارنىڭ قۇلۇپىنى ئاچقۇچە بولغان

ئارىلىقتا ئىشىك ئالدى ۋە دېرىزە تۈۋىگە كۆز تاشلاپ چىقىشقا ئۈلگۈرگەندى.

ئىشىك ئېچىلدى. ھەرخىل دورىلارنىڭ پەرق ئېتىش تەس بولغان ئارىلاشما پۇرىقى دىماققا گۈپپىدە ئۇرۇلدى.

— قېنى بۇ ياققا كەل.

ھېمىت ئەختەمنى ھەرخىل جاۋەن، ئىشكاپلار بىلەن تولغان ئامبارنىڭ سول تەرەپ تېمىغا تاقاپ قويۇلغان چوڭ ھەم ئۇزۇن ياغاچ ساندۇقنىڭ يېنىغا باشلىدى.

ئەختەم ساندۇق تەرەپكە كېتىۋېتىپ، جاۋەن، ئىشكاپلاردىكى ھەر خىل دورا ئەۋرىشكىلىرى ۋە ئۇنىڭ يېنىغا قويۇلغان تۈك - تۈك ھەسەل، ھەرخىل مۇراببا، ھەر خىل شەربەت دورىلارغا نەزەر تاشلاپ «ئوزۇق - تۈلۈك ئىسكىلاتىنىڭ دەل ئۆزىغۇ بۇ» دەپ ئويلاپ قالدى.

— مانا ماۋۇنىڭغا قارا، — ھېمىت ياغاچ ساندۇقنىڭ قاپقىقىنى ئېچىپ، ئەختەمگە كۆرسەتتى. ئىچىدىن بىرقانچە بۆلەككە بۆلۈنگەن بۇ ساندۇقتا نوقۇت، بادام، ياڭاق قاتارلىقلار ئۆزئارا ئايرىلىپ تۇراتتى.

— مانا بۇ، — دېدى ھېمىت نوقۇت قاچىلانغان بۆلەكنى كۆرسىتىپ، — ئالدىنقى كۈنلا لىققىدە ئىدى. بۈگۈن يېرىملىشىپ كېتىپتۇ. بادامدىنمۇ خېلىلا كەم. ئاۋۇ يەشىكتىكى تۇخۇمنى كۆردىڭىزمۇ، ئۇمۇ يېرىملاپ كېتىپتۇ.

ئەختەم ھاڭ - تاڭ بولغان ھالدا ئەتراپنى كۆزەتتى. لېكىن ھېچقانداق گۇمانغا ئاساس تاپالمىدى.

— ئۆزۈڭ قانداق ئويلايسەن؟ — سورىدى ئۇ ھېمىتتىن.

— ئوغرىلانغىنى ئوغرىلانغان، — دېدى ھېمىت قاپىقىنى سېلىپ، — لېكىن قانداق ئوغرىلانغىنىغا ئەقلىم يەتمەيدۇ.

— ئاچقۇچىڭنى قولغا چۈشۈرۈۋالغان بىرەرسى بارمۇيا؟

— مۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

— كېسىپ ئېيتالامسەن؟

— كېسىپ ئېيتىمەن.

— ياق يەنىلا ئويلىنىپ باق. مەسىلەن، ئىشخانىلاردا، ئۆيۈڭدە ياكى بىرەر ئولتۇرۇشتا ئۇنتۇپ قېلىپ كېيىن تاپشۇرۇۋالغان چاغلار بارمۇ - يوق؟ بۇ مېنىڭ گۇمانىم.

— مۇنداق بولمىغان، لېكىن ئويلىنىپ باقاي.

— ئويلىنىپ باق، — دېدى ئەختەم تەكىتلەپ، ھېمىت بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— مۆلچەرىڭچە ئوغرىلانغان نەرسە قانچىلىكتۇ؟

— نوقۇلتىنلا بىرەر يۈز جىڭچە كېلەر.

— ئانچە كۆپ ئەمەسكەن. لېكىن سەل قاراشقىمۇ، ئارتۇقچە جىددىيلىشىپ كېتىشكىمۇ بولمايدۇ. ئەھۋالدىن تەشكىل خەۋەر تاپسۇن، قالغان ئىشنى با مەسلىھەت بىرنېمە قىلمايمىزمۇ.

— خوپ.

شۇ گەپ بىلەن ئۇلار ئايرىلىشتى، ھېمىتنىڭ كۆڭلىمۇ خېلى پەسكويغا چۈشتى. «ئانچە كۆپ ئەمەس، — دەيتتى ئۇ ئەختەمنىڭ سۆزىنى ئىچىدە تەكرارلاپ، — يامىنىغا كەلسە، پۇلىنى تۆلىۋەتسەملا تۈگىمىدىمۇ».

لېكىن ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك ئۇنداق ئاددىي

بولمىدى. تەشكىل ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، دورا ماتېرىياللىرى ئامبىرىغا ئوغرى كىرگەنلىك ۋەقەسى ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ، بىردەمدىلا ئىشخانىدىكى ھەممىگە پۇر كەتتى. ھەر خىل پەرەزلەر، ھەر خىل گۇمانلار ئۆزئارا بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ، ھېچكىمنىڭ ئۈستىدە شۇنداق بىر گۇمان تارالدىكى، ھېچكىم بۇنى ئاڭلاپ ئولتۇرالماي قالدى.

— ئىشىك، قۇلۇپ چېقىلمىسىنۇ، يەنە بىرەر ئىزمۇ بولمىسۇن، — دەيتتى مۇنداق گۇمانلارنىڭ بىرسىدە، — ئۇنداقتا ئوغرى جەزمەن شەيتان. بۇ شەيتان ئاچقۇچ تۇتقان ئادەم بىلەن شېرىك ئەلۋەتتە.

— شەيتاننىڭ ئوغرىلىق قىلغىنى نەدە بار، — دەيتتى بەزىلەر كۈلۈپ، — شەيتاننىڭ بارلىقىغىمۇ ئىشەنمەيمەن.

— ئۇنداقتا ئاچقۇچ تۇتقان شېرىكنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشىنەرسەن؟!

— ھا - ھا - ھا...

— بۇ شېرىك نوقۇتلا يەمدۇ ياكى ھەسەل - پەسەل، مۇرابىالارنىمۇ يەپ تۇرامدىغاندۇ.

— كىم بىلىدۇ، ئىنساپىغا باغلىقتە.

— ئوغرىدا ئىنساپ بولامدۇ؟! بۇ خۇددى قوتانغا چۈشكەن بۆرە چوڭ - كىچىك، ئورۇق - سېمىز بىلەن ھېسابلاشمىغانغا ئوخشاش ئىش.

— ئۇنداقتا دورا ئامبىرىنى تەكشۈرگۈلۈككەن، يەپ تۈگىتەلمەي چالا قالغانلىرى ئۆزلۈكىدىن سېسىپ، مۇھىتنى بۇلغاپ قويمىسۇن، يەنە.

رەھبەرلىك راستىنلا گۇرۇپپا ئۇيۇشتۇرۇپ، دورا

ئامبىرنى بىر رەت تەكشۈرۈپ چىقتى. لېكىن ئوغرىلانغان نەرسىلەر ئەختەم بىلەن ھېمىت كۆزدىن كەچۈرگەن ۋاقىتتىكىدىن كۆپ بولمىدى. شۇنداق بولسىمۇ كۆڭلى ئازار يېگەن ھېمىت ئۆز دائىرىسىدىكى تەكشۈرۈشتىن قول ئۈزمىدى. ئۇ ئاچقۇچنىڭ ئۆيدە قېلىپ قالغان ۋاقىتلىرىنىڭ بولغان - بولمىغانلىقىنى، شۇ مەزگىللەردە ئۆيگە كىملەرنىڭ كەلگەنلىكىنى تولا سوراپ ئايالىنىمۇ رەنجىتىپ قويدى.

مانا ئاردىن ئۈچ ئاي ئۆتتى. نوقۇت ئوغرىسىنىڭ ھەرىكىتى ئۆزلۈكسىز داۋاملىشىۋەردى. لېكىن قولغا چۈشمىدى. ئاخىر ھېمىت ئۇنى نەق مەيداندا قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن دورا ئامبىرىغا كارىۋات قويۇپ تۈنىمەك بولدى. مەسىلە بىرىنچى تۈندىلا ئايان بولدى. ھېمىت ئوغرىنى تۇتتى.

ھېمىتنىڭ ئەختەمنى نەق مەيدانغا باشلاپ مېڭىشى، يىگىرمە يىللىق بۇ سىرداش دوستىنى ئۆز خۇشاللىقى بىلەن ئورتاقلاشتۇرۇش ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەختەممۇ ھېمىتنىڭ پاك ھەم ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىدە بىردىنبىر شاھىت بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ تاپا - تەنىسىگىمۇ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ دوستىنىڭ بۇ خۇشاللىقىنى ئۆز خۇشاللىقى دەپ بىلەتتى.

ئامبار ئىشىكى تەنتەنە قىلغاندەك غارتىلداپ ئېچىلدى. ئەختەمنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن قاتتىق سېلىپ كەتتى. چۈنكى ئۇ بۇ يەردە ئوغرىنى باغلاقلىق ھالەتتە كۆرىدىغاندەك ھېس قىلغانىدى. لېكىن ئوغرى يوق ئىدى. ھېمىت كىرگەن بويى تامغا تاقاپ قويۇلغان ئىشكاپنىڭ يېنىغا كەلدى - دە،

ئەختەمگە قاراپ:
— كەل بۇ ئىشكاپنى ئالدىغا سۈرەيلى، — دېدى.
ئەختەم ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى چۈشەنمىسىمۇ، ئۇشۇقچە گەپ - سۆز قىلمايلا، ئىشكاپنىڭ بىر تەرىپىنى تۇتۇپ ھېمىتقا ماسلاشتى.
— مانا، بۇنىڭغا قارا، — دېدى ھېمىت ئىشكاپ ئالدىغا سۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى تامنى كۆرسىتىپ، ئەختەم ئۇنىڭغا ھەيران بولغان ھالدا توۋلىۋەتتى:
— تۆشۈك!
— شۇنداق، ئەمدى بۇ يەرگە كەل.
ھېمىت نوقۇت قاچىلانغان ساندۇقنى ئېچىپ، نوقۇتنى تۆگەپ، تېگى كۆرۈنۈپ قالغان ساندۇقنىڭ بىر بۇلۇڭىنى كۆرسەتتى. ئۇ يەردىمۇ خېلىلا چوڭ تۆشۈك ئېچىلغانىدى.
— ئەھۋال مانا مۇشۇ، — دېدى ھېمىت ئۇستىدىن ئېغىر يۈكنى غۇلىتىۋەتكەندەك قوللىرىنى يەڭگىل ھەرىكەتلەندۈرۈپ، — ئەمدى بۇنى قانداق بىلدىڭ دېمەمسەن؟! ئۇچۇقىنى ئېيتسام، بۇ بىر ئاخشام ئۇخلىماي تۈنگەنلىكىمنىڭ نەتىجىسى. مەن خىيالىمدا ئوغرىنى سىرتتىن كىرىدۇ، دەپلا يۈرۈپتىمەن. تۈن يېرىمى بولغاندا شىتىرلىغان ئاۋاز چىقتى. ئۇيان - بۇيان تىڭشىلىپ، كۆزۈم تۇخۇم قاچىلانغان سېۋەتنىڭ ئۇستىگە چۈشتى. قارىغۇدەك بولسام، قوش مۈشتەك بىر چاشقان بىر تۇخۇمنى مەھكەم قۇچاقلىدى - دە، پەسكە يۇمىلىدى. تۇخۇم ئۇنىڭ كالتە پۇتلىرىغا قىسىلغان پېتى ھېچقانداق زىيانغا ئۇچرىماي، ئۇنىڭ بىلەن بىللە يەرگە چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن چاشقان

ئۇنى دومىلىتىپ، ئىشكاپنىڭ كەينىدىكى مۇشۇ تۆشۈككە ئەكىرىپ كەتتى. مەن شۇنىڭ بىلەن دەرھال نوقۇت بار ساندۇقنى ئاختۇرۇپ، مانا بۇ تۆشۈكنى تاپتىم، دېمەك بۇ تۆشۈكلەرنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ ئوغرىنىڭ ئاچقان تۆشۈكلىرى ئىدى. مەن خۇشاللىقىمۇ، خورلىنىشقىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان ئاجايىپ بىر سېزىم ئىچىدە تاڭنى ئۇخلىماي ئاتقۇزۇپ، ئالدى بىلەن بۇ خەۋەرنى شاڭا يەتكۈزۈشۈم.

— تۇۋا، نېمە كويلارغا سالمىدى كىشىنى بۇ ئەبلەخ.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

— قانداق قىلاتتۇق، تەشكىلگە مەلۇم قىلايلى، تەشكىل قوشۇلسا، قېزىپ كۆرۈپ باقساق تېخى ياخشى.

غەلىتە ئوغرىنىڭ ۋەقەسى شۇ كۈنىلا ھەممىنى ھەيرانلىققا سالدى. تەشكىل تۆشۈكنى قېزىشقا بۇيرۇق قىلدى. تۆشۈك قېزىلىپ يەر ئاستىدا خېلىلا چوڭ ئۆڭكۈر ئېچىلدى. ئۆڭكۈر خۇددى قول بىلەن ياسىغاندەك بىرقانچە بۆلەككە بۆلۈنگەن بولۇپ، ھېمىتنىڭ ئامبىرىدىن ئېلىپ كىرىلگەن نەرسىلەر تۈر - تۈرى بويىچە ئامباردىنمۇ رەتلىك تىزىلغانىدى. ھېمىتنىڭ مۆلچەرىچە بۇ نەرسىلەر ھېچقانچە خوراپ كەتمىگەنىدى. لېكىن تەشكىلنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى چاشقانلارغا قوشۇپ كۆيدۈرۈۋېتىلدى.

1991 - يىل 8 - ئاي

# تۇرمۇش سەھنىسىدە

مەن يېزىقچىلىق ئۇستىلىمگە ئولتۇرساملا بىرەر كىشىنىڭ ئۇشتۇمتۇت كېلىپ ۋاقتىمنى بىھۇدە ئىسراپ قىلىشىنى ئانچە خالاپ كەتمەيمەن. بۇ مىجەزىمنى ياخشى بىلگەن بالا - چاقىلىرىم مېنىڭ يېزىقچىلىققا كىرىشكەنلىكىمنى كۆرسىلا، ئۆزى كىرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئاشۇنداق ئۇشتۇمتۇت كەلگەنلەردىن ماڭا ئانچە مۇناسىۋىتى بولمىغان كىشىلەرنى ئىشىك ئالدىدا يولغا سېلىۋېتىدىغان ماھارەتنى يېتىلدۈرگەنىدى.

بۈگۈن كەچقۇرۇنمۇ مەن يۇقىرىقى ئەلپازىم بىلەن يېزىقچىلىققا كىرىشكەنىدىم. ئۇشتۇمتۇت ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلاپ قالدى. گەرچە مەن قوڭغۇراقنى باسقان كىشىنىڭ كىرىشىنى خالىمىسام‌مۇ، لېكىن كىملىكىنى بىلىش ئىستىكى بىلەن سىرتقا دىققەت قىلدىم. سەگەكلەشكەن سەزگۈلىرىم كىچىك ئوغلۇمنىڭ يۈگۈرۈپ چىقىپ ئىشىكنى ئاچقانلىقىنى، بىر ئاز گۇدۇڭلاشقاندىن كېيىن ئۇنى ياندىكى ئۆيگە باشلاپ قويۇپلا، كېلىۋاتقانلىقىنى مىنۇت ئىچىدە سېزىپ ئۈلگۈردى.

— دادا، بىر بوۋاي، — دېدى ئوغلۇم ئىشىكنى قىيا ئېچىپ، — ئۇ سىنى يوقلاپ كەلدىم، دەيدۇ.

— بوۋاي؟ — دېدىم مەن ھەيرانلىق بىلەن، — يەنە تېخى مېنى يوقلاپ كەپتۇ، دېگىن!

ئوغلۇم جاۋابىمنىڭ قانداق بولۇشىنى كۈتۈپ، قاپقارا

سەبىي كۆزلىرىنى ماڭا مۆلدۈرلىتىپ تىكىپ تۇراتتى.
مەن ئويلىنىپ قالدىم. بوۋايلار بىلەن بولغان مۇئامىلىدە، هازىرغا قەدەر، مېنى يوقلاپ كەلگۈدەك دەرىجىدە ئالاقە ئورناتقانلىرىم يوق ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئوغلۇمنىڭ ئۇنى ئىشىك ئالدىدا يولغا سېلىۋېتەلمىگەنلىكى ئۇنىڭ بوۋاي بولغىنى ئۈچۈنلا ئىدى. ياشانغان كىشىنىڭ نەدىن كېلىشىدىن قەتئىينەزەر، قەۋەتلىك ئۆينىڭ پەلەمپەيلىرىنى بىر - بىرلەپ بېسىپ چىقىپ بۇ ئۆيگە كىرىشى ئاسان ئەمەس - دە! شۇڭا ئوغلۇمنىڭ قوللانغان ئۇسۇلىغا رازىمەنلىكىمنى بىلدۈرۈپ:
— قېنى، بۇ ئۆيگە باشلاپ كىر، — دېدىم.
مىنۇت ئۆتمەي بوۋاي كىرىپ كەلدى. ئۇ بېشىغا چىمەندوپپا، ئۈچىسىغا ئەت رەڭ جاسارجىدىن كۆزلۈك پەلتۇ، پۇتىغا مەسە - كالاچ كىيگەن بولۇپ، بىر باغ بېدىدەك قاپقارا ساقاللىرى پەلتۇسىنىڭ كەڭ قايرىما ياقىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان كۆڭلەك ياقىسىنىمۇ تامامەن توسۇپ تۇراتتى. تۈكلەر ئارىسىدا قالغان كىچىككىنە يۈزى بولسا ئوت بېسىپ كەتكەن چۈنەكلىكتىكى يالغۇز خەمەكتەك ئارانلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. لېكىن بۇلۇت ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان يۇلتۇزدەك پىلدىرلاپ تۇرغان قىيسىق كۆزلىرى قانداقتۇر بىر مۇغەمبەرلىك بىلەن چاقنايتتى. بۇ كۆزلەر ماڭا نېمىشقىدۇر تونۇشتەكلا ئىدى. لېكىن ئۇنى ماڭا ناتونۇش بولغان قاپقارا ساقاللارغا بىرلەشتۈرۈپ، بىر خۇلاسىگە كېلىشكە ئۈلگۈرەلمىدىم. ئۇ غۇلاچلىرىنى كەرگەنچە خۇددى قۇچاقلايدىغاندەك ئەلپازى بىلەن ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇ بۇ هەرىكەتلىرى بىلەن

ھەرگىزمۇ بوۋايغا ئوخشىمايتتى. ئەكسىچە ئوتتۇز ـ قىرىق ياشلار قۇرامىدىكى كىشىلەردەك چەبدەسلىكىنى نامايان قىلاتتى.

— قانداق، ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ قولۇمنى ئىككى قوللاپ قىسقانچە قىزغىن كۈلۈپ.

مەن جاۋابەن:

— ناھايىتى ياخشى، ئۆزلىرى ياخشى تۇرغانلا؟ — دېدىم تەكەللۇپ بىلەن.

ئۇ جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا قوللىرىمنى قىسقانچە قىيسىق كۆزلىرىنى كۆزۈمگە قاداپ، ھەيرانلىق بىلەن پىخىلداپ كۈلدى.

— قانداق، مېنى تونۇيالمايۋاتىسىزغۇ دەيمەن!

مەن شۇئانلا ئۇنى تونۇۋالدىم ـ دە، ئىلگىرىكى قىياپىتى بىلەن ھازىرقى قىياپىتىنى خىيالەن سېلىشتۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىشتىن ئۆزۈمنى ئارانلا تۇتۇۋالدىم.

توۋا، دونيادا شۇنداقمۇ ئىشلار بولىدىكەن ـ ھە! بۇ بومبا ساقال بىر يىل ئىلگىرىلا، زاۋۇتتىن تارقاتقان ئىشچى فورمىسىدىكى كىيىمنى ئۈستىدىن چۈشۈرمەي كىيىپ، ساقال ـ بۇرۇتىنى ھەپتىدە بولسىمۇ بىرەر قېتىم قىردۇرۇپ يۇرۇيدىغان ئورۇق، ۋېجىككىنە كىشى ئەمەسمىدى؟! ئۇ چاغلاردا ئۇ ئايالىغا تۇغقان بولۇش سالاھىيىتى بىلەن شەھەرگە ئون بەش كىلومېتىر كېلىدىغان زاۋۇتتىن ھەر ھەپتىدە دېگۈدەك ئۆيىمىزگە كېلىپ قونۇپ مېھمان بولۇپ كېتەتتى.

— نېمىشقا ھاراق قۇيىسىز؟ — دەيتتى ئايالىم ئۇ كەتكەندىن كېيىن مېنى جىملەپ، — ھاراق دېگەننى

ئىچەلەيدىغان ئادەم ئىچسە بولىدۇ.
لېكىن ئۇنى هاراق ئىچەلمەيدۇ دېگىلى بولمايتتى. ئىچكەندىمۇ ماڭا ئوخشاش ئادەمدىن بىر قانچىسىنىڭ هارىقىنى بىر قاتلاپ ئىچىۋېتەتتى، لېكىن مالىمىنى كۆپ ئىدى. گېلىدىن ئىككى - ئۈچ رومكا ئۆتۈپ كەتسىلا ناخشا خۇمارى تۇتۇپ قالاتتى - دە، تاڭ ئاتقۇچە ئاغزى ناخشىدىن بوشىمايتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭغا دۇتارنىڭمۇ هاجىتى يوق ئىدى. ئاۋازىنىڭ كەلگەن - كەلمىگەنلىكى بىلەنمۇ كارى بولمايتتى. بوينىنى قاقىرنىڭ بوينىدەك سوزۇپ يۇرۇپ، جوزىنى مۇشتلاپ تۇرۇپ ئېيتىۋېرەتتى. بىر ئاهاڭغا ئېسىلىۋالسىلا، تېكىست گادايلىقىدىن ئەنسىرەپمۇ كەتمەيتتى. چۈنكى ئۇ، ناخشا ئېيتىۋېتىپ، قاپىيىسى كەلسۇن - كەلمىسۇن، ۋەزىن - تۇراقلىرى چۈشسۇن - چۈشمىسۇن، ئىش قىلىپ خىيالىغا كەلگەنلىكى نەرسىنى ناخشىنىڭ تېكىستىگە ئايلاندۇرۇپ ئېيتىۋېرەتتى، داستىخاندىكى قورۇما، رومكىدىكى هاراق، بالا - چاقىلارنىڭ ئىسمى، ئىشكاپ، پىيالە، تامغا ئېسىلغان كالىندار، هەتتا ئارىلاپ قورۇما ئۈستىدە پەيدا بولۇپ قالغان چىۋىنمۇ ئۇنى ئۇزۇلمەس ئىلهام مەنبەلىرى بىلەن تەمىنلەپ تۇراتتى. مەن باشتا ئۇنىڭ بۇ خىل ئىجادىي ئىزدىنىشلىرى ئالدىدا خۇددى كومېدىيىلىك فىلىم كۆرۈۋاتقاندەك زوقمەنلىككە چۆمەتتىم. لېكىن بىرلا خىل ئاهاڭدا مەنىسىز جۈملىلەرنىڭ تەكرارلىنىۋېرىشى ئاخىر كەيپىمنى ئۇچۇرۇپ، ئۇنى هاراققا زورلاشقا كىرىشەتتىم. شۇنداق بولغاندا ئۇ تېزرەك ئارام ئالىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. بىراق ئۇ ئۇنداق ئاسان ئارام ئالىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى.

ئىچكەنسېرى پۇت - قولى جانلىنىپ، ئۇسسۇلغىمۇ چۈشۈپ
كېتەتتى. ئۇنىڭ غوللاچلىرىنى كېرىپ، مۈرىلىرىنى
چايقىغانچە ئالدىمغا كېلىپ مېنىمۇ ئۇسسۇلغا تارتىپ پولنى
قاتتىق دەسسەشلىرى يۈرىكىمنى قاتتىق قىساتتى. مەن بۇ
تاراق - تۇرۇق، ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاۋازلاردىن بالا -
چاقىلىرىمنىڭ ئويغىنىپ قېلىشىدىن كۆرە، ئۇخلاپ
قالغان قولۇم - قوشنىلارنىڭ ئويغىنىپ كېتىپ، نارازى
بولۇشىدىن ئەنسىرەيتتىم، تاڭلا ئەتىسى ئىش ئويلىغىنىمدەك
بولۇپ چىقاتتى.

مېنى شۇنداق كويلارغا سالغان هاراق خۇمار بۇ
«ناخشىچى» نىڭ بۈگۈن ئۇشتۇمتۇتلا ساقىلىنى ئۆستۈرۈپ،
مەسە - كالاچ كىيىپ، سوپىلار قىياپىتىدە كېلىشى
ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ كۈلكىسىنى قوزغىماي قالمايتتى.
مەن خىيالىمدا ئۇنى تولا ئىچىپ، مېڭىسىنى ئالدۇرۇپ
قويدىمۇ نېمە، دەپ ئويلىساممۇ، لېكىن يەنىلا كۆڭلىنى
ئاياپ:

— قالتىسقۇ، بىرەر كىنوغا رول ئېلىشقا
تەييارلىنىۋاتامسىز، نېمە؟ — دېدىم كۈلۈپ.

— بىزدەك قوڭالتاقلارغا نەدە ئۇنداق ئامەت، — دېدى
ئۇ ھەيرانلىق بىلەن كۈلۈپ، — تۇرمۇشتا رول
ئېلىۋاتىمەن.

— مۇنداقمۇ ئىش بار دەڭا، — دېدىم مەن ئولتۇرۇشقا
تەكلىپ قىلىپ تۇرۇپ، — ساقال يارىشىپتۇ.

— سۆزلىسەم گەپ تولا، — دېدى ئۇ سافاغا
جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، ساقىلىنى كۆز - كۆز قىلغاندەك
سىيلاپ قويۇپ، — ئەسلى بۇنداق قىلىش نىيىتىممۇ يوق

ئىدى. ئۆتكەن يىلى زاۋۇتىمىزدا بىر كىشى ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ تۇپرىقىدا قۇرئان ئوقۇتماقچى بولىسمۇ، بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىققۇدەك بىرەرسى تېپىلمىدى. ئاخىر مەن ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇسىنىڭ بەكمۇ كۆچلۈكلۈكىنى ھېس قىلىپ، بۇ ئىشنى ئۈستۈمگە ئالدىم.

— سىز؟ — دېدىم مەن ھەيران بولۇپ.

— ئەلۋەتتە مەن، — دېدى ئۇ ئۆز ئىلمىنى شەرھلەشكە كىرىشىپ، — كىچىكىمدىلا مولللىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ سەككىز پارە قۇرئاننى يادقا ئوقۇپ چىققانمەن.

— دېمەك، بۈگۈنكى شەرتىڭىزنى كىچىكىڭىزدىلا ھازىرلاپ بوپتىكەنسىزدە!

— مۇبادا، كېيىنچە پەننىي مەكتەپتە ئوقۇمىغان، بولۇپمۇ ھازىرقى ئىش ئورنۇمغا ئېرىشەلمىگەن بولسام، بۇ ساقالنى شۇ چاغدىلا قويغان بولاتتىم، دەڭا، — دېدى ئۇ يۇمۇرلۇق كۈلۈپ.

— كىچىكىمدە، — دېدىم چاقچاق ئارىلاشتۇرۇپ، — يېزىمىزدا نۇرغۇنلىغان ئاق ساقال، چار ساقال، قارا ساقاللىقلارنى كۆرەتتىم، كېيىن بارسام بۇنداق ساقاللىقلار ئانچە قالماپتۇ. بۇلار نەگە كەتكەندۇ، دەپ ئويلىنىپ قالغاندىم. بۈگۈن سىزنى كۆرۈپ بىلدىمكى، ئۇلار بىز ئىكەنمىز. مۇبادا مەن ساقىلىمنى قويۇۋەتسەم، دەل ئاشۇ چار ساقاللىقنىڭ ئورنىنى باسىدىكەنمەن.

خوتۇنۇمنىڭ توغقىنى ساقاللىرىنى سىلكىتىپ قاقاقلاپ كۈلدى ـ دە، ئۈزۈلۈپ قالغان سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

— شۇنداق قىلىپ كىچىكىمدىكى ئىلىم ئارىدىن يىگىرمە يىل ئۆتۈپ، ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئاتىسىنىڭ

ھاجىتىدىن چىقىشقا ئەسقىتىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈممۇ ئىنسابقا كېلىپ قالدىم.

— دېمەك، كىچىككىنىزدە ئوقۇغان ئايەتلەرنىڭ تەكرارلىنىشى سىزنى ئۆزگىچە بىر يولغا باشلاپتۇ - دە!

— بۇنىڭغا ۋاپات بولغۇچىنىڭ ئاتىسى سەۋەبچى بولۇپ قالدى. ئۇ مەندىكى ئالتۇنغا بەرگۈسىز بۇ ئىلمىي ھېكمەتنى مىننەتدارلىق بىلەن ماختاپ، بۇنىڭغا مۇخالىپ كېلىدىغان ياشلىق بەڭۋاشلىقلىرىمدىن قول ئۈزۈشۈمنى قايتا - قايتا تاپىلىدى. ئويلاپ باقسام ئون يەتتە يېشىمدىن باشلاپ، ھازىرغىچە يىگىرمە ئۈچ يىل ھاراق ئىچىپتىمەن. يا ماڭا مۈڭگۈز چىقماپتۇ، يا چاپىنىم تىزىمدىن ئاشماپتۇ. يا بالا - چاقىلىرىم بىلەن بىرەر ئاخشام گۇڭۇر - مۇڭۇر ھال - مۇڭ بولماپتىمەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە يېشىممۇ چوڭىيىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى كىشىنىڭ گېپىگە كىرىپ، ئەتىسىدىن باشلاپ، جامائەتكە قوشۇلۇپ كەتتىم. كۆپ ئۆتمەي ئۇلار مېنى ئۆزلىرىگە مەزىن قىلىۋالدى. ئىمام بولمىغان كۈنلىرى ئىماملىقنىمۇ قىلىپ قويىمەن.

— ئىماملىقىڭىزغىمۇ بىرنېمە دېيەلمەيمەن، — دېدىم كۈلۈپ، — لېكىن ناخشىدىكى تالانتىڭىزنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن قالتىس ياخشى مەزىن بولغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن.

ئۇ مۈرەمگە شاپىلاقلاپ كۈلدى.

— ھەي، تۇغقىنىم، مۇشۇنداق گەپلىرىڭىزنى دەپلا، سىزدىن مېھرىمنى ئۈزەلمەيمەن، جۇمۇڭ. بولسا مۇشۇنداق چاغلاردا تۆت رومكىنى كەينى - كەينىدىن قېقىۋالسام.

مويسىپىتلار كىيىمنى كىيگىنىگە ئەمدىلا بىر يىل بولغان بۇ يىگىرمە ئۈچ يىللىق ھاراقكەشكە ھەيران بولۇپ

قاربدىم، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۆزى تىلغا ئالغان نەرسىنىڭ سېغىندۇرۇشى بىلەن ياناماقتىدى. شۇ تاپتا سەللا زورلىسام، دەرھاللا بىر يىل بۇرۇنقى «ناخشا» چىلىق قىياپىتىنى ئېلىشقا تەييار تۇراتتى. ھەي، «ئۆگەنگەن خۇي ئۆلگۈچە قالماپتۇ» دېگىنى شۇ ئىكەن -دە. بۇ ھالىتى بىلەن ئۇ ھەقىقىي مەزىن ئەمەس، مەزىنچە ياسانغان بىر ئارتىس ئىدى، خالاس.

خوتۇنۇمنىڭ بۇ تۇغقىنىغا قارىغانسېرى مېنى كۈلكە قىستىماقتا ئىدى.

— كۈلىسىزغۇ؟ — دېدى ئۇ ئاخىر تاقەت قىلالماي كۆڭلىدىكىنى ئېيتىپ، — قويۇپ بەرگىنىز كەلمەيۋاتىدۇ - ھە؟

— ساقال قويۇپ، مەسە - كالاچ كىيمىگەن بولسىڭىز چوقۇم قويۇپ بېرەتتىم، — دېدىم ئۇنىڭ بىلەن چېقىشىپ، — ئەمدى مەن ئۇنداق ئەدەبسىزلىك قىلالمايمەن.

— گەپىنىڭ راستىنى دېسەم، — دېدى ئۇ بىردىنلا يىغلامسىراپ، — كۆڭلۇمنىڭ ئارامىنى ئىزدەپلا ئۇ يولغا كىرگەندىم، قارىسام جاھاندا تىنچ يەر يوقكەن، پېنسىيىگە يېڭى چىققان بىر تەقۋادار بىرنەچچە كۈن بولدى ماڭا پۈت ئېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە مېنىڭ بەزى تەپسىرلىرىم توغرا ئەمەسمىش، بەزى پەتىۋالار توغرىسىدا ئېيتقانلىرىم، خىيالەن ئويدۇرۇلغان گەپلەرمىش، ئۇ ماڭا قارىغاندا گەپدان بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغانلارمۇ كۆپىيىپ قالدى. شۇڭا مەن ئالدىغىنىڭنى ئال، دېدىمدە پەش قېقىپ يېنىپ چىقتىم. كۆڭلۇمنىڭ ئارامىنى قويمىغان يەردە ماڭا نېمە بار.

شۇڭا ئەپەندىم، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، تۇغقاندارچىلى-
قىڭىزنى يەتكۈزۈپ بىر بوتۇلكا كەلتۈرۈڭ، سىز ھەرگىز
مەن ئۇچۇن گۇناھقا قالمايسىز، نېمە ئۇچۇن دېسىڭىز،
ھاراق ھەرگىز ھارام ئەمەس، گەپ ئۇنى قاملاشتۇرۇپ
ئىچىشتە، قاملاشتۇرۇپ ئىچىشنى بۈگۈن ماڭا ئۆگىتىڭ،
مەن ئەمدى مالىمان قىلماي ئىچىدىغان بولاي، كۆڭلۈم
كۆتۈرۈلسە بولدى.

مەن ئۇنى پەقەت بىر يىللا جەلپ قىلغان، ئەمەلىيەتتە
بارغانسېرى تارىيىپ كېتىۋاتقان بۇ جامائەتچىلىك ئىچىدىكى
زىددىيەت كۈرىشىنىڭ نېمىنى مەركەز قىلىغانلىقىنى
(ئۆزئارا ھوقۇق تالىشىشىنىمۇ ياكى مەزھەپچىلىكنىمۇ)
قىلچە چۈشەنمىسەممۇ، تۇغقىنىمغا نىسبەتەن ئىچىم ئاغرىپ
قالدى، گەرچە مەن ئۇنىڭ ھاراق ئىچمەسلىكىنى ئارزۇ
قىلسامۇ لېكىن ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىغا چىدىماي، ھاراق
قۇيۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم. ئۇ شۇ كۈنى يامان ئەمەس
ئىچتى. ناخشىمۇ ئېيتمىدى، ئۇسسۇلمۇ ئوينىمىدى. لېكىن
ئەتىسىلا ساقىلىنى چۈشۈرۈۋېتىپ ئىشچى فورمىسىدىكى
كىيىمىنى كىيىۋالدى.

1992 - يىل 6 - ئاي

# ئاھ، يىللار...

بۈگۈن ئەخمەت تۇردىنىڭ پېنسىيىگە چىققىنىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى. ئۇ يەر ئىسلاھاتىدىن تارتىپ مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا قەدەر ئۈزۈلمەي ئېلىپ بېرىلغان ھەممە ھەرىكەتلەرنىڭ ئاكتىپ قاتناشچىسى سۈپىتىدە ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ، ئورنىنىمۇ ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، ئىدارە باشلىقلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن رەھبىرىي كادىر ئىدى.

ئۇ ئۆتمۈشنى ئەسلىگىنىدە، ھەم خۇشال بولىدۇ، ھەم خاپا بولىدۇ. خۇشاللىقى — يىللار ئۇنىڭ ئارزۇ قىلغىنىدەك ئەمەلگە ئېرىشىشى ئۈچۈن پۇرسەت بەردى. خاپىلىقى — يەنە شۇ يىللار ھەش - پەش دېگۈچىلا غۇيۇلداپ ئۆتۈپ، تەسلىكتە ئېرىشكەن ئەمەلنى باشقىلارغا ئېلىپ بەردى. بۇ رەھىمسىزلىكتە بەندىلەرنىڭمۇ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىش - دە! تېخى يېقىندىلا بىر دوختۇر ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈپ «بەدىنىڭىز قىرىق ياشلىق كىشىلەرنىڭكىگە ئوخشاش ئىكەن» دېمىگەنمىدى. ئەگەر يىللارنىڭ شۇ رەھىمسىزلىكى بولمىغان بولسا، ئۇنى بۇ ھالەتتە كىممۇ ئورنىدىن قوزغىيالىسۇن؟!

ئۇ ئەمەلدىن قېلىشى بىلەنلا ئۆز ۋاقتىدا ئۇنى كۆرسە پىشقان كاللىدەك كالپۇكى يۇمۇلمايدىغانلارنىڭمۇ، بىزەڭ چىۋىنلاردەك ئەتراپىدىن نېرى كېتەلمەيدىغانلارنىڭمۇ بىراقلا يوقاپ كېتىشىمۇ، ئۇنىڭ غۇچۇرلاپ تۇرغان چىشلىرى ئارىسىدا غايىۋانە چاينىلاتتى.

لېكىن شۈكۈر قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، تۆۋەنكى
قاتلاملاردا ئۇنى ئەسلەيدىغانلارمۇ يوق ئەمەسكەن. بۈگۈن بىر
تازىلىق ئىشچىسى ئۇنىڭ بوشىتىلغان ئىشخانىسىنى يېڭىدىن
تەيىنلەنگەن باشلىققا تۈزەشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ بارلىق
ماتېرىياللىرىنى كارىدورغا چىقىرىپ قويغانلىق خەۋىرىنى
يەتكۈزدى. ئەگەر ئۇ ئىنساپقا كېلىپ بۇ خەۋەرنى
يەتكۈزمىگەن بولسا، ئۇنىڭ ماتېرىياللىرى كارىدوردا
بۇلغىنىپ كاردىن چىقمايتتىمۇ، ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاش
بىلەنلا ئوغلىنى ماتېرىياللارنى ئەكىرىۋېلىشقا بۇيرۇدى.
ئوغلى ئاتىسىنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشەنگەچكە، ھېچقانداق
باھانە - سەۋەب كۆرسىتىپ ئولتۇرمايلا، ئەل -
ئاغىنىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ماتېرىياللارنى قەغەز
يەشكەلەرگە قاچىلاپ، ئۆيگە ئېلىپ كىردى. مانا ئەمدى
ئەخمەت تۆردى ئۈچۈن بىردەم بولسىمۇ، بىھۇدە خىياللاردىن
خالىي بولىدىغان ئەمەك تېپىلدى. ئۇ قەغەز
يەشكەلەرنى بىر - بىرلەپ ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە
سېلىنغان ماتېرىياللارنى تۈر - تۈرى بويىچە رەتلىمەكچى
بولدى. ھەي، بالا دېگەن بالىدە، يىگىرمە نەچچە ياشقا
كىرىپ قالسىمۇ ھېچ ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمەيدۇ. بىز دېگەن
ئون نەچچە يېشىمىزدىلا...

ئۇ بىرىنچى يەشكىنى ئېچىپلا ئۇنىڭدىكى بىر - بىرىگە
ئارىلىشىپ كەتكەن كىتاب، ژۇرنال، گېزىت پارچىلىرى،
سالامخەت، توي باغاقلىرى، يىغىن تەكلىپنامىلىرىنى
كۆرۈپ، ئوغلىنىڭ بىسەرەمجانلىقىدىن نارازى بولدى.
ئۇنىڭچە كىتاب - ژۇرناللارنىلا ئېلىپ قېلىپ، قالغان
نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تاشلىۋېتىش كېرەك ئىدى.

لېكىن، ئۇ نېمىشقىدۇر تاشلىۋېتىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرگە ئاۋۋال قول ئۇزىتىپ، بىر - بىرلەپ كۆرۈپ چىقىشقا باشلىدى. توي باغاقلىرى ئۇنىڭ ئەينى يىللاردىكى يۇقىرى ئابرويى بىلەن تۆردە ئولتۇرۇپ، قىزغىن تەكەللۇپلار ئىچىدە كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرغان ھۇزۇر بەخش مەنزىرىلەرنى ئەسلەتسە، يىغىن ۋە ئاللىقانداقتۇر خاتىرىلەش، تەنتەنە قىلىش تەكلىپنامىلىرى ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ شۇ چاغدىكى تەسىر دائىرىسىنى نامايان قىلاتتى. ئۇ سالام-خەتلەرنىمۇ بىر - بىرلەپ ئوقۇپ چىقتى. بۇ خەتلەرمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدىغان ماختاش سۆزلىرى بىلەن باشلانغان بولۇپ، كۆپىنچىسى ئۆز ئىدارىسىنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى شۆبە ئورگانلىرىنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن كەلگەنىدى. ئۇ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش باھانىلىرى بىلەن تۆۋەنگە چۈشكەندە ئەنە شۇ ئەمەلدارلار قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قالاتتى. «بىر پىيالە چاي»، «مەشرەپ»، «باغ سەيلىسى»، «باراۋەت»، «ئېكسكۇرسى-يە»... دېگەنلەرگە ئوخشاش خىلمۇخىل سورۇنلارنى تۈزۈپ، يېگۈزۈپ، ئىچكۈزۈپ چېچىكىنى چاي قىلىۋېتەتتى. قايتقۇچە «يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلات» لار بىلەن ماشىنىسىنى ئىجازەتسىزلا تولدۇرۇپ قوياتتى. ھەي، بىچارىلەر...! تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا بۇ بىچارىلەرگە ئۆز ئىدارىسىنى كامال تاپتۇرۇش ئۈچۈن پۇل كېرەكتى. بۇ پۇل بۇ مەرتىۋىلىكنىڭ تەبەسسۇم يېغىپ تۇرىدىغان ئېغىزىنىڭ يېلى ياكى ياپونىيىنىڭ ساقال ئالغۇچى بىلەن پاكىز قىرىلىپ، دائىم ئەتلەستەك يالتىراپ تۇرىدىغان

ئېغىكىنىڭ بىر ئېكىلىشى بىلەنلا ھەل بولاتتى. لېكىن ئۇ ئەينى سورۇندا ھاياجانلىق نۇتۇقلار بىلەن ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، سۇ كىرمەس ۋەدىلەرنى بەرسىمۇ، ئىدارىسىگە قايتىپ كېلىپلا، ھەممىنى ئۇنتۇيتتى. مۇبادا ئۇلار كېلىپ، سۈرۈشتۈرۈش قىلسا، قىلغان ۋەدىلىرىنى تەسلىكتە ئەسلەپ، مۇزاكىرىگە قويۇپ باقىدىغانلىقىنى ئېيتاتتى. لېكىن بۇنداق مۇزاكىرە ھەرگىزمۇ ئۇيۇشتۇرۇلمايتتى. نەتىجىدە ئۇ بىچارىلەر ئارتۇقچە كۈتۈۋېرىشتىن بىزار بولۇپ، ئۆز ئورۇنلىرىغا قۇرۇق قول قايتاتتى. ھەي، ئۇلارنىڭ بىرەر - يېرىمىنىڭ بولسىمۇ ئىشىنى ھەل قىلىپ قويسىچۇ كاشكى. . .

ئۇ يەنە بىرمۇنچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ بالا - چاقىلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ياكى ئۆي مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بېرىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسلىرىنىمۇ كۆرۈپ چىقتى. بۇ مەسىلىلەرنىمۇ ئۇ ئەينى چاغدا «قېنى، مۇزاكىرىلىشىپ باقمايمىزمۇ» ياكى «بۇنىڭ مەن بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق، مۇناسىۋەتلىك ئىشخانىلارغا بېرىڭ» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن قېقىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ راستىنلا ئالاقىسى يوقمىدى؟ ھەي. . .

ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ قولىغا تېخى ئاغزى ئېچىلمىغان بىر كونۋېرت چىقىپ قالدى. ئۇ ھاياجاندىن سەل - پەل تىترەپ تۇرغان بارماقلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇنى ئاچتى - دە، ئۇزۇنىغا ئىككى قاتلىنىپ، ئىككى بېشى پۈكۈلگەن «خەت»نى قولىغا ئالدى. «خەت»نىڭ بۇنداق پۈكۈلۈشى ئۇنىڭ ئىچىدە قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ بارلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇ گۇمان قىلغان نەرسىنى ئالدىن بىلمەكچى

بولغاندەك، پۆكۆكنى ئاۋۋال سىيلاپ، ئاندىن ئاستا ئېگىپ كۆردى. ئاخىر نېمىنىدۇر جەزملەشتۈرگەندەك قىياپەتتە پۆكۆكنى يەشتى. يا پىرىم! . . . ئۇنىڭ ئىچىدىن شەھلا كۆزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان، يۇمىلاق يۈزلۈك، ئەگمە قاشلىق، قاڭشا بۇرۇن، ئويماق ئېغىزلىق بىر قىزنىڭ كېلىشكەن قامىتىنى يانچە قىلىپ، كۈلۈمسىرەپ تۇرغان سۈرىتى چىقتى. بىر قاراشتىلا كىنو چولپانلىرىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بۇ قىز يىگىرمە ئۈچ - يىگىرمە تۆت ياشلار چامىسىدا بولۇپ، يۇرۇش - تۇرۇش، كىيىم - كېچەك، ياسىنىش جەھەتلەردىمۇ ئۇ تەبىئيي گۈزەللىككە تېخىمۇ گۈزەللىك قوشۇش ئىقتىدارىغىمۇ ئىگە بولسا كېرەك، بۇلۇتتەك كۆپتۈرۈلگەن ئەۋرىشىم چاچلىرىنىڭ مۇرىسى كۆتۈرۈلگەن مودا كۆڭلەكلىك يەلكىسىدە يېيىلىپ تۇرۇشى، كەڭ ئويما ياقىسىدىن ئۆز سېھرىنى نامايان قىلىپ، كۆزلەرنى ئالا چەكمەن قىلىۋېتىدىغان ئاپئاق كۆكرىكىدە قىممەت باھالىق ئالتۇن زەنجىرنىڭ يالتىراپ تۇرۇشى بۇنىڭ ئىسپاتى ئىدى.

ئۇنىڭ ئۇستىگە شەھلا كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ قىيا بېقىپ تۇرۇشلىرىچۇ تېخى! . . .

ئەخمەت تۇردى ئۇنىڭغا ھەيرانۇ ھەس بولۇپ ئۇزاق قاراپ تۇردى. ئۇنى نەدە كۆرگەندۇ؟ ئۇنىڭ خىيالىدا قېلىشىچە بۇنداق قىزلار ئۆزى ئۇچۇن ئۇيۇشتۇرۇلغان مەخسۇس تانسا سورۇنلىرىدا، زىياپەتلەردە، مېھمانخانىلاردا ئۇنىڭغا ئاز خىزمەت قىلمىغان، ئۇلارنىڭ چاي قۇيغان چاغدىكى يېقىملىق كۈلۈمسىرىشى، تانسا ئوينىغاندا بېلىقتەك شۇڭغۇپ، ئەپچىللىك بىلەن قۇچاققا كىرىشى ئۇنى ھېلىمۇ

روھلاندۇرۇپ، قەلبىگە چەكسىز شېرىنلىك بەخش ئېتەتتى.

ئەخمەت تۇردى شۇ خىل خىيال ئىچىدە ئۇزاق ئويلاندى. لېكىن ھۇپپىدە ئېچىلغان مودەن گۇللەرنى بىر - بىرىدىن پەرق ئەتكىلى بولمىغاندەك، ئۇنىمۇ قىزلار توپى ئىچىدىن پەرق ئېتەلمىدى. دېمەك مودەن گۇللەرنىڭ ھەممىسى گۇل بولغىنىدەك، ئۇمۇ قىزلار دۇنياسىدىكى كىشىنى مەپتۇن قىلىپ تۇرىدىغان قىز ئىدى.

شۇنداقتىمۇ ئۇ ئويلىنا - ئويلىنا ئاخىر ئەقىل تاپتى. ئۇنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلىش ئۈچۈن خېتىنى ئوقۇپ بېقىشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلمامدۇ؟!

ئۇ ئۆز ئەقلىنىڭ ھۇزۇر بەخش ئىلھامى بىلەن خەتنى قولىغا ئالدى. خەت ئۇنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان ھاياجانلىق سۆزلەر بىلەن باشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ تەمكىن تۇرقى، شەيئىلەرگە نىسبەتەن تولىمۇ ئەتراپلىق قارىشى، مەسىلىلەرنى ئۆتكۈر پىچاقتەك كېسىپ - كېسىپ ھەل قىلىشى شائىرانە ھېسسىياتلار بىلەن تەسۋىرلەنگەنىدى. كىچىككىنە بىر گەۋدىدە شۇنداق بىر يالقۇنلۇق تالانتنىڭ يالقۇنلاپ ئوخچۇپ تۇرۇشى ئۇنى بەكمۇ تەسىرلەندۇردى. ئۇ تولۇپ تاشقان ھاياجان ئىچىدە قەلبىنىڭ يېرىمى ھەسەل، يېرىمى قەنت بولۇپ، خەتنى داۋاملىق ئوقۇشقا باشلىدى.

— سىز، — دەپ يېزىلغانىدى خەتنىڭ داۋامىدا، — شۇ چاغدىلا تولۇپ تاشقان تالانتىمنى ئۆتكۈر زېھنىڭىز بىلەن تونۇپ يەتكەنىدىڭىز. ئەپسۇسكى مەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا، ئائىلىنىڭ ئېغىر بېسىمىنىڭ قىستىشى بىلەن قارىمىقىڭىزدىكى كۆزگە چېلىقماس كىچىككىنە بىر ئورۇندا كىشىلەرنىڭ خەت - چەكلىرىنى

تارقىتىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئاددىي خادىم ئىدىم. شۇ چاغدا سىزنىڭ مېنى ئىلھاملاندۇرۇپ، ئىدارىڭىز قارمىقىدىكى بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىدە ئىككى يىل ئوقۇساملا، ئەڭ بولمىغاندا ئوتتۇرا تېخنىكوم سەۋىيىسىگە ئېرىشىپ، دىپلومىنىمۇ قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىم توغرىسىدىكى سۆزلىرىڭىز مېنى بەكمۇ ئۈمىدلەندۈرگەنىدى.
مەن شۇ چاغدا سىز بىلەن پىرقىراۋاتقان ۋالىس مۇزىكىسىنىڭ رىتىمىگە ئەگىشىپ، قەۋەتلىك مەكتىپىڭىزنىڭ پەلەمپەيلىرىدىن بىر - بىرلەپ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك سېزىمگە كەلگەنىدىم... جۇيجاڭ ئاكا! بۇ مېنىڭ چۈشۈم بولۇپ قالمىسىكەن. ئوتتۇرا مەكتەپ دىپلومى كىشىنى خىجىل قىلىدىغان، كۆڭۈلنى بىئاراملىققا سالىدىغان بۈگۈنكى شارائىتتا بۇنىڭ بىلەن ئۈنۋان باھالاش ئىشخانىسىنىڭ بوسۇغىسىغىمۇ بارالمايدىغانلىقىم سىزگە ئېنىق. شۇڭا ئۆز تىلىڭىز بويىچە ئېيتقاندا «ئەڭ بولمىغاندا ئوتتۇرا تېخنىكوم سەۋىيىسىگە» ئېرىشىۋېلىشىم ئۈچۈن بولسىمۇ، ساخاۋەتلىك ئالىقىنىڭىزنى كەڭ ئېچىپ، خىسلەتلىك قولىڭىزنى بىر سۇنسىڭىز. مەن بۇ ياردىمىڭىزگە لايىقىدا جاۋاب قايتۇرىمەن. سىزنى چوقۇم رازى قىلىمەن.

ئەخمەت تۇردى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىقتا تولغان بۇ قىزنىڭ ئىنچام، راۋان، چوڭقۇر مەنىلىك جۈملىلىرى تەكتىدىن قىزنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ، قىزغىن ھېسسىيات ۋە يېلىنىش بىلەن تەلپۈنۈپ تۇرغان چىرايىنى يەنە بىر قېتىم كۆرگەندەك بولۇپ، تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى ئىختىيارسىز ھالدا رەسىمگە سوندى. قىزىق،

بايىلا ئۆتكۈر كىرپىكلىرى ئارىسىدىن خومارلىشىپ، نېمىنىدۇر بەخش ئېتىشكە تەييار تۇرغان بۇ كۆزلەر ئەمدى نېمىشقىدۇر يېلىنىش، يالۋۇرۇش بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى. بۇنداق كۆزلەرگە كىممۇ ئېتىبارسىز قارالىسۇن، كىممۇ ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ قاچالىسۇن.

ئەخمەت تۇردىنىڭ قەلبىدىمۇ ھېسداشلىق تۇيغۇسى جۇش ئۇرۇپ، بۇ ئاددىي، يوللۇق تەلەپنى مەكتەپكە يوللىماقچى بولدى. بۇ يوللاش گەرچە باشلىقلىق سالاھىيىتى بىلەن بولمىسىمۇ، ئەينى چاغدا ئۆز قولى بىلەن ئۆستۈرگەن مەكتەپ مۇدىرى ئەلۋەتتە ئۇنىڭ يۈزىنى قىلىدۇ - دە!

ئەخمەت تۇردى ئۆز قارارىنىڭ خۇشاللىقى بىلەن ئېغىر بىر يۈكنى ئۈستىدىن ھالقىتىپ تاشلىۋەتكەن كىشىدەك يەڭگىللىنىپ سافاغا يۆلەندى ۋە بارماقلىرى ئارىسىدىن قاس چىقىرىپ راھەتلىنىپ كېرىلدى.

ئاھ، باشقىلارغا خىزمەت قىلىشنىڭ ھۇزۇرى نېمىدېگەن لەززەتلىك! ئۇ ياشلىقىدا بۇنداق لەززەتتىن خېلى كۆپ بەھرىمەن بولغان. بىراق كېيىنكى مەزگىللەردە ئۇنىڭ ھۇزۇر بەخش تەمىنى ئۇنتۇپ قالغانىكەن.

ئۇ ھاياجان ئىچىدە خەتنىڭ ئاخىرىغا تىكىلدى - دە، بىردىنلا قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، كۈلكە ئويناپ تۇرغان چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. ئاپلا... بۇ، بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن يېزىلغان خەت ئىكەن ئەمەسمۇ، ئۇ نېمىشقىمۇ شۇ چاغلاردا ئۆزىگە كەلگەن خەتلەرنى ئېچىپ كۆرۈپ باقمىغان بولغىيدى؟!

ئاھ، يىللار نېمانچىمۇ ئالدىراشلىق بىلەن ئۆتكەن بولغىيدىڭ؟ ئۇنى تۆرەلدۈرۈپ، ئۆز قوينۇڭدا ئۆستۈرۈپ

ئەمەلدار قىلدىڭ، يەنە ھەش ـ پەش دېگۈچىلا ئۆنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئاخىرقى ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقىمۇ ئىمكانىيەت بەرمىدىڭ. سەندە كىشىلەرنى بەنا قىلىپ، ئۆستۈرۈپ ۋە يەنە قېرىتىپ ھالاك قىلغانغا ئوخشاشلا، ھالاك بولغانلارنى قايتا تۆرەلدۈرۈپ قاتارغا قوشۇش ئىقتىدار بولسا ئىدى، ئۇ ئىككىنچى قېتىم دونياغا كەلگەندە ئۆز ھاياتىنى ھەرگىزمۇ پۇشايمان بىلەن ئۆتكۈزمىگەن بولاتتى. شۇنداق قىلالارسەنمۇ!

1993 ـ يىل

# پۇل خەجلىمەيدىغان ئادەم

## I

مەن بىر شوپۇر بىلەن سەپەرداش بولۇپ قالغانىدىم، ئۇ يىگىرمە بەش ياشلار چامىسىدىكى ئوچۇق كۆڭۈل، گەپدان يىگىت ئىدى. سۆھبەت ئارا مېنىڭ ئانچە ـ مۇنچە بىرنېمە يازىدىغانلىقىمنى بىلىپ قىلىپ، ئوقۇغان كىتابلىرى توغرىسىدا كىتابخان سۈپىتىدە ئۇنى ـ بۇنى دەپ بىر ھازا مۇھاكىمە يۈرگۈزگەندىن كېيىن، ئۇشتۇمتۇتلا بېشىدىن ئۆتكەن بىر ۋەقەنى ھېكايە قىلىپ قالدى. مەن بۇنى ئۆز تىلى بىلەن تۆۋەندىكىچە رەتلەپ چىقتىم.

— تۇرمۇشنى سەھنىگە ئوخشىتىش توغرا كەلسە، ئۇنىڭدا ئوينىلىپ تۇرىدىغان ئاجايىپ ـ غارايىپ ئويۇنلارنى ھەم بۇ ئويۇنلارنىڭ خىلمۇخىل مىجەزلىك قەھرىمانلىرىنى بەلكىم سىلەر يازغۇچىلار تەسەۋۋۇرىڭلارغىمۇ سىغدۇرالماسلىقىڭلار مۇمكىن. مەن سىزگە شۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي. دېمەكچى بولغىنىم، بۇ ھېكايە بولامدۇ ـ بولمامدۇ؟ ئۆزىڭىز ئويلىنىپ بېقىڭ. ئەگەر ھېكايە بولۇپ قالسا، بۇنىڭ بىۋاستە شاھىتى بولۇش سۈپىتىم بىلەن سىلەرنىڭ تىلىڭلار بويىچە ئېيتقاندا مەنمۇ بۇ ۋەقەنىڭ قەھرىمانلىرىدىن بىرى بولۇپ قالىمەن.

ئالدىنقى يىلنىڭ 12 ـ ئاي مەزگىللىرى ئىدى. مەن

ئاق قار، كۆك مۇزغا قاپلانغان ئۈرۈمچىگە يۈك ئېلىپ بېرىپ، بىر يۇرتلۇقۇمنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇ يۇرتتا كېتىدىغان بىر تونۇشىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ، قايتىشىمدا ئۇنى ئالغاچ مېڭىشىمنى ئىلتىماس قىلدى. مەن بىر ئادەمنىڭ كارى چاغلىقتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پاراڭلىشىپ مېڭىشقىمۇ بىرەرسى بولغىنى تۈزۈك ئەمەسمۇ، دېگەن ئوي بىلەن:

— چاتاق يوق، قايتقۇچە ئۆيۈڭگە يولۇقاي، — دېدىم.

مەن دېگىنىمدەك قىلدىم. ماشىنامغا ئولتۇرۇۋالماقچى بولغان ئادەممۇ شۇ ئۆيدە ئىكەن. ئۇ ئۇچىسىغا قارا كۆك كونا چېپەرقۇت چاپان، بېشىغا توكلىرى چۈشۈپ، تېگى كۆرۈنۈپ قالاي دەپ قالغان قارا ئەلتىرە قۇلاقچا كىيىۋالغان 45 ياشلار چامىسىدىكى ئاق سېرىقتىنە كەلگەن چېقىر كۆز، جىۋەك ئادەم بولۇپ، نېمىشقىدۇر تاتىراڭغۇ، خۇنۈك چىراي كۆرۈنەتتى. ئۇ مەن بىلەن سالاملىشىپ دەرھال يولغا چىقىدىغانلىقىمنى بىلگەندىن كېيىن ئۆي ئىگىسىنىڭ ياردىمى بىلەن قارا كىگىزگە يۆگىلىپ، سىرتىدىن ئارغامچا بىلەن ماتالغان ئېغىر تېڭىقنى كوزۇپتىكى سېمونت خالتىلىرىنىڭ ئۈستىگە ئاۋايلاپقىنا چىقاردى. ئىككى مېتىرغا يەتمىسىمۇ بىر يېرىم مېتىردىن ئارتىدىغان ئۇزۇنلۇقتىكى بۇ تېڭىققا قاراپ، «نېمىشقا جەسەت يۆگىگەندەك ئۇزارتىۋەتكەندۇ، پەممۇ يوق بىرنېمە ئوخشىمامدۇ بۇ» دېگەنلەرنى كۆڭلۈمدىن كەچۈرۈپ، ئىچىمدە كۈلدۈم.

— سودىگەر ئوخشىمامسىلەر بۇرادەر، — دېدىم يۇرتلۇقۇم بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىققاندىن كېيىن يېنىمدا

ئولتۇرغان خوتۇنۇك چىرايىغا بۇرۇلۇپ.

— ياقەي، — دېدى ئۇ تاتىرىپ.

— ئەمىسە شوتچىلىك چوڭ تېڭىقنى نېمىگە ئېلىپ ماڭىسىلەر؟

— ئەمدى. . . ئەمدى، — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ، — تىرىكچىلىك بولغاندىكىن، ئۇنى - بۇنى ئالغۇسى كېلىدىكەن كىشىنىڭ.

— قارىغاندا ئانچە بوش ئەمەستەك قىلىسىلەر، — دېدىم مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇزلۇكسىز چېقىشقىم كېلىپ، — ئۇچۇرنى ئاشكارىلاپ قويماي دەۋاتىسىلەرغۇ تايىنلىق.

— نېمە ئۇچۇرنى دەيدىلا، — دېدى ئۇ تېخىمۇ تاتىرىپ، — گەپلىرىنى زادىلا چۈشەنمىدىم.

— خوپسەنلىك قىلماڭلار، بۇرادەر، ئۇچۇر دېگەن سىلەردەك ئېلىپساتارلارنىڭ جېنى تۇرسا، چۈشەنمىدىم دېگىنىڭلار نېمىسى؟! راستىنلا ئىچىڭلار پىششىق سودىگەر كەنسىلەر.

ئۇ چېقىشىشلىرىمغا نارازى بولغان قىياپەتتە چېقىر كۆزلىرى بىلەن ماڭا لاپپىدە بىر قارىدى - دە، بارغانسېرى ئارقىدا قېلىۋاتقان شەھەرنىڭ ئاق قارغا كۆمۈلگەن دالالىرىغا تىكىلىپ تۇرۇۋالدى.

مەن غەلىتە مىجەزلىك بۇ ئادەم بىلەن چېقىشىشۋېرىشتىن يالتىيىپ، ماي بېسىمىنى كۆچەيتىپ، ماشىنامنىڭ تېزلىكىنى ئاشۇردۇم - دە، ئادىتىم بويىچە ئۇنىڭ رىتىملىق گۇرۇلدىشىگە ئەگىشىپ، توگىمەس ناخشىلىرىمنى غىڭشىشقا باشلىدىم.

ماشىنا دېگەنمىغۇ ئېسىل نەرسە، بولۇپمۇ هازىرقىدەك

ئۇستىگە ئاسفالت يېيىتىلىپ، ئۇ ئۇپۇقتىن بۇ ئۇپۇققا يىپتەك سوزۇلغان تەپتەكشى يوللاردا بىر خىل رىتىملىق ساپ، پاكىز ئاۋازى بىلەن كۆڭلۈڭنى ئاۋۇندۇرۇپ، جىسمىڭنى شاھ تەختىدەك ئاسايىشلىقتا ئالغا ئېلىپ بارىدۇ. مۇشۇنداق چاغلاردا قانىتىڭ بولمىسىمۇ، قانات چىقىرىپ ئۇچۇۋاتقاندەك، ئارقىدا قېلىۋاتقان دەل - دەرەخ، تاغ چوققىلار بىلەن بەيگىگە چۈشۈپ، ئۈزلۈكسىز ئۆزۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇدا ئۆزۈڭنى مەغرۇر ۋە يېڭىلمەس چەۋەندازدەك ھېس قىلىسەن. بۇ خىل تۇيغۇ ماشىناڭغا بولغان مۇھەببىتىڭنى ئاشۇرۇپ، كەسپىڭگە بولغان غۇرۇرلىنىشىڭنى ئوتتەك يالقۇنلىتىدۇ. ئۇزاققا ماڭغان شوپۇرغا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق سىرداش ھەمراھ بولامدۇ.

مەن ئۆز خىيالىم ۋە مۇزىكىدەك بىر خىل رىتىملىق ۋىڭىلداشقا تەڭكەش قىلىپ، دىمىقىمدا غىڭشىپ ئېيتىپ كېتىۋاتقان تۈگىمەس ناخشىلىرىمنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشىدا يېنىمدىكى ھەمراھىمنى ئۇنتۇپ، «ئاغى بۇلاق» نىڭ كۆككە تاقاشقان ئېگىز - پەس تاغ يوللىرىدىنمۇ قۇشتەك ئۆتۈپ، كۆمۈشكە كېلىپ قالغانلىقىمنىمۇ سەزمەي قالدىم. قارىسام، ھېلىقى غەلىتە مىجەزلىك ھەمراھىم تېخىچىلا مەندىن يۈزىنى قاچۇرۇپ ئەتراپقا تىكىلگىنىچە كېلىۋېتىپتۇ. لېكىن، بىر قولى قويۇن يانچۇقىدا بولۇپ، قانداقتۇر بىر نەرسىنى ساناۋاتقاندەك رىتىملىق قىمىرلاپ، لەۋلىرىمۇ نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىغاندەك قىلاتتى. تاتىراڭغۇ چىرايى بولسا، قويىنىدىكى شۇ نەرسىنىڭ شىرىقلىشىنى ئاڭلاۋاتقاندەك بىر خىل سۈكۈناتتا قېتىپ قالغاندى. دېمەك ئۇمۇ ئۆز كەسپىگە تەئەللۇق خىياللار بىلەن سىرداشماقتا. كىرىم - چىقىم

ئۈستىدە باش قاتۇرماقتا. بۇنىمۇ ئۆز كەسپىگە بولغان مۇھەببەت دېيىش كېرەك ئەلۋەتتە.

ماشىنام ئالدى چوڭ - كىچىك ماشىنىلار بىلەن تولۇپ كەتكەن قاتار ئاشخانىلارغا يېقىنلاشتى. شۇندىلا مەن قورسىقىمنىڭ ئاچقانلىقىنى سېزىپ، سۈرئەتنى ئاستىلاتتىم - دە، بىر ئاشخانىنىڭ ئالدىغا يانداپ توختاتتىم.

— چۈشۈڭلار بۇرادەر، قورساققا گاڭ باغلىۋالايلى.

— ھېچلا تاماق يېگۈم يوق، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك ئاۋازنى ئارانلا چىقىرىپ، — قورسىقىممۇ ئاچماپتۇ.

— قورسىقىڭلار ئاچمىسا، چاي - پاي بولسىمۇ ئىچمەمسىلەر، يۈرۈڭلار.

— ئۇسسىمىدۇم.

— يا قورسىقىڭلار ئاچمىسا، يا ئۇسسىمىساڭلار، بەدىنىڭلار تۆمۈردىن يارالغان ئوخشايدۇ سىلەرنىڭ. مەيلى ئەمىسە، ماشىنىغا قاراپ ئولتۇرۇڭلار.

مەن ماشىنىغا قاراشقىلا يارىتىلغاندەك بىر پىدائىيگە ئېرىشكىنىمگە ئىچىمدە خۇش بولۇپ، قورسىقىمنى ئالدىرىماي تويغۇزۇپ، بىر چوڭ چىنە دەملىگەن چاينى ئىچكەچ، بارماقتەك بىر يۆگەمنى چېكىۋېتىپ، ئاندىن رولغا چىقتىم. قارىسام، ھېلىقى كىشى قاتتىق - قۇرۇق نانلىرىنى غاجاپ ئولتۇرغانىكەن. مېنى كۆرۈپلا نانلىرىنى نەلەرگىدۇر يوشۇرۇپ، ئالدىغا قاراپ جىممىدە ئولتۇرۇۋالدى. مەن ئۇنىڭ بۇ كۈلكىلىك قىياپىتىگە قاراپ، «شۇنچە پۇل تېپىپمۇ قاتتىق نان غاجىغىنىڭلار نېمىسى» دېمەكچى بولدىم - يۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇنداق چاقچاقلارغا

ھېرىسمەن ئەمەسلىكىنى سېزىپ، ئۈن - تىنسىزلا ماشىنامنى ئوت ئالدۇردۇم. بەلكىم ئۇ مەن ئويلىغاندەك پۇل تېپىشنى بىلىپ، خەجلەشكە قىيمايدىغانلاردىندۇ ياكى ماشىنىدىكى يۈكىدىن ئەنسىرەپ، شۇنداق قىلىۋاتقاندۇ. مەن ئالغا قاراپ كېتىۋېتىپ، ئۇنى تاماقمۇ يېمەي قاراشقا مەجبۇر قىلغان ھېلىقى تېڭىقىدا زادى قانداق قىممەتلىك نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى سوراپ بېقىشنى ئويلىغان بولساممۇ، يەنىلا ئۇنىڭ مىجەزىدىكى غەلىتىلىكنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، ئېغىز ئاچقۇم كەلمىدى. شۇ كۈنى كەچقۇرۇن پېنسىيىگە چىققان بىر تاشيول ئىشچىسى كەنتكە يېقىن چۆللۈككە قۇرۇۋالغان مېھمانخانىغا بېرىپ چۈشتۈم، ئىلگىرى بۇ ئەتراپتا ھېچقانداق ئۆتەڭ يوق ئىدى. قاچانكى شۇ ئىشچى پېنسىيىگە چىقىپ، بۇ يەرگە ئوتتۇز - قىرىق كارىۋاتلىق مېھمانخانا بىلەن ئازادە بىر ئاشخانا سېلىپ، تىجارەت باشلىغاندىن كېيىن، ھېلىقى كەنتتىكى دېھقانلارمۇ بىر - بىرلەپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يول ياقىسىغا ئاشخانا، ماگىزىنغا ئوخشاش ھەر خىل تىجارەت بوتكىلىرىنى قۇرۇپ، بۇ يەرنى خېلىلا قايناق كالتە بازارغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بازار باشقۇرۇش، ئامانلىق ساقلاش ئورۇنلىرىمۇ ۋەكالىتەن ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇپ، بۇ يەرگە ھەقىقىي بازار تۈسىنى بەردى.

مېنىڭ بۇ يەردە قونىدىغانلىقىمنى بىلگەن ھەمراھىم مېھمانخانا ئالدىدىكى ئوچۇقچىلىقتا توختىتىلغان ماشىنامغا تىكىلگەنچە خىيالغا پاتتى. مەن ئۇنى يەنىلا ھېلىقى تېڭىقتىن ئەنسىرەۋاتسا كېرەك، دېگەن ئوي بىلەن:

— تېڭىقىڭلاردىكى دۇنيانىڭ يوقىلىپ كېتىشىدىن

ئەنسىرەۋاتامسىلەر نېمە؟ خاتىرجەم بولالمىساڭلار ياتاققا ئەكىرىۋېلىڭلار، لېكىن بۇ يەردە ماشىنىغا قارايدىغان ئادەم بار، — دېدىم.

— شۇنداق، كېچىچە ئۇخلىماي كۆزەت قىلىدىغان كىشىمىز بار، — دېدى كۇلۇمسىرىگىنىچە ئالدىمىزغا چىقىپ كەلگەن خوجايىن. بۇ ھېلىقى پېنسىيىگە چىققان تاشيول ئىشچىسى ئىدى. ئۇ مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ھەمراھىم بىلەنمۇ قەدىناسلاردەك قىزغىن كۆرۈشۈپ، سەمىمىيلىك چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى، — خاتىرجەم ئۇيقۇلىرىنى ئۇخلاۋەرسىلەر تۇغقان، خۇدايىم بۇيرۇسا، بۇ يەردىن ھازىرغىچە ھېچنېمە يىتۈپ باقمىدى. بۇنى كۆزەتچىمىزنىڭ ئۆز خىزمىتىگە سادىقلىقىدىن دەپ چۈشەنسىلە بولىدۇ. قاچانلا قارىسىلا، ئۇنىڭ جۈۋىسىغا ئورۇنۇپ، ئەتراپنى پىرقىراپلا يۈرگەنلىكىنى كۆرىدىلا. . . قانداق دەيدىلا؟

خوجايىننىڭ سوئالىدىن ئاخىرقى ئىختىيارلىقنى يەنە ئۇنىڭغا بەرگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. دېمىسىمۇ، گەپ دېگەن شۇنچىلىكلا بولىدۇ ـ دە! مەنمۇ ئىختىيارنى ئۇنىڭغا بېرىپ، تاماقخانىغا ماڭدىم. ئۇمۇ ھايال ئۆتمەي كەينىمدىن كىرىپ كېلىپ، مەن ئولتۇرغان جوزىنىڭ قارشى تەرىپىدە قورۇنۇپراق ئولتۇردى. ئۇ گەرچە ئىسسىق كابىنكىدە راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر، توڭۇپ كەلگەن ئادەمدەك ئىچ ـ ئىچىدىن تىترەپ، جۈۋەك گەۋدىسى كىچىكلەپ كېتىۋاتقاندەك پۇكۇلۇپ قالغانىدى. بۇنىڭدىن قورسىقىنىڭ ئېچىپ، پۇت ـ قولىدا ماغدۇر قالمىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى. مەن ئۇنىڭ

بۇ ھالىغا قاراپ، يا كۈلەلمەي، يا تېرىكەلمەي، ئىچىمدە «توۋا» دېگىنىمچە، يانچۇقۇمدىن قەغەز چىقىرىپ تاماكا يۆگەشكە تۇتۇندۇم. ئاشخانا خىزمەتچىسى پاكىز چايقالغان ئىككى پىيالە بىلەن بىر چاينەك چاي ئەكىلىپ، پىيالىلەرنى تولدۇرغاندىن كېيىن بىزگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى:

— نېمە تاماق يەيسىلەركىن؟

مەن ھەمراھىمغا قارىدىم:

— نېمە تاماق يېسەك بولار؟

— مەن سۈيۈقئاش ئىچەيمىكىن.

— قويۇڭلا ئاكا، — مەن ئەمدى راستىنلا تېرىكتىم، —ئەتىگەندىن بېرى يېگىنىڭلارنىڭ تايىنى يوق، يەنە شۇ قورساقتا تۇرمايدىغان نەرسىنى ئىچمەكچىمۇ؟

— «ياتار قورساق، كېتەر قورساق» دەپتىكەن، — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ، — يەپلا ياتىدىغانغا پۇلنى بۇزۇپ نېمە قىلىمىز.

— «توخۇ سەمرىسە كۆتى پۇرۇلۇپتۇ» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەندە كونىلار. شەمۇشە قاتناپ پۇل تېپىۋاتقان ئوغۇل بالىنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان گەپنى قارا. بولدى، بۇزۇلسا مېنىڭ پۇلۇم بۇزۇلسۇن، گويۇرۇ لەڭمەن يەيلى. قېنى ئۇكام ئىككى تەخسە گويۇرۇ لەڭمەن ئەكىلىڭ.

مەن ئاچچىقىمدا تاماكىنى كەينى - كەينىدىن بىرنەچچىنى شوراپ، ئىسنى تورۇسقا پۈۋلىدىم. ئىس تورۇسنىڭ يالتىراق قەغەزلىرىگە سۈركىلىپ، ھەش - پەش دېگۈچە ئەتراپقا تارقىلىپ غايىب بولدى. تەلىيىمگە ئاشخانىدا ئىككىمىزدىن باشقا مېھمان يوق ئىدى. بولغان بولسا، بىلەتتىسىز ئۇيۇن قويۇپ بەرگۈچىلەردىن بولۇپ قالاتتۇقكەن - دە.

مەن چوپچوڭلا كىشىگە ئورۇنسىز ئازار بېرىپ قويغىنىمغا پۇشايمان قىلىپ، ئۇنىڭغا ئەپۇ سوراش نەزىرىدە تىكىلدىم. ئۇ ئوڭايسىزلانغىنىدىن تېخىمۇ مۇكچىيىپ، ھەتتا ئىلگىرىكىدىن بىرقانچە ياش قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

شۇ كۈنى ئىككىمىز بىر ياتاقتا ياتتۇق، لېكىن پارىڭىمىز يەنىلا قولاشمىدى. ئوچوقىنى ئېيتقاندا نېمىلا دېسەم خۇدۇكسىرەپ، تاتىرىپ تۇرىدىغان بۇ ئادەمدىن رايىم قايتتى. شۇنىڭ بىلەن يوتقانغا كىردىم - دە، يۈزۈمنى تامغا قىلىپ ئۇيقۇغا كەتتىم.

تاڭ ئاتتى، ئالدىراپ ئورنۇمدىن تۇردۇم - دە، ئۇنى ئويغىتىپ قويۇپ، ماتورنى قىزىتىش ئۈچۈن ماشىنامنىڭ يېنىغا ماڭدىم. شۇ ئەسنادا ھەمراھىمنىڭ ئەنسىزلىك چىقىپ تۇرىدىغان تاتىراڭغۇ چىرايى كۆز ئالدىمغا كەلگەندەك قىلىپ ئۇنىڭ كۆز - قۇلاق بولۇپ كېلىۋاتقان تېڭىقىغا قاراپ باقماقچى بولدۇم. ئاھ، ئۆز كۆزۈمگە ئۆزۈم ئىشەنمەي، كوزۇپقا ئېسىلغىنىمچە تۇرۇپلا قالدىم. ئۇنىڭ سېمونت خالتىلىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان تېڭىقى يوق ئىدى. نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي، خوجايىنىنىڭ خانىسىغا چاپتىم. ئاڭغىچە ھەمراھىم چىقىپ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپتى - دە، ئۆلۈكتەك تاتىرىپ، لاغىلداپ تىترىگىنىچە تۇرغان جايىدىلا ئولتۇرۇپ قالدى. خوجايىن ئىككىمىز ئۇنى يۆلەشتۇرۇپ ياتاققا ئېلىپ كىردۇق، قىزىق چاي ئىچۈرۈپ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى تاپىلاپ، كۆزەتچىنى ئىزدەپ چىقتۇق. كۆزەتچى ئەتراپتا يوق ئىدى. ئاخىر بىز ئۇنى ئۆز خانىسىدا جۇۋىسى بىلەنلا كارىۋاتقا تاشلىنىپ، قاتتىق ئۇخلاۋاتقان

هالەتتە تاپتۇق. قاتتىق غەزەپكە كەلگەن خوجايىن ئۇنى مۇرىسىدىن بۇركۈتتەك قاماللاپ، زەرب بىلەن تارتىپ، يېرىم تۇرغۇزدى - دە، كېلىشتۈرۈپ بىر شاپىلاق سالدى. بۇ تۇيۇقسىز زەربىدىن گاڭگىراپ كەتكەن يىگىت ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئۇيان - بۇيان دەلدۈگۈنۈپ، خوجايىننىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. خوجايىن ئەمدى ئۇنى ياقىسىدىن ئالدى.

— ۋۇي، خۇمپەر، كاززاپ، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان لايغەزەل.

مەن بۇ خوجايىننىڭ ئۆز خىزمەتچىلىرىگە بولغان مۇئامىلىسىنىڭ قوپاللىقتا تولىمۇ چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكىگە تاقەت قىلالماي، دەرھال ئارىغا كىردىم.

— ئۇستام ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، ئۇنداق قوپاللىق قىلماڭ.

— ئەمىسە بۇنى سالغان زىيىنى ئۈچۈن مەڭزىدىن سىيلاپ، پېشانىسىگە سۆيۈپ قويسام بولىدىكەندە، — خوجايىن تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ ئۇنىڭغا تىكىلدى، — ئېيتە، نېمىشقا كۆزەتچىلىكىڭنى قىلماي، ئىتتەك ئۇۋاڭغا تىقىلىۋالدىڭ، ئەمدى يىتكەن نەرسىلەرنى كىم تۆلەيدۇ؟

يىگىت ئاستا - ئاستا ئېسىنى يىغىشقا باشلىدىمۇ ياكى ئەھۋالنى ئەمدىلا چۈشىنىپ يەتتىمۇ، ھاڭ - تاڭلىقتىن چەكچىيىپ قالغان كۆزلىرى بىردىنلا ۋەھىمىلىك تۈس ئېلىپ، چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى.

— نېمە، بىرنەرسە يىتىپتىما؟

— ئەلۋەتتە. مانا بۇ ئۇستامنىڭ ماشىنىسىدىكى كىگىزگە ئورالغان تېڭىق يوق.

يىگىت قاتتىق چۆچۈگىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، سىرتقا ئۆزىنى ئاتتى. بىزمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، تالاغا چىقتۇق، يىگىت توپتوغرا ماشىنامىنىڭ يېنىغا كېلىپ، چاقنى دەسسەپ كوزۇپقا ئېسىلدى. ئەھۋالغا قارىغاندا خوجايىندىن ئاڭلىغانلىرىنىڭ يالغان بولۇشىنى تىلىمەكتە ئىدى. بىراق رەھىمسىز رېئاللىق ئۇنى نائۈمىد قويدى. ئۇ كوزۇپ ئىچىگە ئۈن - تىنسىز بىر هازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن بېشىنى ساڭگىلاتقانچە قايتىپ چۈشتى - دە، بىرەر ئىز تېپىلىپ قالارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە، ماشىنىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىشقا باشلىدى، دەرۋەقە ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىككى كىشىنىڭ ئىزىنى ئىلغا قىلالىدى. بۇ ئىزلار ماشىنىنىڭ يان تەرىپىدىن كېلىپ، تېغىقنى يەرگە چۈشۈرۈپ، توپتوغرا ئاسفالت يولغا كىرىپ يوقالغان. بۇ يوقىلىشنى كېچىچە ماڭغان ماشىنىلار ئۆچۈرۈۋەتكەن ياكى ئوغرىلىغۇچىلار يۈكنى دەل مۇشۇ يەردە ماشىنىغا بېسىپ ئېلىپ كەتكەن، دەپ پەرەز قىلىشقىمۇ بولاتتى. كۆزەتچى يىگىت ئىز يوقالغان جايدا بىر هازا تېڭىرقاپ تۇرغاندىن كېيىن ئەھۋالنى ساقچىغا مەلۇم قىلىش ئۈچۈن كەتتى. تېخى ئەتىگەنىدى، ساقچىلار قاچان ئىشقا چۈشۈپ بۇ يەرگە يېتىپ كەلگۈچە كەم دېگەندە ئىككى سائەتچە ساقلىشىمىز كېرەك ئىدى. شۇڭغىچە قورسىقىغا بىر قاچا تاماق ئېلىپ يېيىشكىمۇ قىيمايدىغان ھەمراھىمنىڭ بۇ يوقىتىشقا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىغا كۆزۈم يېتىپ، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇشنى ئەڭ زور تەسەللى دەپ ئويلاپ، بىرەر يىپ ئۇچىغا ئېرىشمىگۈچە ئۇنى تاشلاپ كەتمەيدىغانلىقىمنى قايتا - قايتا بىلدۈردۈم. خوجايىنمۇ چىرايلىق گەپلەر بىلەن كۆڭلىنى

ياساپ، بىرقانچە خىل سەي قورۇتۇپ، بىزنى مېھمان قىلدى. تېخى، بىر بوتۇلكا ئىلى ئالىي ھارىقىنىمۇ تىكلەپ قويدى.

— ئۇستام، — دېدى ئۇ ھەمراھىمغا كۈلۈمسىرەپ قارىغىنىچە سىپايىلىك بىلەن، — قايغۇرساقمۇ، قايغۇرمىساقمۇ بولىدىغان ئىش بولۇۋېرىدۇ. دېمەكچى بولغىنىم، بىردەم بولسىمۇ، باشلىرىغا كەلگەن كۆڭۈلسىزلىكنى ئۇنتۇشلىرى ئۈچۈن سىلى بىلەن ھەمدەستۇرخان بولغۇم كېلىپ قالدى. ئەيىبكە بۇيرۇماي ياخشى كۆڭلۈم ئۈچۈن قولۇمنى قايتۇرمىسىلا.

خوجايىن بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئىككى پىيالىغا بولدۇقلىتىپ قۇيدى-دە، بىرىنى ئۆز قولىغا ئېلىپ، بىرىنى ھەمراھىمغا تەڭلىدى. مەن ھەمراھىمنى ئىچمەيلا قالماي، «ئېشەك ئۆلسە، كۆتى غېجەك تارتىپتۇ» دېگەندەك نېمە ئادەمنى مازلاشتۇرىسەن، دەپ توۋلىۋەتمىگىدى، دەپ ئويلاپ، «ئاجايىپ ئىش قىلدىلا بۇ ئۇستام» دەپ تۇرۇۋشۇمغا، ھەمراھىم ئۇن - تىنسىزلا چىنىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشتۇرۇپ ئىچىۋەتتى.

— قېنى، سەيدىن ئالسىلا.

خوجايىن ھەمراھىمنى تولىمۇ سىپايىلىك بىلەن سەيگە تەكلىپ قىلىپ، چىرايلىق كۈلۈمسىرىدى، مەن ئىككىسىگە قاراپ تولىمۇ ھەيران قالدىم. سەۋەبى خوجايىننىڭ كۆزەتچىنى ئۇرغان چاغدىكى ئەلپازىدىن قىلچە ئەسەر قالمىغان بولسا، ھەمراھىمنىڭمۇ ئەتىگەنكى بىھوشلۇقىدىن ئىزنا قالمىغانىدى.

— ئۆزلىرىمۇ ئىچىپ قويامدىلا ئۇستام.

مەن رول تۇتىدىغانلىقىمنى ئەسكەرتىپ، تەكلىپنى رەت قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەنە بىللە كۆتۈرۈۋەتتى. مەن تېخىچىلا ھەيران ئىدىم، خوجايىنغۇ ھەمراھىمنىڭ ئاچچىقىنى بېسىش ئۈچۈن ئىچىۋاتقاندۇ، ھەمراھىم نېمىگە ئىچىۋاتقاندۇ؟

ئىككى چىنە ھاراق ھەش - پەش دېگۈچە ئۇلارنىڭ چىرايىغا تېپىپ چىقتى. ھەمراھىم تەرلەپ - تەپچىگىنىچە ئالدىدىكى نېسۋىلىرىنى چوكا بىلەن قىسىپ، ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى. تۈنۈگۈن كەچكىچە ھېچنېمىگە كۆڭلى تارتمىغان ھەمراھىمنىڭ ناشتىلىقىنىڭ ياخشىلىقىغا قاراپ، بەلكىم تۈنۈگۈنكى ناشتىلىقىمۇ مۇشۇنداق بولغان بولسا كېرەك، دېگەنلەرنى كۆڭلۈمدىن كەچۈرۈپ، بۈگۈن كەچكىچىمۇ پۇلىنى بۇزمايدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى.

لېكىن، نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇنىڭغا يەنە ئىچىم ئاغرىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ تېڭىقىدىكى نەرسىلەر بەلكىم پۈتۈن دەسمايىسىنىڭ جۇغلانمىسىدۇر، ھازىرچە ئۇ خوجايىننىڭ تىلىگىنىدەك بېشىغا كەلگەن كۆڭۈلسىزلىكىنى ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئۇنۇتقىنى بىلەن كەيپى يانغاندىن كېيىن ئىچىگە ئېلىپ كېتىپ ساراڭ بولۇپمۇ قالارمۇ؟ ئاھ، ھاراق، دەردىگە دەرمان بولغان بۇ ھاراق ئۇنىڭغا مەڭگۈ ھەمراھ بولۇپ قالسا، بەلكىم ساراڭ بولۇپمۇ كەتمەس.

ئۇلار بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئىچىپ تۈگەتتى، خوجايىن يەنە بىر چىنىدىن شورپا بۇيرۇتتى، شورپىلار ئىچىلىپ بولۇشى بىلەن كۆزەتچى يىگىت يېتىپ كەلدى. ئۇ ساقچىلارنىڭ بۇ ئىشقا تولىمۇ ئېرەڭسىز قارىغانلىقى ئۈستىدىن كايىپ، پەقەت تىزىملاپ قويغانلىقىنىلا ئېيتتى.

— ئەمسە بۇ ئىشنى قاچان سۇرۇشتۇرگۇدەك، — دېدى خوجايىن ئاچچىقلاپ.

— بۇنىڭ ئۈچۈن يىپ ئۇچى بولۇشى كېرەككەن، — دېدى كۆزەتچى يىگىت دۇدۇقلاپ، — ئەگەر يولدىن ئۆتكەن ماشىنىلار ئېلىپ كەتكەن بولسا، بۇ چاققىچە يا ئۇرۇمچىگە، يا خوتەنگە يېتىپ باردى، ئۇنى بىز نەدىن ئىزدەيمىز، دەيدۇ تېخى.

— شۇمۇ گەپ بوپتۇمۇ، — دېدى خوجايىن تىرىكىپ، — ساقچىلارنىڭ ئىشى شۇ تۇرسا، نەدىن ئىزدىسە، ئىزدىمەمدۇ.

— مەنمۇ شۇنداق دېدىم، لېكىن ئۇلار ئەجرىنى كۆتۈرسە بولىدۇ ئۇكام، ئۇنىڭ ئىچىدە زادى نېمە باركەن، دېۋىدى، بىرنېمە دەپ بېرەلمىدىم.

ھەممىمىزنىڭ كۆزى تېگىقنىڭ ئىگىسىگە تىكىلدى. ئۇ گۇناھلىق ئىش قىلغان كىشىدەك كۆزلىرىنى يەرگە تىكىپ، بىرھازا ئۇندىمەي تۇرۇۋالغاندىن كېيىن بىردىنلا قولىنى سىلكىدى.

— تەقدىر شۇنداق ئوخشايدۇ ئاغىنىلەر، بولدى، خۇدايىمغا تاپشۇردۇم، سۇرۇشتە قىلماي قويۇڭلار.

ئۇ راستىنلا شۇنداق قارارغا كەلگەنمىدۇ ياكى ھېلىقى ئۇچ پىيالە . . . شۇنداق دېگۈزۈۋاتامدىغاندۇ؟ مەن قانداقلا بولمىسۇن نېرۋىلىرىمنىڭ سەگەكلىكى بىلەن ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مەسلىھەت بېرىپ قويۇشۇمنى ئۆزۈمنىڭ بۇرچى دەپ ھېسابلاپ، ئۇنىڭ پېشىنى تارتتىم.

— ئۇنداقمۇ ئالدىراپ كەتمەڭلار بۇرادەر، ئەڭ بولمىغاندا بۇ يەردە بىر - ئىككى كۈن تۇرۇپ ئەھۋالنى

ئىگىلەپ بېقىڭلار، بەلكىم بىرەر يىپ ئۇچى چىقىپ قالار.

— شۇنداقلا قىلىمەن دېسىلە، — دېدى خوجايىن مېنىڭ سۆزۈمنى قۇۋۋەتلەپ، — ياتاق، تاماقنىڭ غېمىنى قىلمىسىلىمۇ بولىدۇ، ھەتتا قايتىدىغان چاغدىكى يول راسخوتلىرىنىمۇ مانا مەن ئۈستۈمگە ئالىمەن.

— شۇنداق قىلسىلا، — دېدى كۆزەتچىمۇ ئارىغا كىرىپ، — نەرسىلىرى تېپىلغۇچىلىك مانا مەن سىلىگە مېڭىشىپ بېرىمەن.

— ئېيتتىمغۇ، — دېدى ھەمراھىم ئورنىدىن دەست تۇرۇپ، — سۈرۈشتە قىلماي قويۇڭلار دەپ. سەۋەبى تاشيولغا كىرىپ يوقالغان ئىز ئۇ تېڭىقنىڭ ئاللىقاچان بۇ يۇرتتىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، ساقچى ئېيتقاندەك ئۇنى ئۇرۇمچى ياكى خوتەندىن ئىزدەش كېرەك. بۇ بەلكىم ئاللا تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدۇر، مەن بۇنىڭغا نېمىمۇ دەيمەن. پەقەت ياخشى كۆڭلۈڭلارغا رەھمەت ئېيتىمەن، خالاس. شۇڭا ئۈستامىمۇ يولدىن قالمىسۇن، مەنمۇ بۇ يەردە سىلەرنى پاراكەندە قىلىپ يۈرىۋەرمەي. قېنى دەستۇرخاننىڭ ھۆرمىتىگە دۇئا قىلايلى، ئامىن! . . .

ھەمراھىم دۇئاغا قول كۆتۈردى. باشقىلىرىمىزمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ دۇئا قىلدۇقتە، ئورۇنلىرىمىزدىن تۇرۇشتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر قانچە سائەتلىك پاراكەندىچىلىككە خاتىمە بېرىلىپ، ھەممىمىزنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

يولغا چىقىش ئالدىدا خوجايىن ياتاق ۋە تاماقخانىدىكى بارلىق خىزمەتچىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ، بىزنى، ئوچۇقنى ئېيتقاندا ھەمراھىمنى دەبدەبە بىلەن ئۇزاتتى. پىشۇرۇلغان

گۆش بىلەن ئىككى بوتۇلكا ئىلى ئالىي ھارىقىنى يوللۇق تۇتتى.

— ئاز بولسىمۇ يولدا خىراجەت قىلالا، — دېدى كۆزەتچى يېگىتمۇ كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا يېنىدىن يۈز سوم چىقىرىپ، — لېكىن مەن سىلىنىڭ مۇشۇنداق كەڭ قورساقلىقلىرى ئۈچۈن ئاخىرغىچە خىزمەتلىرىنى قىلىمەن، يىتكەن نەرسىلىرى تېپىلمىغۇچە سۈرۈشتە قىلىشتىن توختىمايمەن. ماڭا ئىشەنسىلە.

ھەمراھىمنىڭ كەڭ قورساقلىقىغا يارىشا بۇ ئۆتەڭنىڭ خوجايىنىدىن تارتىپ، ئەڭ ئاددىي خىزمەتچىلىرىنىڭمۇ خەيرخاھلىقتا تولغان قىزغىن كۆڭلى مېنىمۇ تەسىرلەندۈرگەنىدى. مەن تۇنۇگۈنلا پىخسىقلىقتا ئەيىبلىگەن ھەمراھىمنىڭ بۇنچىلىك مەردانىلىكىنى چۈشىنىپ يېتەلمىگەنلىكىمگە ئەپسۇسلىنىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىگە ۋەدە قىلدىم:

— خاتىرجەم بولۇڭلار، ھەمراھىم ئۈچۈن سىلەر بىلەن داۋاملىق كۆرۈشۈپ تۇرىمەن. ئۇنىڭ مال - مۈلكى تېپىلغانغا قەدەر سىلەرنى تاشلىۋەتمەيمەن. خەير، سالامەت بولۇڭلار.

مەن ماشىنامنى ئوت ئالدۇرۇپ، لەپپىدە قوزغالدىم. ھەممە قوللىرىنى پۇلاڭلاتقانچە بىزگە ئاق يول تىلەپ قېلىشتى.

## II

مەن ئۇنى شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئۆز يېزىسىغا قەدەر

ئاپىرىپ قويۇپ، ئاندىن شەھەرگە ياندىم. ئۇ مېنى ئۆيگە كىرىشكە ئانچىمۇ زورلاپ كەتمىدى. ئىدارىغا بۇرۇنراق يېتىۋېلىشقا ئالدىراپ تۇرغانلىقىم ئۇچۇن ئۇنىڭ بۇ غەلىتە قىلىقىنى مەنمۇ كۆڭلۈمگە ئالمىدىم. ئۇنداق بولمىغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ زور يوقىتىش ئىچىدە پۇچىلىنىۋاتقان يۈرىكىنى چۈشىنىشىم كېرەكتە. مەن ئۇنىڭغا يېتىكەن نەرسىسىنىڭ دېرىكىنى قىلىپ تۇرىدىغانلىقىمغا ۋەدە قىلىپ، ئىسمىنى سوراپ ۋېلىپ قايتتىم. قىزىق يېرى، ئۇنىڭ ئىسمى مەن تىلغا ئېلىپ كېلىۋاتقىنىمنىڭ دەل ئۆزى — ھەمراھىم ئىكەن.

ھەمراھىم بىلەن خوشلىشىپ، رولنى شەھەرگە بۇراش بىلەن تەڭ، ماشىنامنى گاراژغا ئەكىرىۋېتىشتىن بۇرۇن، ياتىقىمنىڭ ئالدىدا توختاپ ئۆتۈشنى نىيەت قىلدىم. سەۋەبى مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە خاس يۈرەك سىرىم بار ئىدى. يەنى مەن توي قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقان يىگىت ئىدىم. ئوبىيېكتام شىركىتىمىزنىڭ رېمونتخانىسىدا نەمۇنىچىلىكنى قولدىن بەرمەي ئىشلەپ كېلىۋاتقان ئىستانوكچى ئىدى. ئۇنىڭ ۋاپادارلىق بىلەن نۇرلىنىپ تۇرغان كۆزلىرى، ئىللىق تەبەسسۇم ئىلكىدە سۆيگۈ تىلەپ تەلمۈرۈپ تۇرىدىغان لەۋلىرى مېنى ھامان مەجنۇنلارچە قۇچاقلاشقا تاقەتسىزلەندۈرۈپ تۇراتتى. ئۇمۇ مېنىڭ كۈتكىنىمنى بەجا كەلتۈرۈش ئۇچۇن سەپەردىن قايتىپ كېلىدىغان كۈنۈمنى مۆلچەرلەپ تۇرۇپ، ياتاقنى پاك - پاكىز تازىلاپ، مەشكە ئوت ياققاندىن كېيىن، تاماق تەييارلىقىنى قىلغاچ، مېنى كۈتۈپ تۇراتتى. بۇنداق ئىللىقلىق مەشۇقى ئۇچۇن تەپكەن يۈرەكنى قانداقمۇ تاقەتسىزلەندۈرمىسۇن!

بۇگۈن مېنىڭ بۇ تاقەتسىزلىكىمگە يەنە بىر مەزمۇنمۇ
قوشۇلغانىدى. يۇقىرىدا سىزگە بايان قىلىپ ئۆتكەن ھېلىقى
ئۆتەڭدىن قوزغىلىپ، ئون نەچچە كېلومېتىر ئۇزىمايلا يولدا
ماڭا تۆت كىشىلىك بىر سافا ئۇچراپ قالدى. ئۇنىڭ
ئىنس - جىنمۇ بولمىغان بۇ چۆلدە ئىگىسىز تاشلىنىپ
تۇرۇشى بىرەر ماشىنىدىن چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلدۈرۈپ
تۇراتتى. ئۇنى كۆرۈپلا ئىچىمگە جىن چۈشتى - دە،
ماشىنامنى تورمۇزلاپ ئۇنىڭ يېنىدا توختاتتىم، قارىسام،
ھەمراھىم ھېلىقى ئۇچ چىنە. . . نىڭ راھەتلەندۈرۈشىدە
ئۇيقۇغا كەتكەنىكەن، مەن كابىنكىدىن چۈشۈپ، سافانىڭ
يېنىغا كەلدىمدە، شۇنچە ئېگىزلىكتىن چۈشكەن بۇ
نەرسىنىڭ كېرەككە كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقىنى
تەكشۈرۈپ چىقتىم. ئۇ يېڭى ھەم مەزمۇت بولۇپ،
ھېچقانداق يېرى بۇزۇلمىغانىدى. شەيتىنىم مېنى ۋەسۋەسىگە
سېلىپ «بول، تېز كوزۇپقا چىقار، سەن ئالمىساڭمۇ،
باشقىلار ئېلىپ كېتىدىغان ئولجىغۇ بۇ» دېمەكتە ئىدى.
ئويلىسام، ئوبېيكتام بىلەن تونۇشقاندىن بۇيان توي
تەييارلىقى ئۈچۈن ھېچقانداق مۇلۇك ئېلىپ باقماپتىمەن.
ئوبېيكتاممۇ مېنى بۇ جەھەتتە ئەيىبلەپ «ئۆينى تولدۇرۇشقا
ئانچە - مۇنچە تەرەددۇتلىنىپمۇ قويۇڭ، ۋاقتى كەلگەندە
مېنى قۇرۇق تۆت تامنىڭ ئىچىگە ئەكىرمەڭ يەنە» دەپ
قوياتتى. مەن ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىر بۇنى يول
ئۈستىدە سېتىۋالدىم دەپ ئوبېيكتامنى خۇش قىلمايمۇ دېگەن
خىيال بىلەن ئۇنى كوزۇپقا چىقىرىشقا تۇتۇندۇم. لېكىن بۇ
تامامەن قېلىن تاختايلار بىلەن ياسالغاچقىمىكىن،
ئېغىرلىقىدىن ھەرقانچە ھەپىلىشىپمۇ كوزۇپقا

چىقىرالمىدىم. شۇ ئەسنادا ئارقا تەرىپىمدىن كەلگەن بىر ماشىنا غاررىدە قىلىپ يېنىمدا توختىدى ـ دە، گەۋدىلىك بىر يىگىت كابىنكىدىن بېشىنى چىقىرىپ كۈلۈمسىرىدى.

— ياردەم كېرەكمۇ، قانداق، بۇرادەر!

شۇڭغىچە ئۇنى سافانىڭ ئىگىسى بولۇپ قالمىغىيدى، دېگەن ئوي بىلەن يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالاي دەپ قالغانىدى. ئۇنىڭ يېقىملىق ئىلتىجاسىنى ئاڭلىغىنىمدىن كېيىنلا يۈرىكىم جايىغا چۈشتى.

— مالال كۆرمىسىڭىزلا ئاغىنە! — مەنمۇ ئۇنىڭغا قاراپ يېقىملىق كۈلۈمسىرىدىم. ئۇ كابىنكىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، يېنىمغا كەلدىدە سافانىڭ بىر تەرىپىنى تۇتتى.

— قېنى، بىر — ئىككى — ئۈچ!

ئىككى ياشنىڭ كۈچلۈك قوللىرىدا سافانىڭ ئېغىرلىقى ئانچىمۇ سېزىلىپ كەتمەي، لەپپىدىلا كوزۇپقا چىقتى. شۇنداقتىمۇ يىگىت:

— تاختىيىنى نېمانچە قېلىن قىلدۇرۇۋەتكەنسىز؟ — دەپ قويۇپ، مەن بىلەن خوشلىشىپ يۈرۈپ كەتتى.

مېنى ياتاق ئالدىدا توختاپ ئۆتۈشكە ئۇندەۋاتقان ئىككىنچى سەۋەب مانا مۇشۇ سافانى ئوبيېكتامغا كۆرسىتىش خۇشاللىقى ئىدى. ئەلۋەتتە ئۇمۇ مېنىڭ تويى تەييارلىقىغا كىرىشكەنلىكىمنى بىلىپ خۇشال بولۇشى كېرەك ـ دە.

مەن ئويلىغىنىم بويىچە ماشىنامنى شىركىتىمىزنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا جايلاشقان ياتىقىمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ توختاتتىم. دەرۋەقە ياتىقىمدا چىراغ نۇرى پارلاپ تۇراتتى. مەن ئۇنى كۆرۈپلا، ئۆزۈمنى بىر خىل ئىللىقلىق ئىچىدە ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. چۈنكى بۇ نۇر

مېنى زارىقىپ كۈتۈۋاتقان ۋاپادارىمنىڭ سېغىنىشى ۋە مەن ئۈچۈن يالقۇنلىغان ئوتلۇق سۆيگۈسىنىڭ كۆلبەمدىكى ئىپادىلىنىشى ئىدى. مەن ياشلىق باھارىمغا يېڭىچە مەزمۇن بېرىپ، سۆيگۈنىڭ پاك، شېرىن لەززىتى بىلەن دولقۇنلىنىۋاتقان ۋاپادارىمغا تەلپۈنۈش بىلەن كابىنكىدىن سەكرەپ چۈشتۈم. ئاڭغىچە ۋاپادارىمۇ ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ كەلدى. بىز غۇلاچلىرىمىزنى يېيىشىپ، قاراڭغۇلۇقتا بىر - بىرىمىزنىڭ تونۇش ھىدلىرىنى قېنىپ پۇراشقاندىن كېيىن سافانى چۈشۈررۈشكە تەرەددۇت قىلدۇق، لېكىن سافا بەكمۇ ئېغىر بولغانلىقتىن ئىككىمىز كۈچ ئىلىشالماي، قوشنىمىز مامۇتجاننى چاقىرىپ چىقىپ، خېلىلا تەسلىكتە ياتاققا ئەكىرىۋالدۇق.

— كۆتەكتەكلا ئېغىر بىر نېمىغۇ بۇ، — دېدى مامۇتجان سافا جايلاشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن تەرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — ئىچىدە ئالتۇن بارمۇ نېمە بۇنىڭ؟

— بۇ سېنىڭ پەنەركىدە ئەتكەن، پۇۋ دېسە ئۇچۇپ كېتىدىغان لەگلەك... سافايىڭ ئەمەستە. ھەممە يېرى قېلىن تاختاي بۇنىڭ، — دېدىم كۈلۈپ.

— بۇنىسىغۇ بوپتۇ، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى ھەييارلىق بىلەن قىسىپ، — لېكىن گۈلباھارنى كۆزدە تۇتمىغىنىڭ بولماپتۇ. ئەمدى ھەر قېتىم ئۆي تازىلىغاندا، مېنى سافا يۆتكىشىپ بېرىشكە سالىدىغان بولدى - دە، بۇ قىز.

— ھېلىتىنلا ئۆزىڭىزنى ئەپقاچقىنى تۇردىڭىزغۇ، — دېدى گۈلباھارمۇ چاقچاق قىلىپ، — قوشنىدارچىلىقتا يارىماي قالامسىز نېمە؟

— سافا يۆتكەشكىلا سالسىڭىز، قوشنىنىڭ چاكاردىن نېمە پەرقى قالىدۇ، — دېدى ماموتجانمۇ بوش كەلمەي، — ئاچچىققا تاتلىق ئارىلىشىپ كەلگەندەك ئالدى بىلەن چاي - پايغىمۇ چىللاڭ، ئاندىن خىزمىتىڭىز بولسا، مانا بىز تەييار.
— ئەمىسە چۆگۈنىمىز سەن ئۈچۈنلا قاينايدىكەندە.
— ها - ها - ها...
سافا كەلتۈرۈپ چىقارغان كۆڭۈللۈك سۆزلەر بىلەن بىر هازا چاقچاقلىشىپ كۈلۈشكەندىن كېيىن ماموتجان ئۆيىگە چىقىپ كەتتى. بىز خالىي قېلىپ سۆيگۈنىڭ ئىللىق قوچىقىغا چۆكتۇق.
ئاردىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ خوتەنگە سەپەر قىلدىم. هەمراهىمنىڭ تارتقان زىيىنى ماڭا تولىمۇ قاتتىق تەسىر قىلغانىكەن. يول بويى ئۇنىڭ خىيالى بىلەن هەمراھ بولۇپ، بېرىشتىمۇ، يېنىشتىمۇ ئۇنى زادىلا ئېسىمدىن چىقىرىۋېتەلمىدىم. هەتتا بىرەر يىپ ئۇچى چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس دېگەن ئويدا ئۇچراشقان كىشىلىرىمگە ئۇ توغرۇلۇق هېكايە قىلىپمۇ بەردىم. لېكىن، ئۆزۈمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇ قېتىمقى سەپىرىم ئانچە كۆڭۈللۈك سەپەر بولمىدى. ماشىنىنىڭ توك يولىدىن بىرقانچە قېتىم چاتاق چىقىشتىن تاشقىرى، بىرقانچە نۆۋەت چاقمۇ يېرىلدى. سوغۇقتا ئۇنىڭ بىلەن سائەت - سائەتلەپ هەپىلىشىپ يۈرۈپ تومۇقاپ كەتكەنلىكىمدىن بېشىم چىڭقىلىپ ئاغرىپ رول تۇتۇشتىنمۇ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇيەر - بۇيەردە توختاپ كېسىلىمنى داۋالىتىش بىلەن بولۇپ، ئىدارەمگە توپتوغرا ئۆت كۈن كېچىكىپ كەلدىم. ئەتراپ يەنىلا قاراڭغۇ ئىدى. ماشىنامنى گاراژغا ئەكىرىۋېتىپ، ياتىقىمغا قاراپ ماڭدىم.

زۇكام تەلتۆكۈس ساقىيىپ كەتمىگەچكە، تېنىم جۇغۇلداپ، پۇتلىرىم ئالمىشىپ تۇراتتى. لېكىن كۆڭلۈم مەشۇقۇمنىڭ يېقىملىق تەبەسسۇمىدىن تەسكىن تېپىش ئۈچۈن ئاللىقاچان ياتىقىم تەرەپكە ئۇچۇپ كەتكەنىدى. ئۇ بىردەم ياتىقىمنىڭ دېرىزىسىدىن چۈشۈپ تۇرغان نۇر بىلەن قۇچاقلاشسا، بىردەم مەشۇقۇمنىڭ تەبەسسۇملۇق لەۋلىرىدىن بوسە ئىزدەپ، سۆيگۈ تولغان كۆزلىرىگە تەلپۈنەتتى. ئاھ، سېغىنىش!

مەن سېغىنىش ئىچىدە مەشۇقۇمنىڭ ئۇدا تۆت ـ ئاخشام كۈتۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. كېلىش مۇددىتىمدىن ھالقىغان بۇ تۆت ئاخشام تەقەززالىق كۈتۈشتىن تەبىئىي ھالدا تەشۋىشلىك خىياللار بىلەن تەلمۈرۈشكە ئالمىشىپ، ئۇنى قانچىلىك ئازابلىغاندۇ. ئاھ، تەشۋىشلىك تۆت كۈن!

مەن مەشۇقۇمنى تەشۋىشتىن تېزرەك ئازاد قىلىش ئۈچۈن قەدەملىرىمنى تېزلىتىپ، ئالدىراپ ياتىقىمنىڭ ئالدىغا كەلدىم. ئاھ، ھەر قېتىم سەپەردىن يانغىنىمدا ئامرىقىمنىڭ تەبەسسۇمىدەك ئىللىق يالتىراپ، ئامرىقىمنىڭ تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقانلىقىنى نامايان قىلىپ ياتىقىمنىڭ دېرىزىسىدىن يىراقلارغىچە تارقىلىپ تۇرىدىغان چىراغ نۇرى نېمىشقىدۇر، ئەمدى يوق ئىدى. ئامرىقىمنى ئارامسىزلاندۇرغان تۆت ئاخشاملىق تەشۋىش بىردىنلا مېنىڭ قەلبىمگە كۆچۈپ، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلۇققا چۆكتى. شۇ ئەسنادا مامۇتجاننىڭ ئىشىكى قىيا ئېچىلدى. قىيالىقتىن قاراڭغۇلۇققا تېپىپ چىققان نۇردىن ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆردۈم. لېكىن ئۇ نېمىشقىدۇر ئىشىكنى ئىتتىك يېپىپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ مېنى كۆرۈپ، كۆرمەسكە سالغانلىقىدىن ئەجەبلىنىپ، ئۆتكەنكىدەك يەنە بىر ئېغىر

ئىشقا سېلىشىمدىن قورققان ئوخشىمامدۇ بۇ؟ دېگەنلەرنى كۆڭلۈمدىن كەچۈرۈپ بولا ـ بولمايلا ئارقامدىن بىرقانچە كىشىنىڭ قەدەم تىۋىشى يېقىنلاپ كەلدى.

— كۆتۈر قولۇڭنى! . . . قىمىرلىما. . .

مەن نېمە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ چۈشىنەلمەي، ھەيرانلىق بىلەن ئۇلارغا تىكىلدىم. شۇڭغىچە ئۇلاردىن ئىككىسى چەبدەسلىك بىلەن قولۇمغا كويزا سېلىپ، كەلگەن تەرىپىمگە قارىتىپ دۈمبەمدىن ئىتتەردى.

— ماڭ!

ئۇلار ساقچىلار ئىكەن. دەسلەپ ئۇلار خېلىلا جىق كىشىدەك بىلىنىپ كېتىۋىدى، يورۇقلۇققا چىقىپ ئۇلارنىڭ تۆتلا كىشى ئىكەنلىكىنى بىلدىم، يەنە كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىككىسى بىزنىڭ قوغداش بۆلۈمىنىڭ كىشىلىرى ئىكەن. مەن ئۇلارنى تونۇۋالغاندىن كېيىن قاتتىق غەزەپكە كەلدىم.

— مىجىت! مۇشۇمۇ قىلىق بولدىمۇ؟ خالىغانچە باغلايدىغان ئۆيىڭدىن قاچقان موزىيىڭمىدىم مەن؟!

— ئاغزىڭنى يۇم! — ئارقامدىن دۈشكەلەپ كېلىۋاتقان ساقچى بېشىمغا بىرنى قويدى. ئۇستى ـ ئۇستىلەپ قىلىنىۋاتقان ھاقارەتكە تاقەت قىلىپ تۇرالماي، ئۇنى ئارقىچىلاپ تېپىۋەتتىم، تېپىكىم بەلكىم ئۇنىڭ چاتىرىقىغا تېگىپ كەتتى بولغاي، «ۋاي» دەپلا ئولتۇرۇپ قالدى. مەن شۇئان ئالدىمغا بىر قەدەم تاقلىدىمدە، ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن پۈتۈمنى يەنە ئىشقا سېلىشقا تەرەددۇتلەندىم.

— ئەكبەر، جىنايەت ئۇستىگە جىنايەت ئۆتكۈزمە! — توۋلىدى قوغداش بۆلۈمىمىزنىڭ كادىرى مىجىت ماڭا

قاراپ. ئاڭغىچە يەنە بىر ساقچى تاپانچىسىنى چىقىرىپ بېقىنىمغا تىرىدى.

— ماڭ!

— ئېتىۋېتەلمەيدىغان نېمەڭگە نېمە پوپوزا قىلىسەن. ئۆز ئالدىڭغا ئادەم تۇتىدىغان ۋاقتىڭ ئۆتۈپ كەتتى سەنلەرنىڭ، بىلىپ قويۇش، ئىگىسى بار جاھان بۇ!

مەن ئاچچىقىمدا تەلۋىلىشىپ، قەپەستىكى شىردەك يۇلقۇنۇشقا باشلىدىم. شۇ ئارىلىقتا بىر جىپ ماشىنا يېنىمغا كېلىپ توختىدى. ساقچىلار مېنى ئۇنىڭغا ئىتتىرىپ چىقىرىپ، ساقچى ئىدارىسىگە ئېلىپ باردى. مېنى سوراق قىلىدىغان باشلىقمۇ ماڭا تونۇش چىقىپ قالدى. ئۇنىڭ بىلەن كۆپلىگەن سورۇنلاردا بىللە بولغانىدىم. سىرتلاردىمۇ ئىللىق سالاملىشىپ ئۆتۈشۈپ كېتەتتۇق. شۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈنمىكىن، ئۇ مېنىڭ قولۇمدىكى كويزىنى ئالدۇرۇۋېتىپ، ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى. مەن ئۇنىڭ بۇ ئىلتىپاتىغا ئىچ - ئىچىمدىن سۆيۈنۈپ، سەل - پەل كۆلۈمسىرىگىنىمچە سالام ئىشارىسى بىلەن بېشىمنى ئېگىپ قويدۇم.

— ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك قىلىش، قارشىلاشقۇچىلارغا قاتتىق بولۇش، دېگەن بەلگىلىمىنى چۈشىنىسىلەرغۇ دەيمەن، — دېدى ئۇ سۇرلۇك قىياپەت بىلەن كۆزلىرىمگە تىكىلىپ، — مانا بۇ پارتىيىمىزنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەرگە قاراتقان مۇقەددەس سىياسىتى، شۇڭا جىنايىتىڭلارنى ئالدى بىلەن ئۆزۈڭلار ياۋاشلىق بىلەن تاپشۇرۇڭلار.

— ئۇچۇقنى ئېيتقاندا، — دېدىم مەن يەنە ئەسەبىي

قوزغىلىپ، — ھازىرغا قەدەر نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق مۇئامىلىگە ئۇچراۋاتقانلىقىمنى چۈشىنەلمەيۋاتىمەن، مۇمكىن بولسا، مېنى ئارتۇقچە قىيىنىماي، گەپنىڭ ئوچۇقىنى دەڭلار، مەن زادى نېمە گۇناھ ئۆتكۈزۈپتىمەن.

— گۇناھسىز كىشىنى تۇتۇپ كېلىدىغانغا، بىكارچىلىقتا قالغان كىشى يوق بۇ يەردە. پاكىت تەلەپ قىلساڭلار مانا بۇنى كۆرۈڭلار، — ئۇ تارتمىسىدىن بىر نەچچە پارچە سۈرەت چىقىرىپ، بىرسىنى ماڭا سۇندى. ئۇنى قولۇمغا ئېلىپلا يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ قالدى. بۇ ھېلىقى يولدا تېپىۋالغان سافانىڭ ياتىقىمدا تارتىلغان سۈرىتى ئىدى. بۇنى ئۇلار قانداق بىلىۋالغاندۇ ياكى بۇنى ماشىنامغا بېسىشىپ بەرگەن ھېلىقى شوپۇر پاش قىلىپ قويغانمىدۇ. پاش قىلىپ قويسىمۇ، يولدىن تېپىۋالغان نەرسە ئۈچۈنمۇ قولۇمغا كويزا سېلىپ، بۇنداق سوراققا تارتىلىشقا ئەرزىمدىكەن، ۋوي ئۆپكىسى يوقلار، بۆك ئال دېسە، باش كېسىدىغان ھازارۇللار.

— بۇ مەن يولدىن تېپىۋالغان سافانىڭ سۈرىتىغۇ، — دېدىم نارازىلىق بىلەن دىمىقىمنى قېقىپ، — ئىگىسى چىقىپ قالغان بولسا، بېرىۋەتسەملا تۈگىمەمدىمۇ، مۇشۇنىڭغىمۇ مۇشۇنچىۋالا قىلىپ كەتتىڭلارما؟

— ئالدىرىماڭلار، مۇنۇنىمۇ كۆرۈپ بېقىڭلار، — باشلىق يەنە بىر پارچە سۈرەتنىمۇ ماڭا سۇندى. مەن ئۇنى قولۇمغا ئېلىپ، چۆچۈگىنىمدىن ئارقامغا ئۈچۈپ كېتىشكە تاس قالدىم. بۇ ھېلىقى سافانىڭ چۇگۇلغان شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭدا كىڭىزگە يۆگەلگەن بىر كىشىنىڭ قورۇلۇپ

جەينەكتەكلا بولۇپ قالغان جەسىتى كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

— بۇ. . . بۇ، — دېدىم مەن دۇدۇقلاپ، — مۇشۇ سافانىڭ ئىچىدىن چىقتىما؟

— شۇنداق، — دېدى باشلىق سىنچى كۆزلىرىنى ئالاق ـ جالاق بولۇپ كەتكەن كۆزلىرىمگە مىختەك قاداپ، — بۇنىڭغا نېمە دەيسىلەر؟

— بۇنى مەن بىلمەيمەن، — دېدىم مەن كېكەچلەپ، بۇ چاغدا مەندە بايىقى نوچىلىقتىن قىلچىمۇ ئەسەر قالمىغانىدى.

— بۇنى يولدىن تېپىۋالدىم دېدىڭلارغۇ، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

— ئۇنداق بولسا، مۇشۇنىڭغا دائىر ئەھۋاللارنى تەپسىلىي يېزىپ چىقىڭلار، لېكىن يوشۇرمەن دېمەڭلار. بۇنى جەزمەن ئېنىقلاپ چىقىمىز. . .

## Ⅲ

مەن شۇ كۈنى سوراققا تارتىلىدىغانلار ۋاقىتلىق تۇتۇپ تۇرۇلىدىغان بىر ئېغىز ئۆيگە قامالدىم. بۇ گەرچە ماڭا خېلىلا ئېغىر كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن باشلىقنىڭ ھېلىقى چاپارمەنلەردەك قۇرۇق تېرە تاراقلاتماي، مۇئامىلىدە بىرخىل نورماللىقنى ساقلىغان ھالدا سافانىڭ كېلىش مەنبەسىگە دائىر تەپسىلاتلارنى ئەستايىدىل يېزىپ چىقىشىمنى تاپشۇرۇشى كۆڭلۈمنى ئاستا ـ ئاستا جايىغا چۈشۈرۈپ مېنى خېلىلا خاتىرجەم قىلىپ قويدى.

— بۇ باشلىقنىڭ خېلىلا دىتى بار ئىكەن، — دەيتتىم ئۇنىڭغا قايىل بولغان ھالدا، ئارانلا بەش ـ ئالتە كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئۆي ئىچىدە ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ تۇرۇپ، — ئۇ بۇ چىگىش دېلوغا مېنىڭ چېتىشلىقىمنىڭ يوقلۇقىنى ئالدىنئالا پەملەپ يەتتى. بولمىسا، «يولدىن تېپىۋالدىم دېدىڭلارغۇ، مۇشۇنىڭغا دائىر ئەھۋاللارنى تەپسىلىي يېزىپ چىقىڭلار» دېگەن گەپنى ھەرگىزمۇ قىلمىغان بولاتتى.

— بەلكىم، — دەيتتىم ئۇنىڭ بۇ خۇلاسىگە قانداق كەلگەنلىكىمنىڭ تېگىگە يېتىشكە تىرىشىپ، — بۇنىڭغا سافانىڭ ياتىقىمدىن تېپىلىشى سەۋەب بولغان بولسا كېرەك. چۈنكى ھەرقانداق قاتىل قەتلى قىلغان كىشىسىنى سافاغا يۆگەپ ياتىقىدا ساقلىمايدۇ ـ دە!

مەن ئۆز خۇلاسەمدىن رازى بولۇپ، بۇ ئىش تۈپەيلى قارىلىنىپ كەتمەيدىغانلىقىمغا كۆڭۈل تىندۇرغىنىمدىن كېيىن تۇرۇپلا ھېلىقى جەسەتنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ قالدىم. ئۇ ئاپئاق ساقىلى ئۆسۈپ، كىرپىنىڭ تىكىنىدەك يىرىكلىشىپ كەتكەن، ھەم جىۋەك، ھەم ئىنتايىن ئورۇق ئاتمىش ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشىنىڭ جەسىتى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ كۆرۈنۈشىدىن ئۇزاق مۇددەت كېسەل تارتىپ، خاتىرجەم جان تەسلىم قىلغان سىياقى چىقىپ تۇراتتى. مۇشۇنداق بىر كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈپ، سافاغا يۆگەپ تاشلىۋېتىلىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپ يېتىش تولىمۇ تەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئەنزىنىڭ نەدە ۋە كىملەر تەرىپىدىن سادىر قىلىنغانلىقىنى بىلىش تولىمۇ قىيىن ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا جاۋابكارلىق يەنىلا ماڭا ئارتىلىپ قالامدۇ، قانداق؟ ھەي، «بىر بالاسى بولمىسا، سايدا

قۇيرۇق ياتامدۇ» دېگەندەك كىچىككىنە نەپسانىيەتچىلىكنىڭ كەينىگە كىرىپ، نېرى - بېرىسىنى ئويلىمايلا قىلىپ قويغان بۇ ئىشىم بېشىمغا بالا بولامدۇ، نېمە؟

مەن ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، بۇ بالا تەگكۈر سافانى نەدىن ئالغانلىقىمدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە يازالمايدىغانلىقىمدىن قاتتىق ئۆكۈنۈپ، يەنە دەككە - دۈككىگە چۈشۈشكە باشلىدىم. شۇ ئەسنادا ئىشىك تىرىقلاپ ئېچىلىپ، نۆۋەتچى ساقچى كورا كۆتۈرگەن گۈلباھارنى يېنىمغا كىركۈزۈۋېتىپ، يەنە ئىشىكنى يېپىپ كېتىپ قالدى. كۈتمىگەن بۇ ئىش مېنى تولىمۇ تەمتىرىتىپ قويدى. چۈنكى ئالماشتۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ماي كىيىم - كېچەكلىرىم بىلەن ئاغرىق ۋە يول ئازابىدىن سارغىيىپ ساقال باسقان چىرايىمنىڭ مېنى ئۇزاق مۇددەت تۇرمىدە ياتقان ھەقىقىي جىنايەتچىدىن پەرقسىز قىلىۋەتكەنلىكى كۆڭلۈمگە ئايان ئىدى. سۆيگۈنۈمگە مۇشۇنداق بىچارىلەرچە قىياپەت بىلەن كۆرۈنۈشنى يىگىتلىك غۇرۇرۇم كۆتۈرمەيتتى ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە تايىن» دېگەندەك سافانىڭ كېلىش مەنبەسى توغرىسىدا ئۇنىڭغا قىلغان سەمىمىيەتسىزلىكىمۇ، مېنى قاتتىق ئازابلىماقتا ئىدى. مەن بۇ ھالدا ئۇنىڭغا قانداقمۇ باش كۆتۈرۈپ قارالايمەن؟! لېكىن ئۇ مېنىڭ بولمىغۇر قىلىقلىرىمنى كەچۈرۈپ، ئالدىمغا تاماق ئېلىپ يوقلاپ كەلگەنىكەن، ئۇنىڭ ئالتۇنغا بەرگۈسىز كۆڭلى ئۈچۈن بولسىمۇ، سەمىمىيەتسىزلىكىم تۈپەيلىدىن ئۆزۈملا پاراكەندە بولۇپ قالماي، ئۇنىمۇ بىئارام قىلىپ قويغانلىقىمنى ئۆكۈنۈش بىلەن سۆزلەپ، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىماسلىقىمۇ

ئىنتايىن دۆتلۈك بولاتتى. مەن زىددىيەتلىك روھىي ھالەت ئىچىدە بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا تىكىلدىم. ئۇمۇ ماڭا تىكىلدى. لېكىن ئىلگىرى ھەمىشە كۈلكە ئويناپ، يۈرىكىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىمۇ سۆيگۈ گۈللىرىنى چېچەكلىتىۋېتىدىغان بۇ كۆزلەر قانداقتۇر بىر خىل چۈشىنىكسىز تەمكىنلىك ئىچىدە ئازابلىنىش تۇيغۇسىنى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. بۇ ھالەت مېنى تېخىمۇ بىئارام قىلىۋەتتى.

— كەچۈرۈڭ، — دېدىم مەن ئاخىر ھۆركىرەپ يىغلىۋېتىشتىن ئۆزۈمنى ئارانلا تۇتۇپ، — نەپسانىيەتچىلىك بىلەن سەمىمىيەتسىزلىك مېنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئالدىڭىزدا ئەيىبلىكمەن.

— غەرەز ئارىلاشقان ھەرقانداق ئىشنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولىدۇ، — دېدى گۈلباھار جىمىلەش ئاھاڭىدا، — بۇ ئەلۋەتتە سىزگە ساۋاق بولۇشى كېرەك.

— ئۆمرۈمدە قىلمىغان ئىشنى قىلىپ قويۇپ تارتقان بۇ ئازاب ئەلۋەتتە ماڭا ساۋاق بولىدۇ، شۇنىسى ھاياتىمدىكى بۇ داغنى ھەرگىزمۇ ئۆچۈرەلمەيمەن.

— ۋاقىت ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ، لېكىن ئاغرىق ساقايغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كەلتۈرگەن ئازابىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك. بۇ قايتا يۇقۇملانماسلىقىڭىز ئۈچۈن پايدىلىق.

— چېچەك چەكتۈرگەن كىشىگە چېچەك چىقمىغاندەك، بۇ ئىش تۇپەيلى مەڭگۈ كېسەل يوقتۇرۇۋالماسلىققا ئىشىنىمەن، شۇنىسى بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى مېنى خېلى ئاۋارە قىلىدىغاندەك تۇرىدۇ.

— ئۈنچىلىك بولۇپ كەتمەس، — گۈلباھار دىمىقىم

پۈتۈپ، نەپەس ئېلىشىمنىڭ قىيىنلىشىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، بارماقلىرىنى پېشانەمگە تەگكۈزدى، — خېلىلا قاتتىق زۇكامداپسىز، قىزىتمىڭىزمۇ باردەك قىلىدۇ، قېنى ئاۋۋال تاماق يەڭ.

ئۇ كورىنى ئۈستەلگە ئېلىپ، ئاغزىنى ئاچتى. شۇئان ئۆي ئىچىنى پىننە ۋە يۇمغاقسۇتنىڭ مەززىلىك پۇرىقى بىر ئالدى. ئۇ مېنىڭ تومۇقاپ قالغانلىقىمنى ئالدىن بىلگەندەك شوۋىگۇرۇچ ئېتىپ كەلگەنىكەن، ئۇنىڭدىن بىر قاچا ئۇسۇپ ئالدىمغا قويغاندىن كېيىن سومكىسىغا قول ئۇزىتىپ، سۇلياۋ خالتىغا ئورالغان ئىككى دانە گۆشناننى چىقاردى.

— بۇ سىزنىڭ ياخشى كۆرىدىغان تامىقىڭىز. قېنى ئېلىڭ!

مەن گۆشناننى ھەقىقەتەنمۇ ياخشى كۆرەتتىم. ئۇنىڭ مۇشۇنداق شارائىتتىمۇ كۆڭلۈمنى ئىزدەپ، ۋاپادارلىقىنى نامايان قىلىشى ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سېلىپ، كۆزلىرىمدىن ئىختىيارسىز ياش ئاقتۇردى.

— يىغلاۋاتامسىز، — ئۇ ياغلىقىنى چىقىرىپ يېشىمنى سۈرتكەچ كۆڭلۈمنى ياساپ پىخىلداپ كۈلدى، — يىگىت دېگەن ئۇنداق چىدامسىز بولمايدىغان، ئاۋۋال تاماق يەڭا، مېنىڭ سىزگە دەيدىغان خېلى گەپلىرىم بار تېخى.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مېنى ھەمىشە تەقەززا قىلىدىغان ھېلىقى نۇر يەنە ئەكس ئەتتى. بۇ نۇرنىڭ توك ئېقىنىدەك جىسمىمنى جۇغۇلدىتىپ ئۆتۈشىدىن ۋۇجۇدۇمدا بىرخىل ئىللىقلىقنى سەزدىم. مەن بۇنداق ئىللىقلىقنى تەشنا لەۋلەرنىڭ جۇپلىنىشى ۋە ھارارەتلىك تەنلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە تېگىشى ئارقىلىقلا ھاسىل بولىدۇ، دەپ قارايتتىم.

ۋەھالەنكى بۈگۈن مەن بۇنى مەشۇقۇمنىڭ ۋاپادارلىق نۇرى چاقنىغان كۆزلىرى بىلەن سەمىمىيلىك يالقۇنلاپ تۇرغان سۆزلىرىدىن كۆرۈپ، بۇنىڭ پاك سۆيگۈگىلا خاس بولغان ئالامەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. بۇ تونۇش مېنى سۆيگۈنۈمنىڭ ھەقىقىي مۇھەببىتى ئالدىدا تىز پۈكتۈردى. ئىچىمدە، قىلىپ قويغان گۇناھلىق ئىشىم ئۈچۈن نەچچە مىڭلارچە تۇۋا قىلىپ، مەشۇقۇمنىڭ ۋاپادارلىقىنى ئاقلاش ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك قەرزدار بولۇپ ئۆتۈشكە قەيت قىلدىم.

— قېنى ئېلىڭا!

مەشۇقۇمنىڭ تاماققا زورلىشى مېنى خىيالدىن ئويغاتتى، مەن گۆشناننى يەپ، پىننە ۋە يۇمغاقسۇت گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان شوۋىگۇرۇچنى ئىشتىھا بىلەن سۈمەردىم.

— ساقچى باشلىقىنىڭ دېيىشىچە، — دېدى گۈلباھار مەن تاماق يېيىشكە كىرىشكەندىن كېيىن پەس، لېكىن ئىشەنچلىك ئاۋازدا، — سافادىن چىققان جەسەت بىلەن سىزنىڭ چېتىشلىقىڭىز يوق ئىكەن.

— ھە؟ — مەن تاماق يېيىشتىن توختاپ، گۈلباھارغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدىم.

— چۈنكى، — دېدى گۈلباھار سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئۇ راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن كىشى ئىكەن.

مەن تېخىمۇ ھەيرانلىق بىلەن ئاغزىمنى ئېچىپ تۇرۇپلا قالدىم.

— ساقچى باشلىقى شۇنداق دېدىما؟

— بۇ قانۇن دوختۇرلىرىنىڭ جەسەتنى ئوپېراتسىيە

قىلغاندىن كېيىن چىقارغان خۇلاسىسى ئىكەن. بۇنى ماڭا ساقچى باشلىقى يەتكۈزدى.

— بۇنى كۆڭلۈم باشتىلا تۇيغانىدى، — مەن ھاياجان بىلەن جەسەتنى قايتا كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگەن چاغدىلا تەسىراتىمنى سۆزلەپ بەردىم ۋە، — ئۇنداقتا نېمىشقا مېنى قويۇۋەتمىگۈدەك؟ — دېدىم.

— بۇنىڭ ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن كىشىنىڭ جەسىتى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى خۇلاسە سىزنىڭ قاتىل ئەمەسلىكىڭىزنى ئىسپاتلىسىمۇ، — دېدى گۈلباھار مۇلايىملىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ، — لېكىن بۇ چىگىش ئەنزىنى تېپىپ چىقىشتا سىزدىن باشقا يىپ ئۇچى يوق ئىكەن. سىز ساقچىلارغا مۇشۇنىڭ ئۈچۈنلا لازىم بولسىڭىز كېرەك.

«بالا كەلسە كۆرۈنۈپ كەلمەس، پۇت ـ قولىنى ساڭگىلىتىپ» دېگەندەك ئويلىمىغان يەردىن ماڭا چاپلاشقان بۇ پېشكەللىك ئويلىساملا نېرۋىلىرىمنى لەرزىگە سېلىپ، مېنى كەم ئەقىللىقلىقىم ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشقا مەجبۇر قىلاتتى. دېمەك، ئىش «ئەقىلسىز باشنىڭ دەردىنى پۇت تارتىدۇ» دېگەندەك بولىدىكەندە. مەن جەسەتنىڭ نەدە، كىملەر تەرىپىدىن، نېمە ئۈچۈن سافاغا قاچىلىنىپ تاشلانغانلىقى ئاشكارىلانغانغا قەدەر ساقچىلارنىڭ نازارىتىدە ئۇلار بىلەن بىللە يۇرتمۇ يۇرت كېزىدىغانلىقىمنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم ۋە تۇرۇپلا، بۇ سافادا جەسەت بارلىقى قانداق سېزىلگەنلىكىنى بىلىشكە قىزىقىپ قالدىم.

— مەن، — دېدى گۈلباھار ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، — سىز كېتىپ بىر ھەپتىدىن كېيىنلا قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتىڭىز

بولۇپ قالغانلىقىنى مۆلچەرلەپ، ياتىقىڭىز ئىللىپ تۇرسۇن، دەپ مەشكە ئوت يېقىشقا باشلىدىم. لېكىن سىز ۋاقتىدا كېلەلمىدىڭىز، مەنمۇ ئوت يېقىشنى ئۇزۇپ قويمۇدۇم. ئۇچىنچى كۈنى كەچقۇرۇن ياتاقتىن غەيرىي بىر پۇراقنى سەزدىم. بۇ پۇراق چىرىگەن مېۋىگىمۇ، ئېچىغان ئېشىندا تاماقتىن چىققان پۇراققىمۇ ئوخشىمايتتى. مەن ھەممە يەرنى ئاختۇرۇپ چىقىپ، ئاخىر كۆزۈم سافادىن ساقىۋاتقان سۇغا چۈشۈپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا ئېڭىشىپ، سېسىق پۇراق تارقىتىۋاتقان نەرسىنىڭ دەل شۇ ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردۈم، لېكىن ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن شۇنداق سېسىق پۇراقلىق سۇيۇقلۇقنىڭ ساقىۋاتقانلىقىغا ئەقىل يەتكۈزەلمىدىم. ئاخىر نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي مامۇتجاننى باشلاپ چىقتىم.

— كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن، گۈلباھار، — دېدى ئۇ سافادىن سىرغىغان سۇنى ھىدلاپ، سافانى ئۇيان - بۇيان قوزغىغاندىن كېيىن كۆزۈمگە تىكىلىپ، — مەن بۇنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئۆتكەندىلا دەرگۇماندا بولۇپ قالغانىدىم، مانا ئەمدى بولسا، بۇنىڭدىن سېسىق پۇراقلىق سۇيۇقلۇق سىرغىۋېتىپتۇ، بۇ قانداقلا بولمىسۇن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئالامەتلەر. مېنىڭچە بۇنىڭغا چېقىلماي تۇرايلى. ئاۋۋال قوغداش بۆلۈمىدىكىلەر كۆرۈپ باقسا قانداق؟ — مامۇتجاننىڭ سۆزى مېنى قاتتىق چۆچۈتىۋەتتى.

— شۇنداقمۇ بولارمۇ؟ — دېدىم مەن ئالاقزادىلىك بىلەن كۆڭلۈمگە كەچمىگەن خىياللار كېچىپ.

— تەكشۈرمىگۈچە بىر نېمە دېيىش قىيىن. لېكىن غەلىتە ئالامەتلەر بىزنى گۇمانلاندۇرىدۇ.

شۇنداق قىلىپ ئەھۋالنى قوغداش بۆلۈمىدىكىلەرگە خەۋەر قىلدۇق. ئۇلار كېلىپ، بىزنى گۇمانلاندۇرغان ئالامەتلەرنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭمۇ گۇمانلىق قاراشتا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ:

— سافانى چۇۋۇپ كۆرۈپ باقساق بولامدۇ؟ — دېدى.

— ئەھۋال تەرەققىي قىلىپ شۇنچىلىك يەرگە كەلگەندە مېنىڭ «ياق» دېيىشىم مۇمكىنمۇ، تۈرلۈك گۇمانلار بىلەن چىۋىن يۇتۇۋالغاندەك بىئارام بولۇپ يۈرگەندىن كۆرە، سىرنى ۋاقتىدا ئېچىپ، بىراقلا ئارام تاپمايمىزمۇ دېگەن خىيال بىلەن ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلمايدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. لېكىن ئۇلار يەنە ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدىدە، ئەھۋالنى ساقچىغا مەلۇم قىلماقچى بولدى. شۇنداق قىلىپ، كۆپ ئۆتمەي ساقچىلارمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇلار سافانى ئۆرۈپ - چۆرۈپ ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ ساندۇقلۇق سافا شەكلىدە ياسالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نېمىشقىدۇر ئاستى - ئۈستىگە باشتىن بويى ئاجرالماس قىلىپ تاختاي مىخلىۋېتىلگىنىگە قاراپ، ئىچىدە بىرنەرسە بارلىقىنى جەزملەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن سافا رەسمىگە ئېلىنىپ، ئاندىن چۇۋۇلدى. ئۇنىڭ ئىچىدىن چىققان نەرسە مېنى ھوشۇمدىن كەتكۈزدى. چۈنكى ئۆلۈكنى تۇنجى كۆرۈشۈم ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ياتىقىمىزغا ئاياغ باسمىدىم، گەرچە مەن سىزنى قاتىل سۈپىتىدە كۆز ئالدىمغا كەلتۈرمىسەممۇ، لېكىن بۇنىڭ جاۋابكارلىقىغا تارتىلماي قالمايدىغانلىقىڭىزنى ئويلاپ، بەكمۇ بىئارام بولدۇم. بۇنىڭغا سىزنى قاتىللىقتا ئەيىبلەيدىغان مىش - مىش گەپلەرنىڭ تارقىلىشى، ساقچىلارنىڭ ئەتىسى -

ئاخشىمى ياتىقىڭىزنىڭ ئەتراپىنى تىمىسقىلاشلىرى قوشۇلۇپ مېنى تامامەن ھالىمدىن كەتكۈزدى. مەن ئەسلىدە سىزنىڭ ئېيتقىنىڭىز بويىچە سافانى ئۈرۈمچىدىن كېلىشىدە يول ئۈستىدىن سېتىۋالغان دەپ يۈرۈپتىمەن، ئەمدى بىلدىمكى ئۇنى يولدىن تېپىۋالغانىكەنسىز.

گۈلباھارنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ، كۆزلىرىگە ياش تولدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ مېنىڭ سەممىيەتسىزلىكىمنى يەنىلا كەچۈرۈۋېتەلمىگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. مەن ئارتۇقچە كەچۈرۈم سوراۋېرىشكە رايىم بارماي، بېشىمنى ساڭگىلاتقىنىمچە تاماكا يۆگەشكە كىرىشتىم.

## IV

«قۇچقاچنى سويسىمۇ قاسساپ سويسۇن» دېگەندەك ھەممە كەسىپنىڭ ئەھلى ئۆز خىزمىتىگە ماھىر كېلىدىغان گەپكەن. مەن گۈلباھارنى ئۇزىتىۋېتىپ، تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقماي يېزىپ چىققان ماتېرىيالىم گەرچە بىر يېرىم بەتتىن ئاشمىغان بولسىمۇ، لېكىن ساقچى باشلىقىنى قانائەتلەندۈرگەنلىكىگە ھەيران قالدىم.

— مۇشۇنداق بولغاندا، — دېدى ساقچى باشلىقى قاغا پۇتىدەك ھەرپلەر بىلەن پۈتۈلگەن بىر يېرىم بەتلىك ماتېرىيالىمنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، — بىزنى ئالدى بىلەن سافانى تېپىۋالغان يەرگە ئېلىپ بارسىز، ئاندىن ئەھۋالغا قاراپ، كېيىنكى قەدەمنى باسىمىز، قانداق دەيسىز؟

— چاتاق يوق!

مەن قاتىللىق دېلوسىغا راستىنلا چېتىلىپ

قالمىغانلىقىمنىڭ خۇشاللىقىدا ساقچى باشلىقىنىڭ ئالدىدا پەيدائىيلارچە مەيدەمگە ئۇردۇم. لېكىن زۇكىمىم تولۇق ساقىيىپ كەتمىگەچكە ئاۋازىم كۆڭۈلدىكىدەك جاراڭلىق بولمىدى.

— بىراۋ، — دېدى ئەھۋالىمنى ھېس قىلغان ساقچى باشلىقى مىيىقىدا كۈلۈپ، — «چاتاق يوق» مۇ ئەمەسكەن، قارىغا، ئاۋازىڭىزنىڭ غاراڭلاپ، كۆزىڭىزنىڭ ياشاڭغىراپ تۇرغىنىنى.

— ئاۋازىمغۇ ئەسلىلا سۇزۇك ئەمەس، — دېدىم مەن چاقچاق ئارىلاشتۇرۇپ، — كۆزۈمنىڭ ياشاڭغىرىشىنى خۇشاللىق يېشى دەپ چۈشەنسىڭىز بولىدۇ.

— شۇنداقمۇ؟! — قاقاقلاپ كۈلدى ساقچى باشلىقى، — ئەمىسە مەيلى، يولغا چىقايلى.

بىز شۇ كۈنى يەنە ئىككى ساقچىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن «لاتا پىكاپ» قا ئولتۇرۇپ، كەچ سائەت تۆتلەر ئەتراپىدا ھېلىقى بالا تەگكۈر سافانى تېپىۋالغان جايغا يېتىپ كەلدۇق.

— مۇشۇ يەرمۇ؟

— دەل مۇشۇ يەر.

— دەل مۇشۇ يەر ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىسىز؟ — سورىدى ساقچى باشلىقى گىياھسىز چەكسىز چۆلنى كېسىپ ئۆتكەن يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە قاراپ ئىشەنمىگەندەك، — ئەتراپىتا بەلگە بولغۇدەك ھېچ نەرسە يوققۇ؟

— بىز شوپۇرلار كىلومېتىر كۆرسەتكۈچ تاختىلىرىنى بەلگە قىلىمىز، — دېدىم مەن ساقچى باشلىقىغا چۈشەندۈرۈپ، — مەن ئەينى ۋاقىتتا ئەنە ئاۋۇ قارىيىپ

كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۆستەڭدىن يولغا چىقىپ، ئون كىلومېتىر يول باسقاندىن كېيىن، ئون بىرىنچى كىلومېتىرنىڭ ھەر يۈز مېتىر ئارىلىقىغا قېقىلىدىغان مانا مۇشۇ ئۇچىنچى تاختىنىڭ ئالدىدا سافانى ئۇچراتقانلىقىمنى غىل - پال يادىمغا ئېلىۋالغانىدىم، بۇنىڭ بۇگۈنكى كۈنلۈكتە ئەسقېتىپ قېلىشىنى نېمە بىلەي.

ساقچى باشلىقى قايىللىقىنى بىلدۈرۈپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى - دە، پايانسىز چۆل دېڭىزى ئارىسىدىكى كۆز يېتىم جايلاردا قارىيىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان مەھەللىلەرگە كۆز تىكتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ يېقىنى يەنىلا ھېلىقى پېنسىيىگە چىققان تاشيول ئاسراش ئىشچىسى بىنا قىلغان ئۆتەڭ ئىدى. ساقچى باشلىقى ئەنە شۇ ئۆتەڭگە تىكىلگىنىچە قوشۇمىسىنى تۈرۈپ نېمىلەرنىدۇر پەملىگەن قىياپەتتە شۇ يەرگە بېرىشنى بۇيرۇدى. «لاتا پىكاپ» ھەش - پەش دېگۈچىلا ئۇ يەرگە يېتىپ باردى. ساقچى باشلىقىمۇ ھەش - پەش دېگۈچىلا شۇ يەردىكى ج خ ئىدارىسىنىڭ ئىش باشقۇرۇش ئورنىدىكىلەرنى ئورنىدىن تىك تۇرغۇزۇپ، مۇناسىۋەتلىك دېلونىڭ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى باشلىۋەتتى. ئەھۋالغا قارىغاندا بۇ باشلىق ئۆز خىزمىتىگە ھەم ماھىر، ھەم ئەستايىدىل كۆرۈنەتتى. بۇنى ئۇ ئېلىپ كەلگەن ھېلىقى سافا، سافادىكى جەسەت، شۇنداقلا سافادا قالغان بارماق ئىزلىرىنىڭ چوڭايتىلغان سۈرەتلىرى دەلىللەيتتى. ئۆز دائىرىسىدە يۈز بەرگەن شۇنچە چوڭ دېلونىڭ تېخىچە شەپىسىنىمۇ سەزمىگەن ۋەكالەتتەن ئىش باشقۇرۇش ئورنىدىكىلەر سۈرەتلەرنى كۆرۈپلا پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ئورنىدا تۇرالماي قالدى. ئالدى بىلەن سۈرەتتىكى جەسەتنى ئىنچىكىلەپ كۆردى، ئۇنى

تونالمىغانلىقى مۇقىملاشقاندىن كېيىن بارماق ئىزلىرى چۈشۈرۈلگەن سۈرەتنى بارماق ئىزى قالدۇرۇلغان دەپتەرچاقتىكى غوپۇر جودانىڭ بارماق ئىزلىرىغا ئوخشىتىپ، بىزنى دەرھال ئۇنىڭ ئۆيىگە باشلاپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە غوپۇر جودا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا ئۆزلۈكىدىن ئوقۇشتىن توختاپ، كوچا چىڭداپ يۈرۈشنى كەسىپ قىلىۋالغان ياشلارنىڭ بىرىكەن، قىلىدىغان مۇقىم ئوقىتى بولمىغانلىقتىن ئېپى كەلسە، باشقىلارنىڭ تەنزىسىگە قول تەگكۈزۈپ قويۇپ، بىرقانچە قېتىم ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىپ، ئەنگە ئېلىنغانىكەن. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ھازىرغا قەدەر مۇقىم بىر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتالماي، يەنىلا لاغايلاپ يۈرۈشى ئۇنى باشقىلارنىڭ گۇمانىدىن ساقىت قىلالمايتتى.

ماشىنىمىز يۇلغۇن ۋە توغراقلار ئارىسىدىكى ئەگرى - بۈگرى توپا يولنى بېسىپ، ئون نەچچە مىنۇتتىلا ئۇنىڭ ئۆيىگە يېتىپ باردى. چاچلىرى ئاقارغان، ئاتمىش نەچچە ياشلىق موماي ماشىنا ئاۋازىنى ئاڭلاپلا ئىشىك ئالدىغا ئالدىراپ چىقتى - دە، ئۆي تەرەپكە قاراپ زارلىنىشقا باشلىدى.

— ھەي غوپۇر، ھەي غوپۇر، يەنە جودا تېرىغان ئوخشىمامسەن؟! قارىغىنا يەنە ساقچىلار كېلىپ قالدى.

مومايىنىڭ گېپى تۈگە - تۈگىمەيلا تۆزە تاملىق پاكارغىنە ئۆي ئىچىدىن يىگىرمە ئىككى ياشلار چامىسىدىكى ئېگىز، تاتىراڭغۇ بىر يىگىت چىقىپ كەلدى - دە، ياۋاشلىق بىلەن ئالدىمىزغا كەلدى.

— غوپۇر، نېمە گۇناھ قىلغانلىقىڭنى ياۋاشلىق بىلەن

تاپشۇرامسەن، يوق، — دېدى يەرلىك ساقچى ئۇنىڭغا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، قاتتىق توۋلاپ.

— ئەلۋەتتە تاپشۇرىمەن، سوجاڭ. لېكىن ماڭا ئىشىنىڭ، مەن ئۇنىڭ تەپسىلاتىنى چۈشەندۈرەي.

— قېنى سۆزلە.

شۇ يەردىلا سوئال - سوراق باشلىنىپ، ھەش - پەش دېگۈچىلا ئىشەنچلىك جاۋاب ئېلىندى. بۇنى ئاڭلاپ، ئۆز قۇلىقىمغا ئۆزۈم ئىشەنمەي، ئەقلىمدىن ئېزىشقا تاس قالدىم. بۇنىڭ جەريانى مۇنداق ئىكەن:

غوپۇر جودا شۇ كۈنى كەچتە، كۈندىلىك ئادىتى بويىچە ئۆيىدە ئولتۇرغۇسى كەلمەي، بىر - ئىككى رومكا قېقىۋېلىپ، ئۆتەڭ يېنىدىكى كالتە بازارنى «ئاۋات» لاشتۇرۇشقا چىققان. ئۇ يەردە نەبى دوقا دەيدىغان ئاغىنىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، پارچە ھاراق ساتىدىغان بىر دۇكانغا كىرىپ تىك تۇرما قىلىشىپ گازىر - پۇرچاقلار بىلەن ئىچىشكەندىن كېيىن خېلىلا قىزىپ قالغان. شۇ ئەسنادا نەبى دوقا ئۆتەڭ ئالدىغا توختىتىلغان يۈك ماشىنىسى ئۈستىدىكى كىگىز تېڭىقنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز بولغاندىمۇ نەچچە ئون مىڭ يۈەنلىك مال بارلىقىنى ئېيتىپ، كۆزەتچىنى مەس قىلىپ ئۇخلىتىپ قويسىلا، ھەش - پەش دېگۈچە شۇنچە زور بايلىققا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان، غوپۇر جودا دەسلەپ بۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزلىرىگە ياخشى ئاقىۋەت كەلتۈرمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىچىملىكنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن ئاستا - ئاستا يۈرىكى چوڭىيىپ، ئىلگىرىمۇ ئانچە - مۇنچە ئارىلىشىپ يۈرىدىغان كۆزەتچىنى بىللە ھاراق ئىچىشكە

كۆندۈرگەن. كۆزەتچى هاراق كۆتۈرەلمەيدىغان بولغاچقا، ئۇلار بىلەن ئىچىشنى رەت قىلغان. لېكىن ئىككىسىنىڭ كاندەك يېپىشىۋېلىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئەڭ بولمىغاندا سوغۇقتىن مۇداپىئەلىنىشكە پايدىسى بولۇپ قالار دېگەننى ئويلاپ، بىرئازلا جۇڭ تارتىشىپ بېرىشكە ماقۇل بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارمىقىغا ئىلىنىپ قالغان - دە، ئىچە - ئىچە، خۇدىنى بىلمەي ھۇجرىسىغا كىرىپ ئۇخلاپ قالغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ماشىنىدىن تېڭىقنى چۇشۇرۇپ، نەبى دوقىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارغان. ئارىلىق خېلىلا يىراق بولغاچقا ئۇلار يولدىلا ئىككى - ئۈچ سائەت ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن. خەيرىيەت، نېمىلا بولسۇن، ئۇلار تېڭىقنى ئۆيگە بىخەتەر ئېلىپ بارغان - دە، خۇشال - خۇراملىق بىلەن يەشكەن. . . لېكىن تېڭىقتىن ئۇلار كۈتكەن نەچچە ئون مىڭ يۈەنلىك مال ئەمەس، ئەكسىچە، قېرىپ، قورۇلۇپ قالغان بىر بوۋاينىڭ ۋەھىمىلىك مۇردىسىنىڭ چىقىشى ئۇلارنى قاتتىق ساراسىمىگە سالغان. ئۇلار قورقۇنچ ئىچىدە قاتتىق ھودۇقۇپ، جايىغا ئاپىرىۋېتەي دېسە يولدا تۇتۇلۇپ قېلىشتىن، بىر يەرگە كۆمۈۋېتەي دېسە، ئىتلار تېپىۋېلىپ، يەنىلا بىر بالا تېرىلىشىدىن ئەنسىرەپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قاپتۇ. شۇ ئەسنادا نەبى ئەقىل تېپىپتۇ. ئۇنىڭ قوشۇمچە ياغاچچىلىق ھۈنىرى بولۇپ، بەزى - بەزىدە خۇشى تۇتۇپ قالسا، توغراق تاختايلىرىدىن سافا ياساپ، سېتىش بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدىكەن. شۇ كۈنى ئۇنىڭ تۆت كىشىلىك بىر ساندۇقلۇق سافاسى تەييار بولۇپ قالغانىكەن. نەبى «كاللىمۇ يېمەسلىك، چىشمۇ چاقماسلىق» ئۈچۈن مېيىتنى شۇ سافاغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، غوپۇر جودا بىللە قول

ھارۋىسىغا سېلىپ ئۆتەڭدىن ئون كىلومېتىرچە يىراقلىقتىكى تاشيولغا كېچىلەپ سۆرەپ ئاپىرىپ، تاشلىۋېتىپ يېنىپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ خىيالىچە، بۇ سافا بۇ يەردىن باشقىلار تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلسىلا، ئۆزلىرى قانۇن ئورۇنلىرى تەرىپىدىن ئەيىبلىنىشكە ھەرگىز ئۇچرىماسمىشكەن. ئەپسۇسكى... مەن ئۇنىڭ ھېكايىسىدىن تولىمۇ ھاڭ - تاڭ بولغان ھالدا، سافا ئىچىدىكى جەسەتنىڭ ئورۇمچىدىكى ھېلىقى تونۇشۇمنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ماشىنامغا چىقىرىۋالغان ھەمراھىمنىڭ قارا كىڭىزگە يۆگىلىپ، سىرتىدىن ئارغامچا بىلەن ماتالغان ھېلىقى تېڭىقىدىن چىققانلىقىنى جەزملەشتۇرۇپ، ئىچ - ئىچىمگە تىترەك ئولىشىپ، ئۆزۈمنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالدىم. ئاخىر كۆڭلۈمدىكىنى ساقچى باشلىقىغا ئېيتتىم. ساقچى باشلىقى بارغانسېرى يۇمۇرلۇق تۇس ئېلىۋاتقان بۇ دېلونىڭ غەلىتە جەريانىغا ھەيرانلىقى ئېشىپ، قاشلىرى ھىمىرىلىپ، لەۋلىرىدە بىلىنەر - بىلىنمەس جىلمىيىش ئەكس ئېتىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇزاق ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا، يەرلىك ساقچىلارغا ھېلىقى ئىككىسىنى تۇتۇپ تۇرۇشنى تاپىلاپ قويۇپ، يولىمىزنى ئورۇمچىگە توغرىلىدى. مەن ئۇلارنى توپتوغرىلا ھېلىقى تونۇشۇمنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ باردىم. بەختىمىزگە ئۇ ئۆيىدە ئىكەن. ئۇ مېنىڭ ساقچىلار بىللە كىرگىنىمگە ھەيران بولۇپ، سەل - پەل چۆچۈدى، لېكىن چاندۇرماي، مېھماندوستلۇقىنى ئىپادىلەپ، ھەممىمىزنى يۇقىرىغا تەكلىپ قىلدى. بىز ئۇنى چۆچۈتۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن چاي - پېيىنى ئىچكەچ، تاتلىق - تۇرۇملىرىغا خاتىرجەم ئېغىز

تەگدۇق. ساقچى باشلىقى ئەھۋاللىشىشنى ماڭا ھاۋالە قىلغاچقا، گەپنى ئەگىتىپ تۇرماي، ئۇنىڭ يۇرتلۇقىنى ئۆيىگە يەتكۈزۈپ قويغانلىقىمدىن باشلاپ، لېكىن ھېلىقى تېڭىق تۇپەيلى ئاز ھەرەج تارتمىغانلىقىمنى ئۇنىڭغا پۇراتتىم. ئۇ كۆڭلىدە بۇ تېڭىقنىڭ ساقچىلار تەرىپىدىن سېزىۋېلىنغانلىقىنى، شۇڭا ئۇلارنىڭ مەن بىلەن ئەگىشىپ كەلگەنلىكىنى پەرەز قىلدى بولغاي، گېپىمنى بۆلۈۋېتىپ، ساقچىلارغا قاراپ، يالۋۇرغان قىياپەتتە ئېغىز ئاچتى:

— سىلەرنىڭمۇ توغرا، چۈنكى مېيىت دېگەننى يوشۇرۇن ئېلىپ مېڭىش مەنئى قىلىنىدۇ، لېكىن قولنىڭ قىسقىلىقى كىشىنى نېمە كويلارغا سالمايدۇ. بولۇپمۇ مۇشۇ كۈندە تاپقان - تەرگىنى قۇرسىقىغىمۇ دالدا بولمايدىغان دېھقان خەق ئۈچۈن بىر مېيىتنى مەخسۇس ماشىنىدا ئېلىپ مېڭىش تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان ئىش. شۇڭا مەن يۇرتلۇقۇمنىڭ قىيىنچىلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ ئاغىنەمگىمۇ ئۇقتۇرماي، ئۇنىڭ دوختۇرخانىدا قازا قىلغان قېرىندىشىنى يۈك - تاق شەكلىدە بۇنىڭ ماشىنىسىغا سېلىپ بەرگەنىدىم. شۇڭا خاتالىق يۈزدە يۈز مەندە. بۇ ئاغىنەمدە گۇناھ يوق، لېكىن كەچۈرۈڭلار، دېيىشتىن باشقا ئامالىم يوق، چۈنكى قولۇم قىسقا. . .

تونۇشۇمنىڭ ئۆز يۇرتدىشىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مېيىت يۆتكەش بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى توغرىسىدىكى تونۇشى قانۇنى ئورۇنلار، بولۇپمۇ بۇ دېلوغا مەسئۇل بولۇپ، مېنى باشتىن - ئاخىر ئەگەشتۈرۈپ كېلىۋاتقان ساقچى باشلىقىغا قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، لېكىن مېنىڭ تامامەن

گۇناھسىز ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلىماقتا ئىدى، شۇڭا مەن ئۆزۈمنى يېڭىۋاشتىن دۇنياغا كەلگەن بىگۇناھ، پاك، سەبىي بوۋاقتەك يەڭگىل ھېس قىلىپ، ساقچى باشلىقىغا مەمنۇنىيەتلىك بىلەن تىكىلىپ قويدۇم. ساقچى باشلىقى قانداقلا بولسۇن خېلىلا ئەمەلىيەتچان كىشى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ، تونۇشۇمغا ئۇنىڭ سادىر قىلغان خاتالىقىنىڭ قانۇنىي جەھەتتىكى يامان تەسىرىنى ئەستايىدىل چۈشەندۈرۈپ، بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلىشنى تاپىلاپ، سىلىقلا خوشلاشتى. دەرۋەقە، بۇ ئىش مېنىڭ شوپۇرلۇق تارىخىمدا بىرلا قېتىم، تەسادىپىي يۈز بەرگىنىگە ئوخشاش يۈرتىدىشىمغا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ، ئۇ بۇنداق خاتالىقنى بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز تەكرارلىماس دەپ ئويلايمەن. . .

ساقچى باشلىقى قايتاشىمىزدا ھېلىقى ئۆتەڭگە كېلىپ توختاپ، يەرلىك ساقچىلارغا ئەھۋالنى دوكلات قىلىپ، ھېلىقى ئىككىسىنى باشقا ئىش - پىشى بولمىسا، بىر مەزگىل توختىتىشتا ساقلاپ تۇرۇپ، قىلمىشىغا توۋا قىلغاندىن كېيىن چىقىش يولى بەرسە بولىدىغانلىقىنى تاپىلاپ قويدى.

بىز شۇنىڭدىن كېيىن، مېنىڭ يول باشلىشىم بىلەن ھەمراھىمنىڭ مەھەللىسىگە يەتتۇق. ئۇلار مېنىڭ تونۇشۇمنىڭ مۆلچەرلىگىنىدەك ئانچىمۇ نامرات خەق ئەمەسكەن. پۈتۈن يېزا خەلقىنى جەم قىلىپ، ئۆلگۈچىنىڭ روھىغا نەزىر بېرىۋېتىپتۇ. ھەمراھىم مېنى يىراقتىنلا كۆرۈپ، غۇلاچلىرىنى غاز قانىتىدەك يېيىپ، كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆككىنىچە، قۇچاقلاپ تۇرۇپ ھازا ئاچتى. بىراق ئۇ يەنىلا بىچارە ئىدى. چۈنكى مېنى شوپۇرلۇق

سالاھىيتىم بىلەنلا تونۇغىنى بىلەن، ئۇ سادىر قىلغان مۇرەككەپ دېلونىڭ شاھىتى ئىكەنلىكىنى تامامەن بىلمەيتتى. ئۇ مەن بىلەن ئەنە شۇنداق نادامەت ئىچىدە مۇسىبەتلىك قەلبىنى توختىماي تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرى بىلەن «پاكىز» لەۋاتقان جەرياندا ساقچى باشلىقى ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى بىلەن ئەسرارلىشىپ، مېيىتنىڭ ئۇرۇمچىدە دەپنە قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسەن بۇ يەردە ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان دەبدەبىلىك نەزىرنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق ئىگىلەپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى رەسىملەرنى كۆرسىتىپ، ھەمراھىمنىڭ ئەھۋالىنى ئۇلارغا يەتكۈزۈپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇزاق سەپەردە ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرگەن مېيىتنىڭ ئىگىلىرى شۇ يەردىلا ھەمراھىمنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ، سوراققا تارتقىلى تۇردى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە ئۆلگۈچى ئۇرۇق - تۇغقانلار ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر زات بولۇپ، راك كېسىلىنىڭ ئەجەللىك ئىلكىگە ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئۇنى ساقايتىۋېلىش ئىستىكى بىلەن ھەممە بەس - بەستە پۇل چىقىرىپ، ھەمراھىم ئارقىلىق ئۇرۇمچىگە يوللىغان. بۇ جەرياندا ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارا توپلانغان ئىقتىساد بىمار ۋاپات بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ مەخسۇس ماشىنا بىلەن يۇرتقا يۆتكەپ كېلىشمۇ ئېشىپ قالىدىغان دەرىجىدە ئىكەن. بىراق ھەمراھىمنىڭ پۇلغا ھەرقانچە ئامراق بولسىمۇ، بۇنداق كۆڭلى قارىلىق قىلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىكەن.

ساقچى باشلىقى ئەھۋالنى ئىگىلىگەندىن كېيىن ھەمراھىم بىلەن ئايرىم پاراڭلاشتى.

— نېمە دېگەنبىلەنمۇ، — دېدى ھەمراھىم تىرنىقىنى

تاتىلغانچە تاتىرىپ تۇرۇپ، — ئۆتكەن ئىش ئۆتتى، «ئۆلمەكنىڭ كەينىدىن ئۆلمەك يوق» پۇل ھايات قالغانلارغىلا مەنسۇپ، شۇڭا مەن. . .

— سەن، يا ئۇ پۇلنى خەجلىمىسەڭ، — دېدىم مەن ئۇنىڭ يول بويى بىر پىيالە چايغىمۇ پۇل خەجلەشكە قىيمىغانلىقىنى يۈزىگە سېلىپ، — يەنە نېمىگە ئىشلەتمەكچىدىڭ؟

— پۇل دېگەن شۇنداق مەرى ئىسسىق بىر نېمىكەن، — دېدى ئۇ بىردىن يىغلامسىراپ، — شۇنىڭ ئۈچۈن مەن شۇنداق. . .

ئۇنىڭ سۆزىنى توغقانلىرىغا قايتا چۈشەندۈرۈشنىڭ ھاجىتى بولمىسىمۇ، لېكىن توغقانلىرى ئۇنىڭ بىلەن ھېسابلىشىپ، ئەرۋاھ خاتىرىسى ئۈچۈن بولسىمۇ، بارلىق پۇللىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىشنى تەلەپ قىلدى. ساقچى باشلىقىمۇ ئۇنىڭ پەيدا قىلغان دېلوسىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن سەرىپ قىلىنغان چىقىمنى تولۇق تۆلىتىپ ئالىدىغانلىقىنى جاكار قىلدى. ھەمراھىم بۇنى ئاڭلاپ، شۇ يەردىلا پاتنىڭى تارتىشىپ، ئارقىسىغا تىرىكنىدە ئۈچۈپ كەتتى. . .

## خاتىمە

شۇنىڭدىن كېيىن مەن ھەر يىلى ئۇرۇمچىگە بېرىپ - كېلىش سەپىرىمدە ئەنە شۇ يېزىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، قەبرىستانلىقنى كۆزدىن كەچۈرۈپ قويىمەن. يىللار شاملى تېخى تولۇق ئۇچۇرۇپ كېتەلمىگەن ئىككى قەبرە ھامان كۆز

ئالدىمدا نامايان بولۇپ تۇردى. ئۇنىڭ بىرى، سافادىن چىققان ھېلىقى مېيىت ئىگىلىگەن تۇپراق، يەنە بىرى، ھەمرايىمنىڭ تۇپرىقى. ھەر ئىككى تۇپراق بىر - بىرىدىن پەرقلەنمىسىمۇ، لېكىن ھەر ئىككىسىنىڭ پەرقى ماڭا تولىمۇ ئايان. بولۇپمۇ ھەمرايىم ماڭا تولىمۇ چۈشىنىشلىك بولغاچقا ھەر قېتىم كەلگىنىمدە خۇددى ئۆز قەبرىسى ئۇستىگە چىقىۋېلىپ، تامامەن پۇل ساناش بىلەن بەنت بولۇپ كەتكەندەكلا كۆرۈنىدۇ. تۇۋا ئۇ ئالەمدىمۇ پۇل خەجلىنىدىغان ئوخشامدۇ؟ ھۆرمەتلىك يازغۇچىلار، سىلەرنىڭ قەلىمىڭلار ھەر ئىككى ئالەمدە ئىشلىنىدىغان پۇلنىڭ رەسمىنى سىزالامدۇ؟ . . .

*

شوپۇر ماشىنىسىغا كۆچەپ ماي بېسىپ، يۇقىرىغا ئۆرلەۋېتىپ ماڭا مەنىلىك قاراپ قويدى. مەنمۇ بىلىنەر - بىلىنمەس تەبەسسۇم قىلىپ قويدۇم. چۈنكى بۇ ئىزاھات تەلەپ قىلىنىشقا ھاجەتسىز بولغان يېڭى ھېكايە ئىدى.

# تۇغماس

(پوۋېست)

## بىرىنچى قىسىم

### تىلەمچى

ئىشىكنىڭ يەڭگىل تاقىلدىشى مەستۈرەنى ئويغىتىۋەتتى. ئۇ ئاپئاق بىلەكلىرىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن يوتقاندىن چىقىرىپ، كۆزلىرىنى سائەتكە تىكتى. سائەت ئىسترېلكىسى سەككىزنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. بۈگۈن مەستۈرەنىڭ دەم ئېلىش كۈنى ئىدى.

مەستۈرە يىگىرمە بەش ياشلار چامىسىدىكى تېخى بالا يۈزى كۆرمىگەن چوكان ئىدى. ئۇنىڭ ئېرى يېقىندىلا بىلىم ئاشۇرۇش زۆرۈرىيىتى بىلەن ئىچكى ئۆلكىگە كەتكەنىدى. شۇڭا ئىشىكنى مەستۈرەنىڭ ئۆزىلا ئېچىپ بېرىشى كېرەك ئىدى.

ئىشىك يەنە تاقىلدىدى.

— مانا هازىر، بىر مىنۇت تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ.

مەستۈرە ئالمان - تالمان كىيىنىپ، ئىشىكنى ئاچتى - دە، بىر قولىدا بوۋاق، بىر قولىدا پارچە نان سېلىنغان خالتا كۆتۈرۈۋالغان ئوتتۇز بەش ياشلار چامىسىدىكى بىر تىلەمچى

ئايالنىڭ ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— ھە، سىز ئىكەنسىز - دە؟ — دېدى مەستۇرە ھەيرانلىقىنى يوشۇرالماي.

— توۋا گۇناھنى يەر، سەدىقە بالانى. . . ئۇلۇغ ئاي، ئۇلۇغ كۇنلەرنىڭ شاراپىتى، بالا - چاقىلارنىڭ بەختى - پېشانىسى، ئالتۇن بويلىرىنىڭ سەدىقىسى. . .

چىرايىدىن مۇڭ - ھەسرەت، ئاۋازىدىن نالە - پەرياد يېغىپ تۇرغان تىلەمچىنىڭ ئۇزۇلمەس مۇناجىتى مەستۇرەنىڭ دىلىنى ئەزدى. ئۇ تىلەمچىنىڭ سولغۇن چىرايىغا، ئۇستىبېشىنى ئارانلا ئوراپ تۇرغان جۇل - جۇل كىيىملىرىگە ئىچىنىش بىلەن كۆز تاشلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئېتىكىگە يېپىشقانچە، ئانىسىنىڭ كەينىگە سەل - پەل يوشۇرۇنۇپ، قورقۇمسىراپ قاراپ تۇرغان تۆت - بەش ياشلىق ئوغۇلنى كۆردى - دە، تېخىمۇ بىر قىسما بولۇپ كەتتى.

«توۋا، — دەيتتى ئۇ ئىچىدە، — باينى مال باسىدۇ، كەمبەغەلنى بالا، دېگىنى مۇشۇ ئىكەن - دە! بىر ئۆيدە بالا زارلىقى، يەنە بىر ئۆيدە بالا خارلىقى. . . ئاھ خۇدا!»

بالىغا بولغان تەشنالىقى مەستۇرەنىڭ يۈرىكىنى قوقاستەك ئۆرتىدى. گەرچە ئۇ تۇرمۇشتا ئالدىدىكى بۇ ئايالغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە كاپالەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن بالىسىزلىقى تۈپەيلىدىن ئۆزىنى ئۇنىڭدىن بەتتەر بەختسىز ھېس قىلدى.

— قېنى ئۆيگە كىرىڭ، — دېدى ئۇ تىلەمچىنىڭ «بەختى» گە بولغان ھەۋىسىنى يوشۇرالماي، — بىر پىيالە چاي ئىچىڭ.

— رەھمەت، — دېدى تىلەمچى ئەيمىنىپ، — پادىشاھنىڭ ھەرىمىدەك ئېسىل ئۆيلىرىگە قەدەم تەشرىپ قىلغۇچىلىقىمىز يوق. ئەگەر مۇۋاپىق كۆرسىلە بالا ـ چاقىلىرىنىڭ كونا كىيىملىرىنى بۇ باللارغا سەدىقە قىلغان بولسىلا، تولىمۇ ساۋابلىق ئىش بولاتتى.

— كەچۈرۈڭ، — دېدى مەستۇرە خورسىنىپ، — مېنىڭ بالا ـ چاقام يوق. مۇۋاپىق كۆرسىڭىز سىزگە لايىق كەلگۈدەك كىيىملىرىم بار، قېنى ئاۋۋال ئۆيگە كىرىڭ.

تىلەمچى ئايال نەچچە يېرىدىن يامالغان توپلىيى بىلەن خالتىسىنى ئىشىك تۈۋىدە قالدۇرۇپ، كارىدورغا سېلىنغان پالازنى يالىڭاياغ دەسسەپ، گىلەملەر بىلەن چوغدەك ياسالغان مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ توختاپ قالدى.

— قېنى كىرىۋېرىڭ، — دېدى مەستۇرە ئۇنى زورلاپ، — سافاغا بېرىپ ئازادە ئولتۇرۇڭ، مەن ھازىرلا چاي ئېلىپ كىرىمەن.

تىلەمچى ئايال ياسىداق ئۆيگە بەكمۇ قورۇنۇپ كىردى. ئۇنىڭ بەش ياشلىق ئوغلى ئۇنىڭغا قارىغاندا تېخىمۇ قورۇندى بولغاي، ئۇنىڭ ئېتەكلىرىگە تېخىمۇ چىڭ ئېسىلىۋېلىپ، ئۇنىڭ مېڭىشىنى قىيىنلاشتۇرۇپ قويدى.

— نېمانچە يېپىشىۋالىسەن؟ — دېدى مەستۇرەنىڭ ئاشخانىغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى سەزگەن تىلەمچى ئايال بالىسىنى نوقۇپ، — قويۇۋەت ئېتىكىمنى.

ئانىنىڭ سىلكىشى بالىنىڭ غۇرۇرىغا تەگدى بولغاي، بالا ئانىغا قاراپ بىر دومسايدى ـ دە، ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

— نېمە قىلدىڭىز بۇنى، — دېدى مەستۈرە ئاشخانىدىن چىقىپ، — بالىنىڭ دىلىغا بۇنداقمۇ ئازار بەرگەن بارمۇ؟! يىغلىما قوزام، مەن هازىر ساڭا شاكىلات بېرىمەن. ئاللا، قوللىرىڭ كۆمۈرچىنىڭ قوللىرىدەك بولۇپ كېتىپتىغۇ، بۇنداق قول بىلەن شاكىلات يېسەڭ ئاغرىپ قالىسەن. يۈر، ئاۋۋال قولۇڭنى يۇيۇپ قوياي.

بالا قارشىلىقسىزلا مەستۈرەنىڭ يېتەكلىشى بىلەن سىرتقا ماڭدى. بۇنى كۆرگەن تىلەمچى ئايال ئۆزىگە ۋە ئوغلىغا خەيرخاھلىق قىلىۋاتقان بۇ ئايالغا هەيران قالدى.

— مانا ئەمدى شاكىلاتنى خالىغىنىڭچە يە.

مەستۈرە يۈز - قولى پاكىز يۇيۇلغان ئوغۇلنى يېتىلەپ كىرىپ سافاغا ئولتۇرغۇزدى. ئالدىغا بىر تەخسە شاكىلات قويدى. ئۇنى كۆرگەن بىر ياشلىق بوۋاقمۇ ئۆزىچە بىرنېمىلەرنى دەپ گوڭگىراپ، تەخسىگە قول سوزدى.

— مانا خېنىم، — دېدى مەستۈرە بوۋاقنى ئەركىلەتكەچ، ئۇنىڭغا بىر تال شاكىلات سۇنۇپ، — سىلىنىڭ قوللىرىنىمۇ يۇيۇپ قويايمۇ - قانداق؟

بوۋاق يېڭىدىن چىققان ئىككى تال چىشىنى كۆرسىتىپ، شوخلۇق بىلەن كۈلدى - دە، شاكىلاتنى سىقىمدىغىنىچە ئاغزىغا ئېلىپ باردى.

مەستۈرە ئۇنىڭ قىلىقىغا زوقلىنىپ، ئۇنى - بۇنى دەپ ئەركىلەتكەچ داستىخان راسلاپ چاي كەلتۈردى.

— بەكلا ئاۋارە بولۇپ كەتتىلە، — دېدى تىلەمچى ئايال تىزىلىۋاتقان هەر خىل پېچىنە - تورتلارغا قاراپ.

— بۇ مانا مۇشۇ ئىككى بالىڭىزنىڭ هۆرمىتى، چۈنكى مەن پەرزەنت كۆرمىگەن. پەرزەنتلىك ئاياللارغا بەكمۇ

ھەۋىسىم كېلىدۇ. سىز نېمىدېگەن بەختلىك، بىر قىز، بىر ئوغلىڭىز بار ئىكەن.

— سىزگە شۇنداق تۇيۇلسا كېرەك، — دېدى تىلەمچى ئايال ئېغىر تىنىپ، — چۈنكى سىلەر ھۆكۈمەتنىڭ ئادىمى. تاپقان - تەرگىنىڭلار بىر ئەمەس، ئۇن بالىغىمۇ يېتىدۇ. بىز بولساق، ئاچ قالماسلىقنىڭ ھەلەكچىلىكىدىلا بولۇپ، بالىلىرىمىزنىڭ كىر، قارا قوللىرىنى يۇيۇپ قويۇشنى خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرمەيمىز. سىلى بۇگۈن بۇ بالامنىڭ يۈز - قولىنى يۇيۇپ قويۇۋىدىلا، ئانىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتى ئالدىدا بۇنداقمۇ مەجبۇرىيىتى بارلىقىنى تەسلىكتە ئەسكە ئېلىپ، جان بېقىش ھەلەكچىلىكىدە شۇنچىلىك ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىمدىن قاتتىق ئازابلاندىم. لېكىن سىلى بەكمۇ ئېسىل ئايال ئىكەنلا، بىزدىن قىلچە سەسكەنمىدىلە، ئەكسىچە...

تىلەمچىنىڭ ئاۋازى ئېچىنىشلىق تىترەپ، كۆزلىرى ياشقا تولدى. مەستۈرە يوقسۇزلۇقنىڭ ئاچچىق ھەسرىتى سىڭگەن كۆزلەردىن چەكسىز ئەلەم، نادامەتنىڭ ياشلىرى بولدۇقلاپ تېشىپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ، ئۆزىنىڭ پەرزەنتكە بولغان ئىنتىزارلىقىنىلا ئويلاپ، بۇ بىچارە ئايالنىڭ يۈرەك يارىسىنى تاتىلاپ قويغانلىقىدىن قاتتىق ئەپسۇسلاندى. دېمىسىمۇ، دۆلەت كادىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئايال بىلەن تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان بىر ئايالنى قانداقمۇ سېلىشتۇرغىلى بولسۇن.

مەستۈرە بىر تەخسە شاكىلاتنى يەپ بولۇپ داستىخاندىكى نەرسىلەرگىمۇ تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان ئوغۇلغا خىتاب قىلدى:

— قېنى ئوغلۇم، ئاۋۇ تورتتىنمۇ ئال.
ئوغۇل مەستۇرەنىڭ سۆزىنى دەرھال ئىجرا قىلدى.
— قېنى سىزمۇ ئېلىڭ، — دېدى مەستۇرە ئوغلىغا تىكىلىپ قالغان تىلەمچى ئايالغا قاراپ، — تارتىنماڭ.
تىلەمچى ئايال قىزنىغا بىر پارچە تورتنى يېگۈزۈپ قويغاندىن كېيىن ئۆزىمۇ ئېغىزلىنىشقا باشلىدى. ئۆينى جىمجىتلىق باستى.
مەستۇرە ئۇلارنىڭ يەپ - ئىچىشلىرىگە بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن تىلەمچى ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئەھۋالىغا قىزىقىپ قالدى.
— ئېرىڭىزمۇ مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنامدۇ؟ — دېدى ئۇ ئاخىر جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.
— شۇنداق، — دېدى تىلەمچى ئايال قىزىق چاينى ئىشتىها بىلەن ئوتلاپ، — لېكىن ئۇ «كۆتتۇمدە ئىشتان يوق، ئېتىم مارجان بۇۋى» دېگەندەك، بەزىدە ئېچىپمۇ قويىدۇ.
— ئۇنداقتا پۇلنى نەدىن تاپىدۇ؟
— نەدىن تاپاتتى، مەن يىغىپ بارغان پارچە - پۇرات نانلارنى قوي، كالا بورداپدىغانلارغا ساتىدۇ.
— ئۇنداق ئاۋارە بولغۇچە، بىرەر ئىش - ئوقەتنىڭ پېشىنى تۇتسا بولمامدۇ، كېسەلمۇ يا؟
— ياقەي، ئىشلەپمۇ باققان، لېكىن نوپۇسى بولمىغاندىكىن ھېچ يەردە ئۇزاق ئىشلىيەلمىدى. ئاخىر مۇشۇ ئىشقا كىرىشىپ قالدى.
— سىزنىڭمۇ نوپۇسىڭىز يوقمۇ؟
— ماڭا نوپۇسنىڭ نېمە ھاجىتى. مەن ئەسلىدە بار

بولغان نوپۇسىمۇ تاشلاپ قېچىپ كەلگەن شور پېشانە.

— مۇشۇ ئېرىڭىز بىلەنمۇ؟ — سورىدى مەستۈرە ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭقىرالماي.

— ماڭا ئەر بولغانلارنى ساناپ كەلسەم خېلىلا بار، — دېدى تىلەمچى ئايال ئۆزىنى مەسخىرە قىلغاندەك ئاچچىق كۈلۈپ، — لېكىن بۇنىڭ بىلەن ئەمەس.

— ھە؟

مەستۈرەنىڭ بەدەنلىرى تىكەنلىشىپ، كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى. ئۇ كۆپ ئەرگە تەگكەن ئاياللارنى ياقتۇرمايتتى.

. تىلەمچى ئايال مەستۈرەنىڭ ھەيران قالغانلىقىنى دەرھال سەزدى. گەرچە ئۇ تىلەمچى بولسىمۇ، ھەر ھالدا سەگەك ئىدى.

— مەن ئەسلى يېزىلىق ئىدىم، — دېدى ئۇ مەستۈرەنىڭ ئۆزى ئۈستىدە خاتا چۈشەنچىگە كېلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشىپ، — ئوتتۇرا مەكتەپكىچە ئوقۇدۇم. ئاتا ـ ئانامنىڭ زورى بىلەن ئون يەتتە ياشىمدا يېزىمىزدىكى بىرىگە تەگدىم. بىراق ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان يەتتە يىللىق ھاياتىم بىھۇدە ئۆتۈپ كەتتى. چۈنكى مەن تۇغماس چىقىپ قالدىم.

— تۇغماس؟ بۇ بالىلارچۇ ياكى كېيىن داۋالاندىڭىزمۇ؟ — تۇغماسلىق دەردىنى ھارغىچە تارتىپ كېلىۋاتقان مەستۈرە تىلەمچى ئايالنىڭ سەرگۈزەشتىسىگە قاتتىق قىزىقتى.

— مەن ئۇ چاغدا داۋالىنىش دېگەننى ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم، — دېدى تىلەمچى ئايال ئېغىر خورسىنىپ، — ئەكسىچە بۇنى پېشانەمگە پۈتۈلگەن بەختسىزلىكنىڭ بەلگىسى دەپ تونۇيتتىم. بىراق مەن توي قىلىپ بەشىنچى يىلى ئاتا ـ ئانام

كەينى - كەينىدىن ۋاپات بولۇپ كەتتى. يەتتىنچى يىلى ئېرىمىز ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىدا ئىشلىگەن چاغدا ئۆپكىسىگە سوغۇق تېگىپ قازا قىلدى. قېينانام بىلەن قېيناتام بۇنى مېنىڭ شور پېشانىلىكىمدىن كۆرۈپ، مېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتى. مەن تالادا قالدىم، نائىلاج بوپامنى كۆتۈرگىنىمچە ناھىيە بازىرىغا باردىم. چۈنكى ئۇ يەردە ئۆي خىزمەتچىسىگە ئېھتىياجلىق ئائىلىلەر كۆپ دەپ ئاڭلىغانىدىم. لېكىن تونۇش - بىلىشلەر بولمىغان ئەھۋالدا بۇنداق خىزمەتنى تېپىشمۇ تەس ئىكەن. ئامالسىزلىقتىن بىرقانچە ئاشخانىغا كىرىپ، ياردەملىشىپ بېرىشنى ئۆتۈندۈم. لېكىن ھەممىسىلا ئادەملىرىنىڭ تولۇقلۇقىنى ئېيتىپ، ئۆتۈنۈشۈمنى رەت قىلدى. نېمە قىلىشىمنى بىلمەي، كوچىنىڭ بىر تەرىپىگە توختىتىپ قويۇلغان بىر يۈك ماشىنىسىغا يۆلىنىپ تۇرسام، شوپۇر ئۇستام كېلىپ قالدى. ئۇ قىرىق بەش ياشلار چامىسىدىكى پاكار، دوغىلاق كىشى ئىكەن. ئۇ مېنىڭ بوپا قولتۇقلاپ تۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ، باشتىن - ئايىغىمغىچە قاراپ چىقتى - دە، كۆزۈمگە تىكىلدى، لاپ ئېيتمايمەن، ئۇ چاغلاردا مېنىڭ بەدەنلىرىم چىڭ، بىر كۆرگەن يىگىتنىڭ كۆزلىرى ئالا چەكمەن بولۇپ كەتكۈدەك كېلىشكەن قەددى - قامىتىم بار ئىدى. ھەرقانداق ئەرنىڭ ياخشى مەھبۇبى بولۇشۇمغا ئىشىنەتتىم. شوپۇر ئۇستامنىڭ قارىشىدىنمۇ شۇنداق مەنىنى سەزدىم - دە، ئۆزۈمنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالدىم. . .

تىلەمچى ئايالنىڭ ھېكايىسىنى بېرىلىپ ئاڭلاۋاتقان مەستۇرە ئۇنىڭ ئۆزىنى سۈپەتلەۋاتقان سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا ئۇنىڭ ھۆسن - چىرايىغا قىزىقىپ زەن

سىلىشقا باشلىدى.

ئۇ ھەقىقەتەن كېلىشكەن ئايال ئىدى. قاشلىرى قارلىغاچنىڭ قانىتىدەك ئېگىلىپ تۇراتتى، گەرچە كۆزلىرىدىن مۇڭ ـ ھەسرەت يېغىپ تۇرسىمۇ، بۇ كۆزلەر تەلمۈرۈپ تۇرغان كىيىكنىڭ كۆزىدەك چوڭ ھەم قارا، تىپتىنىق ئىدى. ئاغزى ئويماقتەك كىچىك، بويىنى ئاق قۇنىڭ بويىنىدەك ئۇزۇن ھەم ئاق ئىدى. شۇنداق بىر ئايالنىڭ تۇغماسلىق سەۋەبى بىلەن خانىۋەيران بولغانلىقى مەستۇرەنىڭ دىلىنى ئەزدى. بۇنىڭغا ئۆزىنىڭمۇ تۇغماسلىقتىن تارتىۋاتقان ئىچكى ئازابلىرى قوشۇلۇپ، گويا ئۇنىڭ تەقدىرى بىلەن ئۆز تەقدىرى ئوتتۇرىسىدا بىرخىل ئورتاقلىق باردەك ئىختىيارسىز كۆزىگە ياش ئالدى. چوكاننىڭ شوپۇر بىلەن ئۇچرىشىشىنى بەختسىزلىكنىڭ باشلىنىشى دەپ بىلىپ، كۆڭلىدە ئۇنىڭ شوپۇردىن يىراق تۇرۇشىنى تىلىدى.

— شۇنداق قىلىپ، — دېدى مەستۇرە كۆز چاناقلىرىدا ئەگىپ قالغان ياشلىرىنى بىلىندۇرمەي سۈرتۈپ، — شوپۇردىن ھەزەر ئەيلەپ قالدىم دەڭ.

— لېكىن، — دېدى تىلەمچى ئايال سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مېنىڭ ئاخىرقى ئۈمىدىم شۇنىڭغا باغلىنىپ قالغانىدى. مەن ئۇنىڭ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ، يىراقلارغا كەتسەم، ئەگەر بولمىغاندا يەتتە يىللىق ھاياتىمنى خورلۇققا گىرىپتار قىلغان بۇ ماكاندىن خوشلاشقان بولاتتىم. شۇڭا ئۇنىڭ رەھىم ـ شەپقىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قاراپ پىسىڭگىدە كۈلدۈم.

— خانقىز، — دېدى ئۇ كۆزلىرىدىن نۇر چاقنىتىپ،

ئىللىق كۆلۈمسىرەپ، — بىر ياققا بارامسىز نېمە؟
مەن كۆزلىرىمنى يەرگە تىككەنچە باشپاناھىمنىڭ يوقلۇقىنى، قىلىشقا ئوقەتمۇ تاپالمايۋاتقانلىقىمنى ئېيتتىم.
شوپۇر ماڭا ئىچ ئاغرىتقان قىياپەتتە سەل - پەل ئويلىنىۋالدى - دە:
— ئۈرۈمچىگە بارامسىز يا؟ مەن سىزنى بىرەر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قوياي، — دېدى.
مەن خۇشاللىقىمدىن ئۆزۈمنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالدىم.
— ئۆزلىرىلا ئىگە بولسىلا، — دېدىم مەن تارتىنىشنى تامامەن ئۇنتۇپ، — نەگە باشلىسىلا كېتىۋېرىمەن.
— ئۇنداق بولسا، — دېدى شوپۇر، — ھازىرلا ماڭىمىز، قورسىقىڭىز قانداق؟
مەن ئەتىگەندىن بۇيان ناشتىمۇ قىلمىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ مېنى ئاشخانىغا باشلاپ كىرىپ، بىر قاچا سومەن ئېلىپ بەردى. تاماقتىن كېيىن يولغا چىقتۇق.
ماشىنا كۆن ئولتۇرۇشقا يېقىن باش - ئايىغى يوق چەكسىز بىر سايغا كىرىپ كەلدى. بۇ يەردە ھاياتلىقنىڭ ئىزناسىنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى.
قاراڭغۇ چۈشتى. شوپۇر چىراغ ياندۇرۇپ بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن ماشىنىنى يولنىڭ چېتىگە توختىتىپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ياپقۇچنى يۇقىرى كۆتۈردى. شۇئان كابىنكىنىڭ دېرىزىلىرى ئېتىلىپ، قاراڭغۇچىلىق ئىچىدە قالدىم، مەن يورتتىكى چاغدا شوپۇرلارنىڭ مۇشۇنداق ياپقۇچنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، ماشىنىسىنى ياساۋاتقانلىقىنى تالاي قېتىم كۆرگەندىم. شۇڭا ماشىنا بۇزۇلدىمۇ نېمە،

دېگەن ئەندىشە بىلەن شوپۇردىن:
— ئۇستام، مەنمۇ چۈشەيمۇ؟ — دەپ سورىدىم.
— ياق، ئاپئاق قىز، — دېدى شوپۇر كابىنكىنىڭ مەن تەرەپتىكى ئىشىكىنى ئېچىپ، — كۆپ ماڭدۇق، ئەمدى بىر ئاز دەم ئالىمىز.

شوپۇرنىڭ كۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر غەيرىي نۇرلار چاقناپ، نەپسىنىڭ ئىتتىكلەۋاتقانلىقىنى سەزدىم - دە، يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ قالدى. لېكىن ئىنس - جىنمۇ بولمىغان بۇ چۆلدە ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى قانداقمۇ ھىمايە قىلالايتتىم؟! ئۇ مېنى ئىچكىرى سۈرۈپ، يېنىمغا چىقتى — دە، مېنى قۇچىقىغا ئېلىپ، باغرىغا باسقانچە ئاچ كۆزلۈك بىلەن سۆيۈپ كەتتى.

بىز شۇ يەردە قونۇپ قالدۇق.

بۇ ئىش يۈز بېرىپ يەتتىنچى كۈنى ئۇرۇمچىگە يېتىپ كەلدۇق. بەلكىم سىز: «ئۇچ كۈنلۈك يولنى شۇنچە ئۇزاقتا باستىڭلارمۇ؟ يولدا ماشىنا بۇزۇلۇپ قالدىمۇ يا» دېيىشىڭىز مۇمكىن. بۇ شوپۇرنىڭ ھېلىقىدەك يول ئۇستىدە بولىدىغان «دەم ئېلىش» قا قاتتىق بېرىلىپ كەتكەنلىكىنىڭ ۋەجىدىنلا بولدى.

شوپۇر مېنى توپتوغرا ئۆزىنىڭ ئۆيىگىلا ئېلىپ كەلدى. يول ئۇستىدە ئۇ بۇنداق قىلىدىغانلىقىنى ماڭا ئەسكەرتىپ قويمىغىنى ئۈچۈن بىر ئاز تەمتىرەپ قالدىم. بۇ مېنىڭ ياراپ قالغانلىقىمدىن قىلىنىۋاتقان قارامىلىقمۇ ياكى ئۇ خوتۇنىدىن ئانچە ئېھتىيات قىلىپ كەتمەمدۇ، ئىشقىلىپ، بۇ ئىش بېشىمنى خېلىلا قاتۇرۇپ قويدى.

شوپۇرنىڭ خوتۇنى چاچلىرى ئانچە - مۇنچە ئاق

ئارىلىغان، قىرىق ياشلار چامىسىدىكى قاتاڭغۇر ئايال ئىكەن. ئۇنىڭ داغ ۋە سەپكۈن ئارىلاش قارىيىپ تۇرغان سوزۇق چىرايىدىن قانداقتۇر بىر «كېسەل كۆرپىسى» ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. شوپۇرنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئۇنىڭ ئاپتوبۇستا بېلەت ساتىدىغانلىقىنى بىلدىم. ئاندىن مەن تونۇشتۇرۇلدۇم. «كېسەل كۆرپىسى» خوتۇن بۇ يەرگە كېلىش سەۋەبىمنى ئۇققاندىن كېيىن سەل - پەل ئىچ ئاغرىتقان قىياپەتتە:

— قېنى، مۇۋاپىق ئىش تېپىلغۇچە ئاش - تاماق ئەتكەچ بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرمامسىز، — دېدى، لېكىن قاپىقى تۈرۈلمىدى، ئوشۇقچە ئېچىلىپمۇ كەتمىدى.

شۇنداق قىلىپ، شوپۇرنىڭ ئۆيىدىكى ھاياتىم باشلاندى.

تىلەمچى ئايال گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئېغىر خورسىنىپ پىيالىدىكى مۇزلاپ قالغان چاي بىلەن ئېغىزىنى نەملىدى.

ئۇنىڭ ھېكايىسىنى بېرىلىپ ئاڭلاۋاتقان مەستۇرە شۇندىلا ئۇنىڭغا چاي قۇيۇشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ چىنىسىغا چاي قۇيدى.

— شوپۇر ماڭا دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى ئىسكىلات قىلىنغان ئۆينى تۇزەشتۇرۇپ بەردى، — دېدى تىلەمچى ئايال، — مەن بۇ يەردە گەرچە خېلىلا كۆڭۈل ئازادىلىكىگە ئېرىشىپ قالغاندەك ھېس قىلساممۇ، شوپۇرنىڭ يېرىم كېچىدە قويلىرىغا يەم بەرگەن بولۇپ، مېنى «يوقلاپ» چىقىپ كېتىشلىرىدىن بەكمۇ بىزار بولدۇم. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، بۇ ئىشنى ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن

قورقاتتىم. ئاخىر بۇمۇ ئاشكارىلىنىپ قالدى. چۈنكى بويۇمدا قالغانىدى. يەيدىغان - ئىچىدىغان نەرسىلەرنى كۆرسەملا ھۆ قىلغۇم كېلەتتى. بىر كۈنى تاماق ئېتىۋاتقىنىمدا مېنى قاتتىق ھۆ تۇتتى، ئىشىك ئالدىغا چىقىپلا قۇسۇۋەتتىم. شۇ چاغدا شوپۇرنىڭ خوتۇنى سىرتتىن كىرىپ قالدى. بۇ ئايال بىرلا قاراپ، ئىشنىڭ تەكتىگە يەتتى - دە، يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە چاچلىرىمنى قامالاپ، يۈزۈمگە بىر كاچات سالدى. مېنى تېخىمۇ ھۆ تۇتتى. يۈرەك - باغرىم ئېتىلىپ چىقىپ كەتكۇدەك بولۇپ، يىقىلىپ كەتتىم. شوپۇرنىڭ خوتۇنى بېقىنىمغا بىرنەچچىنى تەپتى - دە، يەنە چېچىمدىن قامالاپ ئورنۇمدىن تۇرغۇزدى.

— ھوي شەرمەندە پاسكىنا، ئېيتە! قارنىڭدىكى كۈچۈك كىمنىڭ؟ — مەن چەكسىز خورلۇق ئىچىدە لەۋلىرىمنى چىشلىگىنىمچە زۇۋان سۈرمىدىم. مەن شۇندىلا، مېنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان شوپۇرغا قاتتىق نەپرەتلەندىم. ئەگەر شۇ تاپتا ئۇ يېنىمدا بولغان بولسا، ياقىسىغا ئېسىلغان بولاتتىم. لېكىن ئۇ سەپەرگە چىقىپ كەتكەنىدى. مەن ئامالسىز بوپامنى قولتۇقلاپ چىقىپ كەتتىم.

ئۈرۈمچىگە كەلگىنىمگە بىر ئايدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئۈرۈمچىنىڭ كوچىلىرىنى تۈزۈك كۆرۈپ باقمىغانىدىم. بوپامنى قولتۇقلىغىنىمچە مىڭ - مىڭ ئادەملەر ئارىسىدا قىسىلىپ، سوقۇلۇپ ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە كېتىۋەردىم. كۆڭلۈم بەكلا پاراكەندە بولغاچقا، كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. بىر چاغدا قارىسام، بىر چوڭ ماگىزىننىڭ ئالدىغا بېرىپ قاپتىمەن. ئۇنىڭ ئىشىكىگە يېقىنلا بىر يەردە

جۇل - جۇل كىيىملىك بىر موماي داق يەردىلا ئولتۇرۇپ، تىلەمچىلىك قىلىۋېتىپتۇ. مەن ھېچبىر مەقسەتسىزلا ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ قىسىلدىم. ئۇ ئۆز نېسىۋىسىدىن قىزغانغاندەك ماڭا ئالىيىپ قاراپ قويدى - دە، خىرقىرىغان ئاۋازدا:

— ئۆزۈڭ تۇزۇكلا چوكاندەك قىلىسەن، نېمىدەپ مەندەك جۇلدۇر كىپەننىڭ يېنىغا قىسىلىسەن؟ — دېدى.

مەن شۇندىلا تۇرىدىغان ماكانىمنىڭ يوقلۇقىنى، بىرەر ئاق كۆڭۈلنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىۋاتقانلىقىمنى ئېيتتىم. موماي نۇرى ئۆچۈپ، جىنچىراغتەك پىلدىرلاپ قالغان كۆزلىرى بىلەن ئۇستۇېشىمغا بىرقۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن نېمىز لەۋلىرىنى تىترەتتى:

— ئېرىڭ بارمۇ؟

— يوق.

— ئۇنداق بولسا، بولىدىكەنسەن.

موماي ماڭا قايتىدىن نەزەر سېلىشقا باشلىدى. مەن ئەنسىرەشكە باشلىدىم. ئىچىمدە: بۇ بىر جادۇگەر بولۇپ قالمىسۇن يەنە، دەپ ئويلاپ تېخىمۇ ئالاقزادە بولۇپ كەتتىم.

— «تۆشۈك مونچاق يەردە قالماس»، — دېدى موماي ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك ئاستا خىرىلداپ، — سەن بۇ گۈزەل جامالىڭ بىلەن ھەرگىز خارلىقتا قالمايسەن. مەن سېنى شۇنداق بىر يىگىتكە تونۇشتۇرۇمەنكى، ئۇ سېنى ئەبەدىلئەبەد بېشىدا كۆتۈرىدىغان بولىدۇ.

— موما، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ، — مەن ھەرگىز ئەرگە تەگمەيمەن. سىزنىڭ قەلەندەرخانىڭىزنىڭ بىر ئەزاسى بولسامىلا بولدى. ئۆمۈر بويى سىز بىلەن بىللە

تىلەمچىلىك قىلىپ ئۆتۈپ كېتىشكە رازىمەن.

— ئەخمەق قىز! — دېدى موماي نۇرسىز كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — ھەرقانداق ئاجىزە ئۆزىگە نان تېپىپ بېرىدىغان ئەركەككە موھتاج.

— سىزمۇ ئۆزىڭىزگە نان تېپىپ يېيىشنىڭ يولىنى تېپىپسىزغۇ، مەنمۇ شۇنداق قىلسام نېمىشقا بولمىغۇدەك؟!

— سەن دېگەن ياش، — دېدى موماي، — مەن سەندەك چېغىمدا بۇنداق ئىش قىلمىغان. ئەگەر بۇ ئىشنى ياش جېنىڭغا خورلۇق دەپ بىلمىسەڭ، مەيلى مېنىڭ ئۆيۈمگە بېرىپ باق.

ماڭا خاتىرجەم يېتىپ ـ قوپىدىغان بىر ئۆي بولسىلا بولاتتى. قالغىنىنى پېشانەمدىن كۆرەرمەن، دەپ ئويلايتتىم. موماي ماڭا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن قىياپەتتە پارچە پۇللار دۈۋىلەشكەن كىر، كونا ياغلىقنى يومىداقلاپ، قوينىغا تىقتى ـ دە، مېنى ئۆيىگە باشلاپ ماڭدى. بىز دەسلەپ ئون بېكەتچە ئاپتوبۇسقا ئولتۇردۇق. بىر دوقمۇشتا چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن يىراقتا پاكار ـ پاكار دۆڭلۈكلەر كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بىر كوچىغا كىردۇق. كوچىدا پۇتلىرىمىز تالغۇچە ماڭدۇق. مەركىزى شەھەرنىڭ بىقىنىغىلا جايلاشقان بۇ ئەگرى ـ بوگرى تاملىق مەھەللە بىزنىڭ يۇرتتىكى يېزىلاردىنمۇ ۋەيرانە ئىدى. مەن يۇرتۇمدىن ئايرىلغىنىمغا تۇنجى قېتىم پۇشايمان قىلدىم.

— بۇ ئاققۇنلار مەھەللىسى، — دېدى موماي ھاسىراپ كېتىۋېتىپ، — بىزنىڭ ئۆي ئاۋۇ دۆڭنىڭ بىقىنىدا.

مەن مومايىنىڭ مۈكچىيىپ قالغىنىغا قاراپ شۇنچە يىراقتىن شەھەرگە بېرىپ تىرىكچىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى

ئويلاپ، تۇرمۇشنىڭ بەكمۇ رەھىمسىزلىكىنى ھېس قىلدىم. كېتىۋېتىپ مېنى بىردىنلا ھۆ تۇتۇپ، قەي قىلىشقا باشلىدىم.

— ئۆزۈڭنى ساددا، بىچارە كۆرسەتكىنىڭ بىلەن، خېلى قازانلاردا قايىنىغان نېمە ئوخشىمامسەن؟ — دېدى سېزىكلىكىمنى پەملىگەن موماي، — ئەمدى ساڭا قانداقمۇ ئىشەنگىلى بولسۇن؟!

— جېنىم موما، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ، — «ئايال ئايالنىڭ قاياشى» دېگەن گەپ بارغۇ، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن. مەن ھەممىنى دەپ بېرىمەن. مەن ھەقىقەتەن بىچارە.

مەن كۆز ياشلىرىمنى يامغۇردەك تۆكۈپ، ئەھۋالنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم. ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بىرئاز خىيالغا چۆككەندىن كېيىن، مېنى يەنە ئەگەشتۈرۈپ ماڭدى. ھېلىلا كۆزۈمگە جادۇگەردەك كۆرۈنگەن موماي ئەمدى ھەقىقىي شەپقەتچىمگە ئايلاندى.

— مانا يېتىپ كەلدۇق، — دېدى موماي ئاخىر تاشلار بىلەن قىڭغىر - سىڭغىر سېلىنغان، ھويلىسى ئەسكى - تۈسكى ياغاچ، سىم ۋە قاڭالتىر بىلەن قاشالانغان ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ.

ھويلىنىڭ ئىشىكى قۇلۇپلانمىغانىدى. موماي ئۇنى ئاجىز قوللىرى بىلەن سەل - پەل كۆتۈرۈپ كەينىگە ئىتتەردى، ئىشىك ئېچىلدى. مەن مومايىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئىچكىرى كىرىپ، تاش تاملىق ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختىدىم. بۇ ئىشىكمۇ قۇلۇپلانمىغانىدى.

مەن ئىچىمدە: بۇ تايىنلىق چاشقان كىرسە يامانلاپ

چىقىپ كېتىدىغان ئۆيدۇر، شۇڭا قۇلۇپلانمىغاندۇر دەپ ئويلىدىم. موماي ئىشىكنى ئېچىپ، يەنە مېنى ئالدىن كىرىشكە زورلىدى. بۇ مېنىڭ قانداقلا بولسۇن، مېھمان سۈپىتىدە قارشى ئېلىنىۋاتقانلىقىمنىڭ ئىپادىسى ئىدى، شۇڭا مومايىنى تولا جوراتماي، بوسۇغا ئاتلاپ ئىچكىرى كىردىم. ئۆي تار ھەم كىچىك بولۇپ، ئىككى ئېغىزلىق ئىدى. تاشقىرىقى ئۆيگە سۇپا چىقىرىلغان بولۇپ، ئۇستىگە بىرپارچە كىگىز سېلىنغان. ئىچكەركى ئۆيگە كىرىش تۆشۈكى ئېچىلغان. تۆشۈكنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئوچاق، ئوچاق ئۇستىدە قارىيىپ كەتكەن چۆگۈن، ئۇنىڭ يېنىدا بىر قازان تۇراتتى.

— قېنى، سۇپىغا كەل، ئولتۇر، — دېدى موماي ئىشىكنى ياپماي تۇرۇپ.

مەن سۇپىنىڭ گىرۋىكىدىلا ئولتۇردۇم. موماي ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بىرئازدىن كېيىن ئۇنىڭ بىر ئەر كىشى بىلەن قوپال سۆزلىشىشلىرى ئاڭلاندى. دېمەك ئىشىكنىڭ قۇلۇپلانمىغانلىقى شۇ ئادەمنىڭ بولغانلىقىدىن ئىكەن-دە، مەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدىم.

— يەنە مەست ئوخشىمامسەن، — دەيتتى موماي غۇدۇراپ، — مەن بىر تىيىن-بىر تىيىندىن تىلەپ كېلەي، سەن ئۇنى پۇتۇنلىمەكتە يوق، ھەممىسىنى ئىچىپ تۈگەت. ۋۇي نەپسىڭگە بالا تەگكۇر.

— بولدى كوتۇلدىما، ئېيتقىنا، نېمىشقا شۇنچە بۇرۇن قايتىپ كېلىۋالدىڭ؟ يەنە بىرئاز ئولتۇرۇپ تىلىسەڭ بولمامتى؟!

— ئولتۇرسام ئولتۇراتتىم، لېكىن يەنىلا سىنىڭ غېمىڭ.
— نېمە غەم ئۇ؟
موماي ئاۋازىنى پەسەيتىپ پىچىرلىغاندەك قىلدى.
بۇنى شۇنچە دىققەت قىلىپمۇ ئاڭلىيالمىدىم. لېكىن مومىنىڭ مېنى بۇياققا ئېلىپ كېلىش ئالدىدا: «مەن ساڭا شۇنداق بىر يىگىت تېپىپ بېرىمەنكى...» دېگەن سۆزلىرى يادىمغا كېلىپ، كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشتى. غىپلا قىلىپ چىقىپ كەتمەكچىمۇ بولدۇم، لېكىن ئۆي - ماكانىسىز كوچا - كويدا تەمتىرەپ يۈرۈش ۋەھىمىسى مېنى توختىتىپ قالدى. بىر چاغدا موماي كۈلۈمسىرەپ چىقىپ:
— ئوغلۇمغا ئەھۋالىڭىزنى ئېيتتىم، ئۇ ساڭا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان بولدى، — دېدى - دە، ئاۋازىنى بىردىنلا پەسەيتىپ، — ئۇ تېخى ئۆيلەنمىگەن يىگىت، — دەپ قويدى.
— سىز ماڭا ئوغلىڭىزنىڭ بارلىقىنى ئېيتمىغانىدىڭىزغۇ، — دېدىم مەن نارازى بولۇپ.
— ئەخمەق، — دېدى ئۇ ئەركىلەتكەن قىياپەتتە بارمىقى بىلەن پېشانەمگە نوقۇپ، — ئېيتمىغان بولسام، كۆرسەتسەممۇ ئوخشاش ئەمەسمۇ؟
مومىنىڭ سۆزى ئاخىرلىشا - ئاخىرلاشمايلا يىگىت ئۆيدىن چىقتى. ئۇ ئېگىز، ئورۇق، سوزۇق يۈز، قاپقارا قوشۇما قاشلىق ئوتتۇز ياشلاردىكى كىشى ئىدى. چىرايىدا قان دىدارى كۆرۈنمەيتتى. مەستلىكتىنمۇ ياكى ماغدۇرسىزلىقتىنمۇ، يەر دەسسەپ تۇرالمايتتى.
— ياخشىمۇسىز، — دېدى ئۇ دەلدەڭشىگىنىچە ماڭا ئۇياتسىزلارچە تىكىلىپ، — مۇبارەك قەدىمىڭىزنىڭ بىز ياققا

يېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ خۇش بولدۇم. قېنى ئېيتىڭا، قولىڭىزدىن نېمە ئىش كېلىدۇ؟

بەختسىزلىكىم مېنى بارغانسېرى پەسلەشتۈرۈپ، ئاجايىپ يارامسىز ئادەملەرگە موھتاج قىلىۋاتقانلىقىدىن ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ، يىغلىۋېتىشكە تاس قالدىم. لېكىن ئۆزۈمنى چىڭ تۇتۇپ، ئاش - تاماق ئېتىپ، ئۆينى باشقۇرالايدىغانلىقىمنى، قولۇمدىن يەنە ئىشمۇ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتىم. ئۇ تەلۋىلەرچە قاقاقلاپ كۈلدى.

— بىز ئاش - تاماقنى تىلەپ يەيدىغانلار، كىيىم - كېچەكىمىزنىڭ بولسا، يىڭنە كۆتۈرگىچىلىكى يوق. ئەگەر بۇ يەردە تۇرۇشنى خالىسىڭىز مانا بۇ قېرىنغا «ئىز باسار» بولسىڭىز بولىدۇ.

بۇ دەلدۈش نەلەردە مۇنداق گەپلەرنى ئۆگىنىۋالغاندۇ؟ ئۇنىڭ ھەربىر سۆزى يۈرەككە خۇددى يىڭنىدەك سانجىلاتتى. مەن دېمىسىمۇ مومايدەك ھايات كەچۈرۈشكە كەلگەنلىكىمنى ئېيتتىم.

— بارىكاللا، — دېدى ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ، — بولمىسا ئىشلىمىسىڭىزمۇ سىزگە ئاش - نان تېپىپ بەرگۈدەك چىرايىڭىز بار ئىكەن. گەرچە قورساق كۆتۈرۈپ قالغان بولسىڭىزمۇ ھەر ھالدا ئۆز تامىقىڭىزنى ئۆزىڭىز تېپىپ يېيىشكە ئىنتىلگىنىڭىز ياخشى.

— تۇفى، ئىپلاس! — مەن ئۇنىڭ يۈزىگە غەزەپ بىلەن تۈكۈرۈپ، ھۆڭرەپ يىغلىغىنىمچە، ئۆزۈمنى تالاغا ئاتتىم. موماي يۈگۈرۈپ كېلىپ قولۇمغا ئېسىلدى.

— بولدى قىل قىزىم، بۇ تەلۋە ئاغزىغا كەلگەننى دەۋېرىدۇ. ھەي تەلۋە ھىجىيىپ تۇرىۋەرمەي بۇ قىزدىن ئەپۇ سورا!

تەلۋە دەلدەڭشگىنچە ئىشكىنىڭ يان ياغىچىغا كېلىپ
يۆلەندى ـ دە، قاقاقلاپ كۈلدى.
— خانىشتىن بىزدەك تومپايلارنىڭ ئەپۇ سورىشى
ھاجەتسىز، پايپاقا ناھال قاقىقان نەدە بار، ھا ـ
ھا ـ ھا...
— ۋوي ئۆلگۈر!
موماي ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ھومىيىپ، مېنى يەنە
ئىچكىرىگە تارتتى. كۆڭلۈم قاتتىق ئازار يېگەنىدى. بۇ ھالدا
بۇ يەردە پاناھلانغىنىمدىن تالادا يېتىپ، ئۆلگىنىم ياخشى
ئىدى. لېكىن موماي مېنى قويۇپ بەرمەي يالۋۇرۇشقا
باشلىدى.
— بولدى قىزىم، ئۇ مەستىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالما،
ئۇ يەنە شۇنداق بىلجىرلايدىغان بولسا، قانداق
قىلىدىغانلىقىمنى ساڭا كۆرسىتىپ قوياي.
موماي شۇنداق دەپلا يەردىن تاياق ئېلىپ تەلۋىگە
دېۋەيلىدى.
— گەپ قىلمىسا، بىر بىچارىنى نېمانچە بوزەك
قىلىسەن؟ يوقال كۆزۈمدىن!
— مەن ئۇنى كەت دېمىدىمغۇ. پەقەت چاقچاق قىلىپ
قويدۇم، — دېدى تەلۋە پەسكويغا چۈشۈپ، — مەيلى،
يوقالسام يوقىلاي.
تەلۋە دەلدەڭشگىنچە تالاغا ماڭدى. موماي ئۇنىڭ
كەينىدىن توۋلىدى:
— ھەي، يوقاپلا كەتمەي بىر ـ ئىككى كىلو گۆش ئېلىپ كەل.
— بولىدۇ.
مەن شۇ كۈنى تەلۋە ئېلىپ كەلگەن گۆشنى يەپ،

شورپىسىغا نان چىلاپ ئىچىپ، موماي بىلەن بىللە ئىچكەركى ئۆيدە ياتتىم، تەلۋە تاشقىرىقى ئۆيدە ياتتى. تۈن خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولسىمۇ، بىركۈن ئىچىدە بېشىمدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئويلاپ، كۆزۈمدىن ئۇيقۇ قاچتى. ئەتىگەندىلا شوپۇرنىڭ خوتۇنىدىن تىل ئاڭلاپ، تېپەك يەپ، قوغلانغاندىم، كەچقۇرۇن تەلۋىنىڭ ھاقارەتلىك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، جېنىمدىن جاق تويدۇم، مانا يەنە تەلۋىنىڭ ئۆيىدە جادۇگەردەك كۆرۈنگەن موماي بىلەن بىللە پاناھلىنىپ يېتىپتىمەن. ئاھ، كۆزلىرىمگە لىغىرلاپ ياش كەلدى. مەن ئەلەم بىلەن قورسىقىمنى سىيلىدىم. ئىختىيارسىز شوپۇرنى ئەسلىدىم. ئۇنىڭ تۆھپىسى ماڭا ئانا بولالايدىغانلىقىمنى تونۇتتى، لېكىن ئۇ مېنى تۇگمەس - پۈتمەس ئازابقا قويدى. قورسىقىمدىكى قىزمىدۇ، ئوغۇلمىدۇ؟ ئۇنى قانداق قىلىشنى مومايدىن سوراپ باقاي، ئەگەر ھامىلىنى ئەپچىللىك بىلەن بىر تەرەپ قىلمۇېتەلىسەم، ئەر دېگەننىڭ يېنىغا ئىككىنچى يولىمايمەن.

مەن ئەتىسى خىيالىمنى مومايغا ئېيتتىم. موماي ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، كۆزۈمگە تىكىلدى.

— مەن سېنى ئوغلۇم بىلەن ئەر - خوتۇن بولۇپ قالارمىكىن دەپ ئويلىغان. ئەگەر شۇنداق بولسا بۇنىڭ غېمىنى يېمىسەڭمۇ بولىۋېرىدۇ، — مەن ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم.

— بۇ گەپنى ئىككىنچى ئېغىزىڭىزغا ئالماڭ. بولمىسا ھازىرلا كېتىمەن.

مەن بوقۇلداپ يىغلىۋەتتىم. موماي شۇندىن كېيىن ماڭا بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمىدى. مەن ئامال بار تەلۋىدىن

ئۆزۈمنى قاچۇرۇش ئۈچۈن مومايدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمىدىم. شۇنىڭ بىلەن تىلەمچىلىك ھاياتىممۇ تەبىئىيلا باشلىنىپ كەتتى، مومايدىن ئۆگەنگەن تەسىرلىك سۆزلەرنى ئىشتىلىپ، ئۆتكۈنچىلەردىن تارتىنمايلا سەدىقە سورايدىغان بولدۇم.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پارچە پۇللار خېلىلا كۆپىيىپ قالدى. موماي بۇنى مەندىن سوراشقا پېتىنالمايتتى. ئۆزىنىڭ تاپقانلىرىنى بولسا، تەلۋىگە پۈتۈنلەپ قويۇشقا تاپشۇراتتى. تەلۋە شۇ كۈنلەردە نېمىشقىدۇر خېلىلا رايىش بولۇپ قالغانىدى. موماي تاپشۇرغان پارچە پۇللارنى پرىكازچىكلار ئارقىلىق پۈتۈنلەپ كېلىپ، مومايغا سەمىمىيەتلىك بىلەن قايتۇراتتى. موماي پۇللارنى رازىمەنلىك بىلەن ساناپ، ساندۇققا تاشلايتتى ـ دە:

— مانا ئەمدى ئادەم بولدۇق. مەن ئۆلۈپ كەتسەم، بەرىبىر ساڭا قالىدىغان بولغاندىكىن، باشتىلا مۇشۇنداق قىلساڭ بولاتتى، — دەپ قوياتتى.

مەن بۇ ئۆينىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ھەيران قالدىم. تەلۋە ئىشلىمەيتتى. مومايىنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ئارىلاپ دوختۇرخانىلارغا بېرىپ قېنىنى ساتاتتى، شۇنىڭ پۇلىغا ئۆزىنى بېقىپ، ئىككى ـ تۆت سەر ئىچىۋېلىپ، كوچىلاردا لاغايلاپ يۈرەتتى. موماي بولسا، قاتتىق ناننى داغ سۇدا ئېۋىتىپ يەپ كۈن ئۆتكۈزەتتى. ئۆيدە قازان قاينىمايتتى.

مەن كەمبەغەل بولسامۇ ئۆيدە قازان قاينىتىپ ئادەتلىنىپ قالغاچقا، ئۇلارنىڭ بۇ تۇرمۇشىغا كۆنەلمىدىم. ئاخىر پۇللىرىمنى تەلۋىگە گۆش، ماي، ئۇن سېتىۋېلىشقا بەردىم، تەلۋە بۇ نۆۋەتمۇ سەمىمىيەتلىك قىلدى. شۇنىڭ

بىلەن ھەركۈنى بىر ۋاخ تاماق ئىچىلىدىغان بولدى. . .

تىلەمچى ئايالنىڭ بالىلىرى ئۇخلاپ قالغاندى. مەستۇرە ئىككى ياستۇق ئاچىقىپ ئۇلارنىڭ بېشىغا قويۇپ بەردى.

— تولا ۋاتىلداپ ۋاقتىڭىزنى ئالدىم، — دېدى تىلەمچى ئايال.

— ياق، ياق، سۆزلەۋېرىڭ، — دېدى مەستۇرە ئۇنى ئىلھاملاندۇرۇپ.

— شۇ كۈنلەردە مەن تەلۋىنى پات - پاتلا ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى تىلەمچى ئايال، — ئۇ كۆرۈنۈشتە مەندىن ئۆزىنى تارتىپ يۈرگەندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ماڭا يىپسىز باغلىنىپ قالغاندەك، ئەتراپىمدىن نېرى كېتەلمەيتتى. بەزىدە كۈلۈمسىرەپ قارىسا، بەزىدە ھاڭۋېقىپ قاراپ قالاتتى.

بىركۈنى ئۇ خۇشال كىرىپ كەلدى.

— خۇش خەۋەر! مەن ئىش تاپتىم، — دېدى ئۇ.

مۇكچىيىپ قالغان بىر مومايىنىڭ تىلەپ تاپقانلىرىغا ئورتاقلىشىپ كېلىۋاتقان، ئېپى كەلسە قېنىنى سېتىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە بولۇشچە ئىچىپ، ئۆزىنى كوچا - كويلاردا بولغاپ يۈرگەن بىر ئەركەكنىڭ ئىش تاپقانلىقىغا خۇشال بولغانىنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك ئىدى. بۇنىڭدىكى بۇ ئاسمان - زېمىن ئۆزگىرىش مېنى بەكمۇ خۇش قىلدى. لېكىن ئۇنىڭغا ئۇزاقتىن بۇيان قاپىقىمنى تۈزۈك ئاچماي كېلىۋاتقانلىقىم ئۈچۈن تىلىمنىڭ ئۇچىدىلا:

— نېمە ئىشكەن ئۇ؟— دەپ سوراپ قويدۇم.

— ھويلا سۈپۈرۈش، — دېدى ئۇ ھاياجانلىنىپ، —

ناھايىتى ئاسان، يەنى بىر زاۋۇتنىڭ يىغىدىن قورۇلغان ئائىلىلىكلەر بىنالىرىنىڭ سېمونت يوللىرىنى سۈپۈرۈپ، چىققان ئەخلەتلەرنى ئەخلەت تۆكلىرىغا قاچىلاپ قويسىلا بولغىنى. قالغان ئىشلارنى ئەخلەت توشۇيدىغان ماشىنىلار ئۆزى قىلىدۇ. قانداق، راستىنلا قىيىن ئەمەسمىكەن؟!

— ئىشنىڭ قىيىنىنى يوق، — دېدىم مەن چورتلا كېسىپ، — قىيىنى ھەرگىز بەل قويۇۋەتمەسلىك.

— مېنى بەل قويۇۋېتىدۇ، دېمەكچىمۇسىز؟ — دېدى تەلۋە قىزىشىپ، — مەن ھەرگىز ئۇنداقلاردىن ئەمەس.

— مەنمۇ سىزنى شۇنداق بولسۇن دېمەكچى.

— بولدى بالىلىرىم، — دېدى موماي ئىچكىرىكى ئۆيدىن ئالدىراپ چىقىپ، — نېمىگە شۇنچە غەلۋە قىلىسىلەر؟

— غەلۋە ئەمەس، — دېدى تەلۋە ئاۋازىنى پەسەيتىپ، — مەن ئىش تاپتىم.

— ئىش تاپتىڭمۇ، بالام! خۇدايىم تىلىكىڭگە يەتكۈزسۇن، نېسۋەڭنى چوڭ قىلسۇن، ئۆز ئەجرىڭ بىلەن كۆكلەپ، ئۆمرۈڭ خاتىرجەم ئۆتسۇن، ئامىن!

موماي تەلۋىنىڭ تاپقان ئىشىنىڭ نېمىلىكىنىمۇ سوراپ باقماي كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرىنى ئاققۇزغانچە ئۇنىڭغا دۇئا قىلدى. مەن گەپ - سۆز قىلماي ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتىم.

شۇ كۈنى كەچ مەن يەنە ئۇيقۇنى تەرك قىلدىم. بۇ ئۆينىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ يېقىندىن بۇيانقى ئۆزگىرىشى مېنى چوڭقۇر خىيالغا سالدى. تەلۋىنىڭ ياۋاشلىشىپ قېلىشى، ئانا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى قوپال مۇناسىۋەتلەرنىڭ

مېھرىبانلىقىغا ئايلىنىشى، ئىككىسىنىڭ ئالدىدىكى
ئورنۇمنىڭ بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى كۆز ئالدىمدىن
بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. مەن گەرچە بۇ ئۆيگە
پاناھلىنىشقىلا كىرگەن بىر سەرگەردان بولساممۇ، بۇ
ئۆينىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىپ قېلىشۋاتاتتىم. ئۇلار مېنىڭ:
«كېتىمەن» دەپ سالماسلىقىمدىن ئېھتىيات قىلىپ كۆپ
ئىشلاردا ماڭا يول قوياتتى. ئوغلىغا سايە قىلغاندا ئېيتقان
«ئۇنداق قىلىسىڭىز، بۇ ئۆيدىن كېتىمەن» دېگەن سۆزۈم
ھازىرغىچە ئۇنىڭ كۆڭلىنى يوقاتمىغانىدى. موماي بۇ سۆزنىڭ
ئاغزىمدىن قايتا چىقماسلىقى ئۈچۈن ئۆز ئارزۇ - ئارمىنىنى
قايتا ئېغىزغا ئالمىدى. لېكىن بۇ ئارزۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىدە
پات - پات ئىپادىلىنىپ قالاتتى. تەلۋە بولسا، پەقەت مېنىڭ
قاپاق ئېچىپ بىر قاراپ قويۇشۇمغىلا موھتاج بولۇپ،
ئۆزىدىكى ئىللەتلەرنى كۆچەپ تۈزەتمەكتە ئىدى.
ئارىدىن تۆت - بەش كۈن ئۆتكەندە كىر - پىر يۇيۇپ،
ئۆينى ئانچە - مۇنچە رەتلەپ قويۇش مەقسىتىدە تاپاۋەت
قىلىشقا ماڭغان مومايدىن ئايرىلىپ ئۆيدە قالدىم. كۆمۈردەك
قارىيىپ، تەر پۇراپ تۇرغان مىڭبىر ياماق كىيىملەر يېرىم
كۈن ۋاقتىمنى ئالدى. ھەممىنى پاكىز يۇيۇپ، قايتا - قايتا
چايقاپ تانىغا ئاستىم. چۈشتىن كېيىن ئۆي تازىلاشقا تۇتۇش
قىلدىم، بۇ ئىشمۇ كۆپ ۋاقتىمنى ئالدى. ئاخىر چارچاپ،
بېلىمنى بىرئاز تۈزىۋېلىش ئۈچۈن، ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ
ياتتىم، دەل شۇ چاغدا ئىشىك تاراققىدە ئېچىلىپ، تەلۋە
مەست ھالەتتە كىرىپ كەلدى. مەن ئورنۇمدىن چاچراپ
تۇرۇپ كەتتىم.
— قورقماڭ خان، — دېدى ئۇ دەلدەڭشىگىنىچە

قولىنى غەلىتە سىلكىپ، — مەن ئادەم يېمەيمەن، يەنى سىزنى يەپ قويمايمەن.

— ئولتۇرۇڭ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا سۇپىنى ئىما قىلىپ، — ئەھۋالغا قارىغاندا خېلىلا چارچاپ قالغاندەك قىلىسىز، مەن سىزگە چاي دەملەپ بېرەي.

— ماڭا چاي دەملەپ بەرگۈچە، مېنى تىللىسىڭىز بولامدۇ؟

— تىللاشقا تېگىشلىك ئىش قىلسىڭىز تىللايمەن. لېكىن سىز ھازىر...

— تىللاشقا ئەرزىمەيمەن، شۇنداقمۇ؟

ئۇنىڭ بۇ غەلىتە سوئالىغا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قاقاقلاپ كۈلدۈم.

— پاھ، سىزنىڭمۇ كۈلىدىغان چاغلىرىڭىز بولىدىكەن-ھە! نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان بۇ كۈلكىڭىزنى نېمىشقا كۆرسەتكۈڭىز كەلمىدى ياكى سىزنى غىدىقلاپ كۈلدۈرۈشۈم كېرەكمىدى؟

تەلۋىنىڭ بۇ قېتىمقى مەستلىكى بۇرۇنقىغا ئوخشىمايتتى. ئۇ ئۆتكەندە ھەقىقىي تەلۋىنىڭ ئۆزى ئىدى. بۇ قېتىم ناھايىتى چېچەنلىك بىلەن يۈرىكىمگە قول سالماقتا ئىدى. مېنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىم ئىشىكنىڭ قېقىلىشى ئىدى. يۈرىكىم مېنى بۇ ئىشىكنى تېزلا ئېچىۋېتىشكە ئالدىرىتىپ ئىنتىزارلىق بىلەن دۈپۈلدەيتتى. لېكىن ئاغزى كۆيگەن كىشى سوغۇق سۇنىمۇ پۈۋلەپ ئىچىپتۇ دېگەندەك ھەسرەت، نادامەت تىغىدىن پارە-پارە بولغان يۈرىكىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئىڭرىغان دەردلىك نىدالار ئۆزلۈكسىز ياڭراپ، بۇ ئىشىكنى ئالدىراپ

ئېچىۋەتمەسلىكىمنى ئاگاھلاندۇراتتى. مەن بۇ ئىككى خىل روھىي ھالەتنىڭ قاتتىق بېسىمىدا ئېزىلىپ، خۇدۇمنى يوقىتىشقا باشلىدىم، كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ، بېشىم پىرقىراپ، ۋۇجۇدۇم تىترەشكە باشلىدى، ئاخىر:

— ساق ۋاقتىڭىزدا كېلىــــڭ، — دېدىم ـ دە، ھوشۇمدىن كەتتىم.

ھــوشــۇمغــا كــەلــسەم، مــومــاي تېخــى قــايتــىــپ كەلمىگەنىكەن، تەلۋە بېشىمدا چىرايى تاتارغان ھالدا قاراپ تۇرۇپتۇ. ئەھۋالغا قارىغاندا، ئۇ خېلى پاراكەندە بولغاندەك قىلاتتى. بېشــىمغا تەكـــيە قويۇپ، ئۇستۈمگە يوتقان يېپىپتۇ، تېخى چايمۇ دەملەپ كەپتۇ. ئۇ مېنىڭ كۆزۈمنى ئاچقانلىقىمنى كۆرۈپ ئۇھ تارتتى. قايغۇدىن تاتىــرىپ كەتكەن چىرايىدا شادلىق نۇرلىرى جىلۋىلەندى. مەن ئۇنىڭ شادلىق ئارىلاش مېھرىبانلىـــق ئەكس ئېتىـــپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلدىم. كۆزلىرىم خۇمارلىشىپ، لەۋلىرىم ئۆزىگە تەشنا بولغان نەرسىگە قاراپ سوزۇلدى. بۇ تەلۋە يىگىت ئەمەسكەن. ئۇ كۆچلۈك قوللىرى بىلەن بېلىمدىن قاماللاپ تۇتۇپ، مېنى باغرىغا باستى ـ دە، سۆيگۈ تىلەپ تۇرغان لەۋلىرىمگە تەشنا لەۋلىرىنى باستى.

— ئاھ، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ، — مەن بۇ يۇرسەتنى ئۇزاقتىن بېرى كۈتۈپ كەلگەن.

— سىز راستىنلا مۇشۇنى كۈتۈپ كەلگەنمۇ؟

— ئەلۋەتتە.

— ئەمدى قانداق قىلماقچىسىز؟

— سىز بىلەن ئۆمۈرلۈك قوشۇلماقچىمەن.

— بويۇمدا بارلىقى كۆڭلىڭىزنى غەش قىلمامدۇ؟

— بۇ سىزنىڭ بوزەك قىلىنغىنىڭىزدىن بولغان، ئەمدى سىزنى ھېچكىم بوزەك قىلالمايدۇ.

— ئاھ، — مەن ئۇنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ، ياش بىلەن ھۆللەنگەن مەڭزىمنى ئۇنىڭ كىرپىنىڭ تىكىنىدەك ساقال باسقان يۈزىگە ياقتىم.

ئەتىسىلا نىكاھىمىز ئوقۇلدى. نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ئىككى جىنسنىڭ بىر - بىرىگە مەڭگۇلۇك جۈپ بولۇشىنى شەكسىز كاپالەتكە ئىگە قىلىپ كېلىۋاتقان شەرىئەتنىڭ بۇ تەنتەنىلىك جاكارى ۋىجدانىمىزنى پاكلاپ، تەقدىرىمىزنى بىر - بىرىمىزگە باغلىدى. بىز خۇشال - خۇرام ھالدا ئەر - خوتۇن بولۇشتۇق.

— ئەمدى ئۆلسەممۇ كۆزۈم ئوچۇق كەتمەيدىغان بولدى، — دەيتتى موماي خۇشاللىقىدىن لەۋلىرىنى يۇمالماي، — بېشىڭلار باش، ئايىغىڭلار تاش بولسۇن.

مەن شۇ كۈندىن باشلاپ ئائىلىنىڭ خوجايىنى بولۇپ قالدىم. ئەمدى نەچچە ۋاقىتتىن بېرىقى باشقىلارنىڭ قولىغا بىچارىلەرچە تەلمۈرۈپ، يۈرەكئالدى بولۇپ ياشاپ ئۆتكەن سەرگەردانلىق ھاياتىمغا خاتىمە بېرىلگەنىدى. مەن ئۆيگە، ئۆيدىكى بىساتلارغا باشقىچە مۇھەببەت باغلاپ، ئۇنىڭ يۈرەككە ئارام، كۆڭۈلگە زوق بېغىشلايدىغان بولۇشىنى ئىزدەپ، كۆڭۈلدىكىدەك ئۆزگەرتىشكە كىرىشتىم. ئالىقاندەك كېلىدىغان پەنجىرىنى چوڭايتىپ، ئەينەكلىك رام سالدۇردۇم. ئۆيدىكى يۇيۇشقا بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يۇيۇپ گۈل پۇراپ تۇرىدىغان قىلىۋەتتىم. ئېرىم ئىشتىن كېلىپ، ئىنتايىن خۇش بولۇپ كەتتى. مومايمۇ خۇشاللىقىدىن:

— ياش ۋاقتىمدا مەنمۇ ئۆينى مۇشۇنداق تۇتىدىغان، — دەۋەتتى.

مەن ئۆينى بۇنىڭدىنمۇ ئۆزگىچە ياساپ، تۈزەشنى ئويلىغان بولساممۇ، لېكىن قولۇم قىسقىلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قىش كېلىۋاتاتتى. ئېرىمنىڭ مائاشىنى ئانچە - مۇنچە تېجەپ قىشلىق كىيىم - كېچەك، ئوتۇن - كۆمۈرگە سەرپ قىلمىسام بولمايتتى. شۇڭا كۈندىلىك يېمەك - ئىچمەكنى تالادىن تېپىش ئۇچۇن مومايىنىڭ تاپاۋەت يولىغا بېشىمچە كىرىپ كەتتىم. ئىلگىرى ئۆزۈم بىلەن قورسىقىمدىكى بالىنىڭ قايغۇسىنى قىلغان بولسام، ئەمدى پۈتۈن بىر ئائىلىنىڭ قايغۇسىنى قىلىۋاتاتتىم. بىر تىيىن ئۇچۇن ئەتىدىن - كەچكىچە داق، سوغۇق يەردە ئولتۇرۇپ، جاھاندىكى ئەڭ تەسىرلىك سۆزلەرنى ئىزدەپ تېپىپ، ئەڭ بىچارىلەر قىياپىتىدە سارغىيىپ، تاتىرىپ يېلىنىشلار ئاغزىمنى قۇرۇتۇپ ماغدۇرۇمدىن كەتكۈزەتتى. بۇ جەرياندا قورساقتىكى بالىمۇ ئازاب چەككەن بولسا كېرەك، بىر قانچە كۈن مىدىرلىماي قويدى. مەن قورقۇپ كەتكىنىمدىن بۇ جاپالىق تاپاۋەتتىن قول ئۈزۈپ، ئۆيدە يېتىۋالدىم. كۆپ ئۆتمەي مومايمۇ يېتىپ قالدى. ئۇنىڭغا تۇنجى قار ياغقان كۈنىلا سوغۇق تەگكەنىدى. ئۇ، شۇ كۈنى ئوت - كاۋاپ بولۇپ، ئۆيگە ئارانلا يېتىپ كەلدى - دە، گەپكىمۇ ئاغزى كەلمەي، ئۆزىنى تۆشەككە تاشلىدى. مەن ئاچچىق چاي دەملەپ، ئىچىشكە زورلىدىم. ئۇ بىر - ئىككى ئوتلاپلا:

— بەك تىترەپ كېتىۋاتىمەن، ئۈستۈمگە قېلىنراق بىرنېمە يېپىپ قويغىنا، — دېدى - دە، يەنە قىڭغايدى.

ئۆمرىنى جاپالىق تاپاۋەتكىلا ئاتىۋەتكەن، داغ سۇدا

ئېۋىتىلگەن قاتتىق ناندىن باشقىنى يەپ باقمىغان، ئەمدىلىكتە بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ، جەينەكتەك تۈگۈلۈپ، يوپۇرماقتەك تىترەپ تۇرغان بۇ ئىنسانغا قاراپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. بىردىنلا ئۇنىڭ شۇ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشى بىلەن كارى بولمىغان ئوغلىغا ئۆچلۈكۈم كەلدى. شۇڭا ئۇ كېلىشى بىلەن ئۇنى سىلكىشلەپ تۇرۇپ، دورا تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇدۇم.

شۇ كۈنى كېچىچە كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ئوغلى ئەكەلگەن قىزىتما قايتۇرۇش دورىسىنى ئۇنىڭغا زورلاپ ئىچكۈزۈپ، چىراغنىمۇ ئۆچۈرمەي، بېشىدا قاراپ ئولتۇردۇم. ئۇ دورىنى ئىچىپلا چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمگەنچە قاتتىق ئۇخلاپ كەتتى. تۈن يېرىمىدىن ئېشىپ، باش توخۇ چىلىلىشى بىلەن تەڭ كۆزىنى لەپپىدە ئاچتى.

— قانداق، — دېدىم مەن ئۇنىڭ تەرلىرىنى سۈرتۈپ، — خېلى يەڭگىللەپ قالغاندەك تۇرامسىز؟

— تېخىچە ياتمىدىڭمۇ؟ — دېدى ئۇ سوئالىمغا جاۋاب بېرىش ئورنىغا سوئال قويۇپ، — توخۇلار قونداقتىن چۈشەي دېگۈچىمۇ ئۇخلىمىغان بارمۇ؟

— ئۇيقۇم كەلمەيۋاتىدۇ، ئانا.

— مەندىن ئەنسىرەۋېتىپسەن - دە؟! بولمىسا يېنىمغا كېلىپ يات.

مەن ئۇنىڭ يېنىغا ياستۇق قويۇپ، يۈزۈمنى يۈزىگە يېقىپ ياتتىم، مەڭزىمگە يامغۇر تامچىلىرىدەك مۇزدەك دانىچىلار ئېقىپ چۈشتى. مەن بۇنى ئۇنىڭ پېشانىسىدىن تۆكۈلۈۋاتقان تەرمىكىن دەپتىمەن، ئەسلىدە ئۇ يىغلاۋاتقانىكەن.

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، ئانا، ساقىيىپ كېتىسىز.

— جانابىي ئاللانىڭ مۆشۈنچىلىك ئۆمۈر بەرگىنىگە مىڭ قەترە شۈكۈر، — دېدى ئۇ ساق ئادەمدەك دانە ـ دانە سۆزلەپ، — لېكىن خام سۈت ئەمگەن بەندە ۋاپاسىز بۇ دۇنيانىڭ خىلمۇخىل قىزىقتۇرۇشلىرىغا گول بولۇپ، خۇدانىڭ ئامانىتىنى ئۆز رازىلىقى بىلەن بەرگۈسى كەلمەي قالىدىكەن. مەن دورىنى سېنىڭ كۆڭلۈڭ ئۈچۈنلا ئىچتىم. مېنىڭ تارتىشىدىغىنىم دۇنياغا كۆز ئاچقۇسى نەۋرەمنى ئۆز قولۇم بىلەن چوڭ قىلىش ئىدى. يەنىلا بۇنى خۇدادىن تىلەيمەن.

— ئانا، بىر ئوبدان تۇرۇسىزغۇ، بولمىغان خىياللارنى قىلماڭ.

— سەن بىلمىگىنىڭ بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالى ئۆزۈمگە ئايان. مەن ئۇزاق ياشىيالمايمەن. كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا ساڭا بىر سىرنى ئېيتىپ بېرەي.

— سىر؟ نېمە سىر ئۇ؟

— ئېرىڭ بىلەن ئىككىمىز ئانا ـ بالا ئەمەس.

— ھە؟!

مەن ئۇلارنىڭ دەسلەپكى قوپال مۇناسىۋەتلىرىدىن ئانا بالىغا خاس مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ كەملىكىنى ھېس قىلغان بولساممۇ، بۇنى جاپالىق تۇرمۇش شەكىللەندۇرگەن بىرخىل نورمالسىزلىق دەپ بىلىپ، ئۇلارنىڭ ئانا ـ بالىلىقىغا شەك كەلتۇرمىگەنىدىم. شۇڭا موماينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قۇلىقىمغا ئىشەنمەي قالدىم.

— مېنىڭ، — دېدى موماي يامغۇردەك تامچىلاۋاتقان

كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپمۇ قويماي، — ئاتىسىدىن كىچىك قالغان ئىككى قىز، بىر ئوغلۇم بولىدىغان. مەن ئۇلارنى مىڭبىر مۇشەققەتتە ئۆيلۈك قىلدىم. ئۇلار ئۆز تۇرمۇشىنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ، ماڭا كۆڭۈل بۆلمەس بولۇپ قالدى. مەن ئۇلارنىڭ كۆزىگە تەلمۈرۈپ كۈن كۆرۈشنى ئېغىر كۆرۈپ ئەرگە تەگدىم. بۇنىڭ بىلەن بالا تاشتى. ئۇلار مېنى: «قېرىغاندا قېرى تارتۇق، قىلىقلىرى ئاندىن ئارتۇق» دېگەندەك قىلدى دېيىشىپ، ماڭا قارىماي قويۇشتى. لېكىن ئېرىم يامان ئەمەس ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ قولىدا ھۈنىرى بار ئىدى. كېچە - كۈندۈز دېگۈدەك مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ قوشقۇن، يۇگەنگە ئوخشاش نەرسىلەرنى توقۇيتتى. ئۇنىڭ كىرىمى يامان ئەمەس ئىدى. بىز بىر يىلچە ئۆي تۇتتۇق. بىر كۈنى ئۇ نامازدىگەرگە تەرەت ئېلىۋېتىپ، ئۆزىچىلا يىقىلىپ چۈشتى - دە، بىرىپ يۆلىگۈچىلىك جان ئۈزدى. بۇ ئۇشتۇمتۇت قازا مېنى ھالدىن كەتكۈزدى. مەن ئۇنى يىغلاپ - قاقشاپ ئۇزاتقاندىن كېيىن بالىلارنىڭ ئۆيىگە بېرىشنى خالىماي، تىلەمچىلىك يولىغا كىرىپ كەتتىم. بۇ يول مېنى بىر بۇردا نانىنىڭ كەينىدىن كېچە - كۈندۈز، قىشمۇ ياز ئەگەشتۈرۈپ، ئاخىر مۇشۇ شەھەرگە ئەكىلىپ تاشلىدى.

سېنىڭ ئېرىڭ بىلەن جۇدۇن - چاپقۇنلۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇچراشتىم. بۇ 10 - ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى، ئوچۇق ھاۋا كۈن قېيىلىشى بىلەنلا ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىپ، ئاچچىق شامال ئارىلاش قار ياغقىلى تۇردى. مەن سوغۇقتىن تىترىگىنىمچە مۇشۇ مەھەللىدە ئايلىنىپ يۈرەتتىم. بىر يىگىت دەلدەڭشىگىنىچە ئالدىمغا كېلىپ،

ماڭا ئۇسۇۋالغىلى تاس قالدى. مەن ئۆزۈمنى چەتكە ئالدىم، يىگىت ئۆتۈپ كېتىپ، كەينىگە بۇرۇلدى.

— كىم بۇ ئۆزىنى چەتكە ئالمىغان؟

— خاپا بولمىغىن بالام، مەن شۇنداق پالاكەت خوتۇن.

— پالاكەت خوتۇن؟ توختىغىنا، ئاۋازىڭ ئەجەب ئاپامنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاپ كەتتا؟ بالام دېيىشلىرىڭمۇ تېخى... بۇنداق ئاتالمىغىنىمغا بەكمۇ ئۇزاق بوپتۇ. قېنى، پەرىشتىدەك چىرايىڭنى بىر كۆرەي ئانا.

ئۇ دەلدەڭشىگىنىچە ئالدىمغا كېلىپ مەستلىكتىن خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى.

— راست ئوخشايدىكەنسەن... ئانامۇ سەن يا؟... ياق... ياق، مېنىڭ ئانام ئۆلۈپ كەتكىلى نەكەم... ئەمىسە سەن كىم؟

— مەنمۇ بىر ئانا، — دېدىم مەن قورقۇمسىراپ، — ئۆزۈڭ كىم، بالام؟

— مەن بالام دېگەن شۇ سۆزگە تەشنا بولۇپ يۈرگەن بىر يىگىتمەن. ھەقىقىي ئانا بولساڭ مېنى مېھرىڭ باغرىڭغا باس. قۇرۇغان جىسمىمغا قايتا ھاياتلىق بەر.

ئۇ، شۇ سۆز بىلەن ئۆزىنى باغرىمغا ئېتىپ، ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى. مەن ئۇچ بالا بېقىپ چوڭ قىلغان بولسامۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇشۇنداق مېھىر بىلەن ئۆزىنى باغرىمغا ئاتقىنى يوق ئىدى. مىسكىنلىك، مۇساپىرلىق، سەرگەردانلىق دەردىدە پارە - پارە بولۇپ كەتكەن يۈرىكىم بۇنداق قۇچاقلاشقا بەكمۇ موھتاج ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ: «ئانا» دېيىشلىرىدىن ۋۇجۇدۇم مايدەك ئېرىپ، ئۇنى باغرىمغا چىڭ باستىم، كۆز ياشلىرىم تاراملاپ تۆكۈلدى.

— جىنىم بالام، كۆزۈمنىڭ قارىچۇقى بالام، — دېدىم مەن ئۆز پەرزەنتىمنى قۇچاقلاۋاتقان ھېسسىياتتا ئۇنىڭ باش - كۆزىنى سىلاپ، — نېمە دەرد كەلگەندۇ ساڭا، نېمانچە كۆپ ئىچكەنسەن؟

— ھاراقتىن باشقا ئۇلپىتىم بولمىغاچقا، شۇنداق بولدى. ئەمدى سەن كەلدىڭ، قارىغىنا قوللىرىڭنىڭ مۇزلاپ كەتكىنىنى، يۇر ئۆيگە تېز كېتەۋالايلى.

ئۇ مېنى قولتۇقلىغىنىچە بىر ئۇيانغا، بىر بۇيانغا سەنتۈرۈلۈپ يۈرۈپ مۇشۇ ئۆيگە ئېلىپ كەلدى - دە، ئۆزىنى سۇپىغا تاشلاپ، ھەش - پەش دېگۈچىلا ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ چاغدا بۇ ئۆي پەقەت بىر ئېغىزلا ئىدى. كېيىنكى يىلى مېنىڭ زورۇم بىلەن مانا بۇ ئىچكەركى ئۆي ياسالدى.

— دېمەك، — دېدىم مەن موماينىڭ بۇ ئاجايىپ ھېكايىسىگە قۇلاق سالغاچ ئۇنىڭ ياش ھەم تەر بىلەن ھۆللەنگەن يۈزىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — ئۇنىڭ مەستلىكتىكى ئۇچرىشىشى ئانا - بالا بولۇپ قېلىشىڭلارغا سەۋەب بولۇپ قاپتۇ - دە؟!

— شۇنداق، — دېدى موماي سەل - پەل كۈلۈمسىـ رەپ، — شۇ كۈنى مەن تۆت تام، بىر ئىشىكتىن ئۆزگە ھېچقانداق بىساتقا ئىگە بولمىغان بۇ ئۆينىڭ خۇنۇكلىشىپ تۇرغان تام - تورۇسلىرىغا ھەيران بولغىنىمچە بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، نېمە قىلىشىمنى بىلمەي، ئۇنىڭ بېقىنىدىن ئازراقلا چىقىپ تۇرغان كىگىزگە قىسىلدىم - دە، چاپىنىمنى غېرىبچە يېپىنىپ ئۇيقۇغا كەتتىم. ئەتىسى ئويغانسام سوغۇقتىن پۇتۇن بەدىنىم ئۇيۇشۇپ كېتىپتۇ. يىگىت بولسا، كېچە قانداق ياتقان بولسا، شۇ ھالىتىدە

قىمىرمۇ قىلماي ئۇخلاۋېتىپتۇ. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئازراق يېمەكلىك تەييارلىماقچى بولدۇم. لېكىن شۇنچە ئاختۇرۇپمۇ بىرەر سىلىم چاي، بىرەر ناننىڭ پۇچۇقىنىمۇ تاپالمىدىم. توۋا، — دەيتتىم ئىچىمدە، — بۇ نېمە بىلەن هايات كەچۈرىدىغان يىگىتتۇ؟ مەن هەيرانلىق ئىچىدە تىمىسقىلاپ يۈرۈپ، هويلىنىڭ بىر بۇرجىكىدىن ئازراق ئوتۇن ۋە بىرئاز كۆمۈر ئۇۋاقلىرىنى تاپتىم ـ دە، ئوچاققا ئوت ياقتىم، خىشلىرى ئاجراپ، ئۆرۈلۈپ كېتەي دەپ قالغان ئوچاق هەممە يېرىدىن ساپسېرىق ئىس تۈتەپ، ئۆي ئىچىنى بىر دەمدىلا نەپەس ئالغۇسىز قىلىۋەتتى. مەن دەرهال ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ، يىگىتنى تۇرتۇپ ئويغاتتىم. يىگىت كۆزلىرىنى تەسلىكتە ئېچىپ بىر ماڭا، بىر ئىس تۈتەپ تۇرغان ئوچاققا قاراپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇردى.

— نېمە، ئۆيگە ئوت كەتتىما؟

— ياق بالام، ئوچاققا ئوت ياققانتىم، ئىس چىقىپ كەتتى.

— سەن ئوغرىمۇ، ساراڭمۇ ياكى ئالۋاستىمۇ؟ بۇ يەردە قانداق پەيدا بولۇپ قالدىڭ؟

— توۋا بالام، ئاخشام ئۆزۈڭ ئېلىپ كىردىڭغۇ!

— يالغان ئېيتما، ئۆزۈمنىڭ جېنىنى جان ئېتەلمەيۋاتقىنىمدا، بىر پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغان قېرىنى ئېلىپ كىرگىلى بېشىم ئىششىپ قاپتۇما؟

ئۇنىڭ كۆزلىرى چۈچەكتەك كېڭىيىپ، لەۋلىرى غەزەپتىن تىترەشكە باشلىدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ مەستلىكتىكى ئىشلىرىنى راستتىنلا ئېسىگە ئالالمايدىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. شۇڭا قوغلىنىپ كېتىشتىن قورقۇپ

مېنى بۇ يەرگە قانداق ئېلىپ كەلگەنلىكىنى تولۇق سۆزلەپ بەردىم. ئۇ بېشىنى چاڭگاللاپ بىرئاز خىيال سۈرگەندىن كېيىن كۆزۈمگە تىكىلدى.

— مۇنداق دېگىن، ئۇنداقتا مۇشۇ ئۆيدە تۇنەپسەن - دە؟

— شۇنداق بولدى، بالام.

— ئۇنداق بولسا، كوچە - كوچىلارنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئىككىنچى بۇ يەرگە قەدەم باسقۇچى بولما.

مەن كۆزلىرىمگە ياش ئېلىپ، ئۇنىڭغا يالۋۇردۇم.

— مېنىڭ كوچە - كوچىلارنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، ياتار جايىممۇ يوق، مەن ساڭا ئانا بولۇپ قالاي. رەھىم - شەپقەت قىلىپ، كىگىزىڭىزنىڭ بىر بۇرجىكىدىن ماڭا ئورۇن بەر.

ئۇ قاقاقلاپ كۈلدى.

— بۇ ئۆلگەندىن ئۆپكە سوراپتۇ، دېگەندەك ئىش بولدى - دە! بوپتۇ، مەن سېنى ئېلىپ قالايمۇ دەي، لېكىن قانداق باقىمەن؟

— سەن باقمايسەن، بالام، مەن ئۆزۈمنى ئۆزۈم باقىمەن، مېنىڭ پۇلۇم بار، پۇل تاپىدىغان يولۇممۇ بار.

— پاھ، — دېدى ئۇ ئىشەنمىگەن قىياپەتتە، — پۇلۇڭ بولسا كۆرسىتىپ باقە!

مەن يول بويى تىلەپ تاپقان پارچە - پۇرات پۇللار تۈگۈلگەن بىر تۈگۈنچەكنى يېشىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدۇم.

كەم دېگەندە بىرقانچە يۈز كوي چىقىدىغان بۇ پارچە پۇللار ئۇنىڭ كۆزىنى چاقنىتىۋەتتى.

— راستىنلا كۆپ پۇلۇڭ بار ئىكەن، — دېدى ئۇ پۇلغا بولغان ھېرىسمەنلىكىنى

يوشۇرالماي، — بۇنى قانداق تاپتىڭ؟ مەن تىلەپ تاپقانلىقىمنى ئېيتتىم.

— دېمەك بۇندىن كېيىنمۇ قولۇڭغا پۇل چۇشۇپ تۇرىدىكەن ـ دە.

— خۇدا بۇيرۇسا.

— ئۇنداق بولسا، بۇ پۇللىرىڭنى ماڭا بەر، دۇكانچىلارغا بېرىپ پۇتۇنلەپ كېلەي، يەنە تاپساڭ، يەنە پۇتۇنلەپ كېلىمەن. لېكىن بىللە خەجلەيمىز.

— سەندىن پۇل ئايلانسۇن، بالام، خالىغىنىڭچە خەجلە.

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ كىگىز ئىنىڭ بىر بۇرجىكىدىن ئورۇن ئالدىم. ئۇ مېنى «ئانا» دەيتتى. مەن ئۇنى «بالام» دەيتتىم. باشقىلارمۇ بىزنى ئانا ـ بالا دەپ بىلەتتى. مەن ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئانىدەك مۇئامىلە قىلاتتىم. ئۇ بولسا، پۇلغا موھتاجلىقىدىنلا مېنى «ئانا» دەپ قوياتتى. لېكىن تىلەپ تاپقانلىرىمنى پۇتۇنلەپ كېلىمەن، دەپ ئېلىۋالغىنىچە بۇسىنىمۇ چىقارماي يەپ ـ ئىچىپ تۈگىتىۋېتەتتى. نە ئۆي، نە مېنى خىيالىغىمۇ كەلتۇرۇپ قويمايتتى. مەن ئۇنىڭ بۇنداق بەتقىلىقىنى ياقتۇرمىساممۇ، يەنىلا شۇ بىر پارچە كىگىز ئىنىڭ بۇرجىكىدىن ئايرىلىپ قالماسلىقىم ئۈچۈن، ئۆزۈمنى ئۇندىمەسلىككە سالاتتىم. شۇنداق قىلىپ، ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتتى. ئۇنىڭ ئارىلاپ قان ساتىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مېنىڭ تىلەپ تاپقانلىرىم بىلەنلا كۈن كۆرۈپ كېلىۋاتاتتى. بىر كۈنى ئاچچىقىمدا ئۇنىڭغا تەنە قىلدىم:

— گەرچە يوقسۇل بولساڭمۇ، بايۋەچچىدەك كۈن

كۆرۈۋاتىسەن، ئوغلۇم، مەن ئۆلۈپ كېتىپ قالسام، سەن يوقسۇل بايۋەچچىنىڭ ئىچىدىغان ھارىقىغا كىممۇ پۇل بېرەر.

— خۇدايىم بېرەر، — دېدى ئۇ.

ئۇنىڭ ئېيتقىنىدەك بولدى. بىزگە خۇدايىم سېنى ئۇچراشتۇردى. گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، مەن شۇ چاغدا كىگىزنىڭ بىر بۇرجىكىدىن ئورۇن بېرىش ھېسابىغا سېنىمۇ ئۇنىڭ ھارىقىغا پۇل تېپىپ بېرىدىغان ئادەمگە ئايلاندۇرماقچىدىم. شۇنداق بولغاندا، تاپقان پۇللىرىڭنى ئۇنىڭ بىلەن ئورتاقلىشىپ، ئۆيدە يېتىپ يېسەممۇ بولاتتى. لېكىن سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭدىكى بىر خىل يوشۇرۇن كۈچ بىزنى ئالدىڭدا تىز پۈكتۈردى. ئۆزۈڭدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تۇرمۇش ئادەتلىرىمىزنىڭ سېنىڭ رايىڭغا بېقىپ ئۆزگىرىپ بېرىشىدىكى سىر مانا شۇ. ئۇنىڭ ھاراقنى تاشلاپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشىدىكى سەۋەبمۇ سېنىڭ خاسىيىتىڭ. ئەپسۇسكى، مەن شۇنداق كۈنلەردە كېسەلگە گىرىپتار بولدۇم. لېكىن ئۆكۈنمەيمەن. قانداقلا بولسۇن ئاللاتائالا سېنىمۇ، مېنىمۇ، ئوغلۇمنىمۇ، بولغۇسى نەۋرەمنىمۇ ئەمىنلىككە نائىل قىلدى.

مومايىنىڭ ئاجىز جىسمى ئېسەدەشتىن سىلكىندى. كۆز ياشلىرى مارجاندەك تۆكۈلدى. مەن ئۇنى بەزلەشنىڭ ئورنىغا خىيالغا چۆكتۈم. كىگىزنىڭ بىر بۇرجىكىدىن ئورۇن بېرىش ھېسابىغا ئۆزىنى جان پىدالىق بىلەن باقىدىغان ئانا ۋە خوتۇنغا ئىگە بولغان ئېرىمنىڭ بۇ ئامىتىگە بەكمۇ ھەيران بولدۇم. تۇرمۇشتا خىجالەتسىز ياشاۋاتقانلار بۇ ئەسكى تاملىقتىكى جۇل - جۇل كىيىملىكلەر ئىچىدە بېشىغا قوشلاپ

بەخت قۇشى قونغان بۇنداق ئامەتلىك يوقسۇل بايۋەچچىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويامدىغاندۇ. بۇ خۇددى يەر ئۇستىدىكىلەر دېڭىز ئاستىدا نېمىلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمىگەندەكلا بىر ئىش.

— ئېرىڭىز زادى قەيەردىن كېلىپ قالغان كىشىكەن؟

مەستۇرەنىڭ سوئالى ئۆز تەقدىرىنىڭ ئىنچىكە تەپسىلاتلىرىغىچە بېرىلىپ سۆزلەۋاتقان تىلەمچى ئايالنىڭ دىققىتىنى بۆلدى.

— كەچۇرۇڭ، خانىم، — دېدى تىلەمچى ئايال بىر ئاز ئوڭايسىزلىنىپ، — «يولنى كارۋاندىن سوراڭ، گەپنى تېجىمەلدىن» دېگەندەك گەپ سوراپ قويغىنىڭىزغا تويغۇزۇۋەتتىمغۇ دەيمەن.

— يوقسۇ، مەن يۇقىرىدا سىز ئېيتقاندەك تۇرمۇشتا خىجالەتسىز ياشاۋاتقانلارنىڭ بىرى، — دېدى ھاياجانلانغان مەستۇرە ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، — شۇ ۋەجىدىن بىزدەكلەر كىتابلاردىنمۇ ئۇچرىتالمايدىغان كەچۇرمىشلىرىڭىز ئاجايىپ سىرلىق تەپسىلاتلىرى بىلەن مېنى خۇددى ھېكايىگە ئوخشاش ئۆز قوينىغا سۆرەپ ئەكىرىپ كەتتى. مەن ئېيتقانلىرىڭىزنى سىز بىلەن تەڭ يىغلاپ، تەڭ ئۆرتىنىپ ئاڭلاۋاتىمەن. ئىككى كىشىنى نامرات ھەم بىكار تەلەپ بىر نامەردكە بېقىندى قىلىپ قويغان كىگىزنىڭ پەقەت بىر بۇرجىكىنىڭلا ھاياتلىق يولى ئېتىلگەن بۇ ئىككى كىشىنى ئاخىرغىچە ياشاش ئۈمىدىگە ئىگە قىلغانلىقى بۇ سىرلىق دۇنيانىڭ ئاجايىپ مۇرەككەپلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇ نوقتىدىن ئېيتقاندا، ھەم نامرات، ھەم بىكار تەلەپ ئېرىڭىز موماي ھەم سىز ئوچۇن، ھەم قۇتقۇزغۇچى، ھەم مەھكۇم

قىلغۇچىدۇر. شۇڭا بۇ ئامەتلىك كىشىنىڭ تەكتىنىڭ زادى قانداقلىقىنى بىلگۈم كەلدى. مالال كۆرمىسىڭىز بۇ ھەقتە گەپ قىستۇرۇپ ئۆتسىڭىز.

— مومايدىن ئاڭلىشىمچە ھەم ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، — دېدى تىلەمچى ئايال تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئىككى بالىسىغا كۆز تاشلاپ قويۇپ، — ئۇمۇ ياقا يۇرتلۇق بىر يېتىم ئىكەن. يۇرتىغا بارغان بىر قارا ماشىنىغا يۈك بېسىشىپ بەرگەن باھانىدە شۇ ماشىنىغا ئولتۇرۇپ بۇ ياققا كېلىپ قاپتۇ. ئەسلىدە ئۇ بۇ يەردە پۇل تېپىشنىڭ بەكمۇ ئاسانلىقىنى ئاڭلىغان. لېكىن ئۇنىڭدەك ھېچقانداق ھۈنەردىن خەۋىرى يوق كىشىگە ئاشخانىلاردا ئانچە - مۇنچە ئوت قالاپ، يەر سۈپۈرۈپ، يۇندا تۆكۈشتىن ئۆزگە قورساق توقلىغۇدەك ئىش چىقماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھازىرقى مەھەللىمىزدىكى يېتىمچىلارغا ھەمراھ بولۇپ، تاشلاندۇق تاشلارنى يىغىپ، ئۆزى ياتقۇدەك بىر كۆلبىنى سېلىۋاپتۇ - دە، ئېپى كەلسە ئىشلەپ، بولمىسا قېنىنى سېتىپ جان باقىدىغان يولغا كىرىپتۇ.

— ئېرىڭىز ھېلىمۇ ئاشۇ زاۋۇتتا تازىلىق ئىشچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتامدۇ؟

— بۇ نەكەمدىكى گەپ. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىرنەچچە يەردە ئىشلەپ باقتى. لېكىن ھەممە يەردە «نوپۇسۇڭ يوقكەن» دېگەننى باھانە قىلىپ ئورنىنى ئىسسىتمىدى.

— مومايچۇ؟

— موماي شۇ يىقىلغانچە ئورنىدىن تۇرالمىدى. ئۇنىڭغا نەۋرىسىنى بېقىش ئۇياقتا تۇرسۇن، دىدارىنى كۆرۈشمۇ نېسىپ بولمىدى.

بالا موماي قازا قىلىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن تۇغۇلدى. ئۇ بالا مانا مۇشۇ.

تىلەمچى ئايال ئاپئاق پەر ياستۇقتا خان بالىسىدەك شېرىن ئۇيقۇغا چۆمگەن جۇل - جۇل كىيىملىك بەش ياشلىق ئوغۇلنى ئېڭىكى بىلەن ئىما قىلىپ كۆرسەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىماسى بالا قورسىقىدا تۆرەلمە ھالەتتە ياتقان چاغلاردىكى ئانىلىق تەلپۈنۈشلىرىگە قىلچىمۇ ئوخشىمايتتى.

— شۇنىڭدىن كېيىن، — دېدى تىلەمچى ئايال سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — كەينى - كەينىدىن ئىككى ئوغۇل تۇغدۇم. لېكىن ھەر ئىككىسىلا بېقىش تاپالماي قازا قىلدى. مانا بۇ قىز بالىلارنىڭ تۆتىنچىسى. ھازىر قورسىقىمدىمۇ ئىككى ئايلىق بالا بار. ئىلگىرى تۇغماسلىقتىن خارلانغان بولسام، ھازىر كۆپ تۇغۇش بىلەن ئازابلىنىۋاتىمەن. نېمىشقا دېسىڭىز ئۆمۈرنىڭ بۇ ئۇپراتقۇچىلىرى ھەرقانچە ئارزۇلانغىنى بىلەنمۇ خۇددى ماڭا ئوخشاش قورتتەك ئۆمىلەپ ياشاش تەقدىرىدىن قۇتۇلالمايدۇ. مەن بۇلارنى ئويلىغىنىمدا بىر ئۆزۈمنىڭ دەرد تاتقىنىنى ئازدەك، ئۆزلۈكسىز دەرد تارتىدىغانلارنى كۆپەيتىشكە تۆرەلگەنلىكىمدىن بەكمۇ خورسىنىمەن.

تىلەمچى ئايالنىڭ سۆزلىرى مەستۇرەنى ئويغا سالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە مۇشۇ بالىلارنىڭ بىرەرىنى بېقىۋالسام قانداق بولار، دېگەن شېرىن خىيال پەيدا بولغانىدى. لېكىن بۇنىڭغا قانداق ئېرىشىش كېرەك؟ ئۇنىڭغا بىر بالاڭنى بەر، دېيىش كېرەكمۇ؟ ياكى ئوتتۇرىغا كىشى قويۇش كېرەكمۇ؟

— خىلىڭىز بولمىغان بىر كىشىگە چاي قۇيىمەن دەپ، بەكمۇ ئاۋارە بولدىڭىز. خانىم، بۇ ئىلتىپاتىڭىز ئۈچۈن خۇدا

تىلىگىنىڭىزنى بىرەر، ئەمدى مەن قايتاي.

تىلەمچى ئايالنىڭ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىشى مەستۇرەنىڭ شېرىن خىيالىنى بۆلۈۋەتتى. ئۇ گويا ئۆز خىيالىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويغاندەك ساراسىم ئىچىدە ئۇنى توستى.

— توختاڭ، چۈش بولۇپ قالدى، تاماق يەپ مېڭىڭ.

— ئون نەچچە يىلدىن بۇيان يىغىلىپ قالغان دەردلىرىمنى بىراقلا تۆكۈۋەتتىم، خانىم، ئىچىم خېلىلا بوشاپ قالدى. بۇ مېنىڭ بەتتە پولۇ يېگىنىمدىنمۇ ئەلا. ئىشلىرىمنىڭ سۆز - چۆچەك بولۇپ كەتمەسلىكىگە ئىشىنىمەن، سۆز - چۆچەك بولۇپ كەتسىمۇ مەيلى، چۈنكى مەن سىز بىلەن قايتا ئۇچرىشىپمۇ قالماسمەن.

تىلەمچى ئايال ئالاھىدە ئەسكەرتىۋاتقان ئاخىرقى سۆزلىرىنى تىلغا ئالغاندا ئىلگىرىكى مۇلايىملىقى بىردىنلا يوقاپ، كۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر ئۇچقۇن ياندى - دە، ئاۋازى كۆتۈرۈلۈپ تەلەپپۇزى قەتئىيلەشتى. بۇ تەقدىرگە تەن بەرسىمۇ، لېكىن ياشاش ئىقتىدارىنى يوقاتمىغان بىر كىشىنىڭ ئۆز غۇرۇرىنى قوغداش يولىدىكى روھىي قىياپىتىنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدى ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى ئىدى. بۇنى دەرھال چۈشەنگەن مەستۇرە ئامالسىزلىقتىن بىر قېتىم دەپسەندە قىلىنغان ۋۇجۇدىنى يەنىلا ھەقىقىي ئىنسانغا خاس بولغان غۇرۇر كۈچى بىلەن پاك ساقلاشقا ئىنتىلىپ، ئۆزىنى، نامرات ئائىلىسىنى قوغداشقا جان پىدالىق كۆرسىتىۋاتقان ئاجىزەگە كۆڭلىدە ئاپىرىن ئوقۇدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئۆتۈنۈشىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، قەلبىدە يېڭىدىن يېلىنجاۋاتقان ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنىڭ بەربات بولۇپ

كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئالدىراپ سۆز قىستۇردى.

— مەن گەرچە سىزگە قارىغاندا، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بولساممۇ، لېكىن سىزگە ئوخشاشلا ئايال. ئايال كىشى ئاجىز كېلىدۇ. مۇشۇ ئاجىزلىق تۈپەيلى بېشىغا ئېغىرلىق كەلگەنلەرنى سۆز - چۆچەك قىلىش بولمىغۇر ئادەملەرنىڭلا ئىشى. بۇگۇن ياخشى مۇڭداشتۇق. بۇندىن كېيىنمۇ مۇڭدىشايلى. ئىچىڭىز پۇشسىمۇ، جىددىي پۇل لازىم بولسىمۇ، ماڭا كېلىڭ. مەن هاجىتىڭىزدىن چىقىشقا ۋەدە بېرىمەن. قېنى، سىز داۋاملىق كېلىپ تۇرۇشقا ۋەدە بېرىڭ.

تىلەمچى ئايالنى بىردىنلا يىغا تۇتتى. هېلىلا كۆزلىرىدە چاقنىغان غۇرۇر ئۇچقۇنلىرى لىغىرلاپ تۇرغان ياش بىلەن ئالماشتى. چۈنكى ئۆزىنى مېھمان ئورنىدا كۆرۈپ، يەنە داۋاملىق مۇڭدىشىپ تۇرۇشقا تەكلىپ قىلىۋاتقان بۇ كىشىنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ ئاخىرقى ئەسكەرتىشلىرىنىڭ تامامەن ئورۇنسىزلىقىنى هېس قىلدۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «تۇكىنى هۇرپەيتىپ، ئورۇقلۇقىنى بىلىندۇرمەپتۇ» دېگەندەك ئىش قىلىپ قويغانلىقىدىن ئۆكۈنۈپ، كەچۈرۈم سورىماقچىمۇ، ئىلتىپاتىغا رەھمەت ئېيتماقچىمۇ بولدى، لېكىن ئاچچىق ياشلىرى بوغۇزىنى بوغۇپ، هاياجانلىق جۈملىلەر يوشۇرۇنغان قەلب دەرۋازىسىنى قۇلۇپلاپ قويدى.

— رەھمەت، — دېدى ئۇ ئاخىر ئارانلا، — كەلسەممۇ كېلەي، لېكىن ماڭا قىلغۇدەك ئىش تېپىپ قويۇڭ. ئەڭ بولمىغاندا كىرىڭىزنى بولسىمۇ يۇيۇپ بېرەي. بولمىسا بىكار تاماق يېيىشتىن ئۇيۇلىمەن.

— ئەمىسە كېلىشتۇق، — دېدى مەستۇرە خۇشال

كۆلۈپ، — كەلمىسڭىز چوقۇم رەنجىيمەن.
شۇ سۆز بىلەن تىلەمچى ئايال ئورنىدىن تۇردى. ئۇ تاتلىق ئۇخلاۋاتقان باللىرىنى ئويغىتىپ، دالان ئۆيگە ئاچىققۇچە بولغان ئارىلىقتا مەستۇرە چامادىنىنى ئېچىپ، كىيىۋاتقان ئىككى قۇر كىيىمى بىلەن ئون سوم پۇلنى بوپلاپ ئەچىقتى - دە، ئۇنىڭ قولتۇقىغا قىستۇردى. ھاياجانلانغان تىلەمچى ئايال دەرھال دۇئاغا قول كۆتۈردى.
— ئالتۇن بويلىرىنىڭ ئامانلىقىنى بەرسۇن خۇدايىم! سېخىي قوللىرى مەڭگۇ دەرد كۆرمىگەي.
مەستۇرەمۇ دۇئاغا قول كۆتۈردى. لېكىن بارماقلىرى ئارىسىدىن تىكىلگەن كۆزلىرى ئۇيقۇسى قانغانلىقتىن ئىككى مەڭزى قىزىرىپ، تېخىمۇ ئوماقلىشىپ كەتكەن قىز بىلەن ئوغۇلغا قادىلىپ قالغانىدى.

# ئىككىنچى قىسىم

## مەستۇرە

تىلەمچى ئايال تىلەمچىلىك ھاياتىدا تۇنجى يولۇقتۇرغان ئاق كۆڭۈل خانىمنىڭ ئۆيىدىكى يېرىم كۈنلۈك ئۇچرىشىشتىن ئىنتايىن مىننەتدار بولۇپ كېتىۋاتقىنىدا، مەستۇرە ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ ئاچچىق تەسىراتىدىن تۇغۇلغان ئوي - پىكىرلەرگە بەنت بولغان ھالدا، گىرەلەشتۇرۇلگەن بارماقلىرى ئۇستىگە بېشىنى قويۇپ كارىۋىتىدا ئۇڭدا ياتاتتى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھېس قىلىپمۇ باقمىغان بۇ پاجىئەلىك كەچۇرمىشلەر رەھىمسىز

رىئاللىقىنىڭ بىر ئاجىزەنى قول بىلەن تۇتقىلى، كۆز بىلەن كۆرگىلىمۇ بولمايدىغان، لېكىن بۆسۈپ چىقىش تولىمۇ قىيىن بولغان ئاسارەت يىپلىرى بىلەن قاتتىق بوغقۇچلىغانلىقىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ تۇيۇلدى. نادانلىق ۋە خۇراپاتلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ كۆرۈنمەس چۇشەكلەر پەقەت ئايال كىشىنىلا بوغقۇچلاشقا مەنسۇپمىدۇ؟ ئاھ، ئاياللار، نېمىشقىمۇ بۇرۇنراق ئويغانمىغان بولغىيدىڭلار!

مەستۇرە ئىلگىرى بۇ ھەقتە ئويلىنىپمۇ باقمىغانلىقىغا ئۆكۈندى. مانا ئەمدى ئۇيلانغانسېرى تاڭ قېلىش، ئېچىنىش، ھېسداشلىق قىلىش تۇيغۇسى پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالدى. گەرچە تىلەمچى ئايالنىڭ دەردىگە ياماق بولالمىسىمۇ، لېكىن شۇ تۇپەيلى ئۆزىنى كۆپتىن بۇيان قاتتىق بىئارام قىلىپ كېلىۋاتقان سەرگۈزەشتىلىرى كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنىشكە باشلىدى.

ئۇ ئەسلىدە كېلىشكەن قەددى - قامىتى ۋە گۈزەل جامالى بىلەن ئۆزىگە تەمەننا قويىدىغان مەغرۇر قىز ئىدى. ئۇ بۇ مەغرۇرلۇقى بىلەن داشۆنىڭ دەسلەپكى سىنىپلىرىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدىلا كۆپلىگەن يىگىت ساۋاقداشلىرىنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىۋاتقان ئاققۇ مەلىكىسىنىڭ ئوبرازىغا ئايلانغانىدى. ئۇ پات - پات مۇشۇ مەزمۇندىكى سۆيگۈ خەتلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالاتتى - دە، مىيىقىدا كۈلگىنىچە ئىنزاھاتسىزلا يىرتىپ تاشلايتتى. ئەگەر خەت ئىگىلىرىدىن بىرئاز جۈرئەتلىكلىرى ئالدىنى توسۇپ، خېتىگە جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلىپ قالسا، كېلىشكەن قەددىنى تېخىمۇ مەغرۇر تۇتۇپ:

— خېنىمىز يىرتىپ تاشلاندى، كەچۈرسىز، — دەپلا كېتىپ قالاتتى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ مەغرۇرلۇقىدىن ھېيىقىدىغانلار بارغانسېرى كۆپىيىپ، ئۇنىڭغا مۇھەببەت تەمەسى بىلەن قارايدىغانلارمۇ ئازىيىپ كەتتى. ئۇ بۇنى بەش قولدەك بىلسىمۇ قىلچە ئۆكۈنمەيتتى، چۈنكى ھېچقايسىسىنى ئۆزىنىڭ خىلى دەپ ھېسابلىمايتتى.

ئۇ يېگانە خىيال قىلغان مەزگىللىرىدە ئۆزىگە جورا بولغۇچىنىڭ سىماسىنى قەلب ئەينىكىدە غىل - پال كۆرۈپمۇ قالاتتى. قەددى - قامەتلىك بۇ سىما ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئويناپ، تەڭ كۈلەيتتى. ئۇنىڭ مۇھەببەت ئوچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان شەھلا كۆزلىرىگە تىكىلگەن مەستۇرە سەزگۈلىرىدە بارغانسېرى ئەۋج ئېلىۋاتقان ئوتتەك تەشنالىق بىلەن ئۇنىڭغا قۇچاق ئاچاتتى. لەۋلىرىنى سوزاتتى، ئاھ...

لېكىن بۇ تامامەن خىيالىي كۆرۈنۈش ئىدى. ئۇ قەلب ئەينىكىدە نامايان بولغان بۇ يىگىتنى رېئاللىقتىن كۆپ ئىزدىدى، لېكىن ئۇچرىتالمىدى. ئۇ ئۆزىنى قىزىقتۇرغۇچى بۇ سىمانى كۆڭلىگە پۈككىنىچە ئوقۇشنى تاماملىدى. مانا ئۇ يۇرتلىرىغا تەقسىم قىلىنغان ساۋاقداشلىرىنى ئۇزىتىپ قويۇپ، ئۆزىنى ئەكەتمەكچى بولغان مەلۇم ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ماشىنىسىنى كۈتمەكتە. سائەت ئۇچكە يېقىنلاشتى. لېكىن ماشىنىدىن تېخى خەۋەر يوق. ئۇ چۈشتىن بۇرۇنلا ئۆزى تەقسىم قىلىنغان بۇ ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆزىنى مەلۇم قىلغانىدى. بۇ، مەكتەپنىڭ تەتىل مەزگىلى بولغاچقا، يېڭىدىن سېلىنىۋاتقان ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل بولغان خوجىلىق مۇدىرى بىلەنلا

ئۇچرىشالىغانىدى. ئۆسكىلەڭ قاشلىرى قاپاقلىرىغىچە ساڭگىلاپ تۇرىدىغان ئېگىز بويلۇق بۇ قاتاڭغۇر ئادەم ناھايىتى سىپايىلىك بىلەن چۈشتىن كېيىنلا ماشىنا ئەۋەتىدىغانلىقىنى، ئاڭغۇچە ياتاقنىڭ غېمىنى قىلىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. بۇ ئۇزۇنتۇرانىڭ ۋەدىسىدە تۇرمىغانلىقى مەستۇرەنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ جىمجىتلىقتا چۆمگەن ياتاقتا قۇرۇقدالغان كارىۋاتلارغا قاراپ، تۇنجى قېتىم غېرىبسىنىشقا باشلىدى. بەش يىلدىن بۇيان خۇددى ئاچا - سىڭىللاردەك ئىچەكىشىپ كەتكەن بۇ كارىۋات ئىگىلىرىمۇ قاينام - تاشقىنلىق ھاياتتىن ئايرىلغىنىغا كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا كېتىۋاتقاندۇ. لېكىن ئۇلار يالغۇز ئەمەس، گۇڭگۇر - مۇڭغۇر گەپلىشەلەيدۇ، ماشىنا ئىچىنى بېشىغا كىيىپ، خۇشال كۈلۈشەلەيدۇ، ناخشىمۇ ئېيتالايدۇ، مەستۇرەچۇ...

مەستۇرە يالىڭاچلىنىپ قالغان ياتاقتا ساۋاقداشلىرى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن كېرەكسىز قەغەز، سۇرەتلەرنى توپلىيىنىڭ ئېگىز پاشنىلىرىدا ئېرىنچەكلىك بىلەن دەسسەپ ئۇيان - بۇيان ئايلانماقتا. خىيالىدا باللىقىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەر ئاستا - ئاستا جانلىنىپ، ۋۇجۇدىنى تىترەك باسماقتا. ئۇ ئەسلىدە ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەڭ ئەركە قىزى ئىدى. ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان يىلى ئاتا - ئانىسى كەينى - كەينىدىن ۋاپات بولۇپ كېتىپ، بىر ئەمەلدارغا ياتلىق قىلىنغان ھەدىسىنىڭ ھامىيلىقىدا ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ داشۆگە چىققان يىلى ئەمەلدار قېيناغىسىنىڭ خىزمىتى بىرئاز ئۆستۈرۈلۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مەلۇم ۋىلايەتكە ئالماشتۇرۇلۇشى بىلەن

ئىچكۆيەر ھەدىسىدىنمۇ ئايرىلدى. بۇ يەردە شەھەردىن ئوتتۇز نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر يېزىدا تۇرۇۋاتقان ھامىمىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭغا پاناھ بولغۇدەك كىشى يوق ئىدى. ئۇ گەرچە ھەدىسى بىلەن ھامىمىسىنىڭ ھەر ئايدا ئۇزۇلدۇرمەي ئەۋەتىپ تۇرىدىغان پۇللىرى بىلەن داشۆنى بەگ باللىرىدەك ھېچنېمىدىن قىسىلماي مەغرۇر يۈرۈپ تۇگەتكەن بولسىمۇ، نىمىشقىدۇر ھەدىسى بىلەن ھامىمىسىغا بېقىنىپ قېلىشنى خالىمايتتى. ئۇنىڭ ئوقۇشنى تۈگىتىپ، ئۆزى چوڭ بولغان بۇ شەھەردە قېلىپ قېلىشىمۇ مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئىنتىلگەنلىكىدىن ئىدى.

— تاك - تاك - تاك...

ئىشىكنىڭ يەڭگىل ئۇرۇلۇشى مەستۇرەنىڭ خىيالىنى بۆلدى. ئۇ ئالدىراپ ئىشىكنى ئاچتى - دە، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئېقىپ چۈشكەندەك قاڭشارلىق بۇرنى ئاستىغا ئىنچىكە بۇرۇت قويغان، قويۇق چاچلىق، قارا قاش، قارا كۆز، ئاق پىشماق بىر يىگىت كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى. بۇ ئۇنىڭ قەلب ئەينىكىدە پات - پات پەيدا بولۇپ قالىدىغان يىگىتنىڭ دەل ئۆزى ئىدى.

كۆپتىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن بۇ سىمانىڭ ئۇشتۇمتۇت ئالدىدا پەيدا بولۇشى مەستۇرەنى قاتتىق ھودۇقتۇردى. ئۇ نېمەدېيىشىنىمۇ بىلەلمەي ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۇنىڭغا ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدى. يىگىت ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن بىرئاز ئوڭايسىزلانغاندەك قىلدىيۇ، لېكىن چاندۇرمىدى.

— مەستۇرە سىز بولامسىز؟

— شۇنداق، — دېدى مەستۇرە يەنە ھەيرانلىق

بىلەن، — سىز...

— مېنى خوجىلىق مۇدىرى ئاقۇپ ئاكا ئەۋەتتى.

مەستۇرە شۇندىلا ئۆزىنى خىيالىي دۇنيادىن قۇتۇلدۇرۇپ، رېئاللىققا قايتتى ـ دە، ئۆزىنى ھەيران قىلغان بۇ يىگىتنىڭ ئۇستۇبېشىغا لەپپىدە قاراپ چىقتى.

يىگىرمە ئىككى ـ يىگىرمە ئۈچ ياشلار چامىسىدىكى بۇ يىگىت كالتە يەڭ ئاق كانۋا كۆڭلەك، قارا كۆك سارجىدىن شىم كىيگەنىدى. پۇتىدىكى زامانغا لايىق ئۈچى ئۇچلۇق زىغىررەڭ تۇپلىيى نۇرلۇق چىرايىدەك پارقىراپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ بۇ خىل ياسىنىشى يۇقىرىدا تەسۋىرلەنگەن سىياقىغا بەكمۇ ماس كەلگەنىدى. مەستۇرە ئۇنى بىر تۇرۇپ ناخشىچى ئارتىسلارغا ئوخشاتسا، بىر تۇرۇپ تېلېۋىزىيە دېكتورلىرىغا ئوخشىتاتتى، لېكىن بۇ ئوخشىتىشلارنىڭ قەلب ئەينىكىدە ئەكس ئەتكەن سىمادىن تولىمۇ يىراقلاپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۆزىچە كۈلۈمسىرەپ قويدى. يىگىت ھېلىلا ھاڭۋېقىپ قاراپ قالغان بۇ قىزنىڭ ئەمدى ھېچ گەپتىن ـ ھېچ گەپ يوق ئۆزىچە كۈلۈپ قويۇشلىرىغا قاراپ ھەيران بولدى.

— ئۇكام مەسئۇد، — دېگەنىدى ئاقۇپ مۇدىر يىگىتكە چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا مەكتەپ ئىشخانىسىغا كىرىپ، — مەكتىپىمىزگە ساڭا ئوخشاش ئالىي مەكتەپنى تاماملىغان يەنە بىر ياش ئوقۇتقۇچى كەلدى. ئۇنى ئەكىلىشكە سەندىن باشقا كىمنى ئىزدەي، ئېغىر بويۇڭنى يەڭگىل قىلىپ، ئۇ قىزنى شاققىدە ئەكەلمەمسەن.

مەسئۇد ياتاقتا يېتىپ خىزمەت قىلىدىغان بىردىنبىر ياش ئوقۇتقۇچى ئىدى. ئالدىنقى يىلىلا مىللەتلەر

ئىنستىتۇتنى تاماملاپ كەلگىنىگە قارىماي، ئايغىنىڭ يەڭگىللىكى بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئائىلىسىگە تەۋە ئىغىر - يېنىك ئىشلىرىغا ھەمدەم بولۇپ، تېزلا ھەممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ كەتكەنىدى. ئاقۇپ مۇدىرنىڭ ئۇنى مەستۇرەنى ئەكىلىشكە بۇيرۇشىمۇ شۇ سەۋەبتىن. لېكىن مەسئۇد ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنىلا غەرەزسىز قىلىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. ئەڭ بولمىغاندا، ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويۇشنىمۇ ئويلىماي قالمايتتى. ئاقۇپ مۇدىرنىڭ تاپشۇرغان خىزمىتىنىڭ ئۇنىڭغا ياققان يېرى «ئۇ قىزنى...» دېگەن جۈملىسىلا ئىدى. دېمەك، ئۇ ئۆزىگە كەسىپداش بىر قىزنى ئەكەلمەكچى. «قىز كەسىپداش» — بۇ نېمىدېگەن مول مەزمۇنلۇق ئاتالغۇ. گەرچە ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىدا كۆپلىگەن قىز ساۋاقداشلىرى بىلەن يامان ئەمەس ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن بىرەرى بىلەن ئۈمۈرلۈك ھەمراھ بولۇپ قېلىش كويىدا بولمىغانىدى. ئۇ قاينام - تاشقىنلىق ھاياتتىن ئايرىلىپ، يەككە - يېگانە ھايات كەچۈرۈشكە يۈزلەنگەندىن كېيىنلا بىھۇدە ئۆتۈۋاتقان ياشلىقىغا يېڭىچە ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىدىغان بىر ھەمراھنىڭ بولۇشىنى ھېس قىلدى. شۇڭا «قىز» دېگەن بۇ سۆزدىن ئۆزى ئارزۇ قىلغان نەرسىنى دەرھال تېپىپ ئالىدىغاندەك ھېسسىياتتا ئاقۇپ ئاكىدىن ئۇنىڭ ئادرېسىنى تولۇق يېزىپ ئالدى - دە، شوپۇرنىڭ ئۆيىگە چاپتى. لېكىن ماشىنا سىرتقا چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ بۇنىڭغا ئۆكۈنۈپمۇ كەتمىدى. ئەكسىچە بۇنى ئۆزىنى ئانچە - مۇنچە تونۇشتۇرۇۋېلىش پۇرسىتى دەپ بىلىپ، ياتىقىغا قايتىپ كەلدى - دە، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ساقىلىنى ئېلىپ، بۇرۇتىنى تۈزەشتۈردى.

مەستۇرەنىڭ نەزىرىدە تۇرۇپ ناخشىچى ئارتىسلارغا، تۇرۇپ تېلېۋىزىيە دېكتورلىرىغا ئوخشىشىپ كەتكەن بۇ يىگىت ئەنە شۇنداق تەييارلىق باسقۇچلىرىدىن ئۆتۈپ بۇ يەرگە كەلگەنىدى. مەستۇرە ئۇنى قەلب ئەينىكىدە ئەكس ئەتكەن سىماغا ئوخشىتىپ، خىيالىي دۇنيادىن رېئاللىققا قايتقۇچە بولغان ئارىلىقتا يىگىتمۇ ئۇنىڭ ياشلىق ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇرغان كېلىشكەن قەددىنىڭ كىشىنى مەھلىيا قىلغۇچى ھەربىر بۆلەكلىرىگىچە قاراپ چىققانىدى. ئىلىپتەك قامەت، كېلىشكەن بەدەن، مارالنىڭكىدەك تۈز ھەم ئۇزۇن پۇتلار ئۇنىڭ مەغرۇر قىياپىتىگە شاھانە تۈس بېرىپ تۇراتتى. مەسئۇد ئۆز قەددى - قامىتىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىگە ئىشەنسىمۇ، لېكىن ئالدىدىكى شاھانە قامەتنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇشقا ئامالسىز قالدى. بولۇپمۇ قىزنىڭ قاپقارا كۆزلىرىنى كىيىكنىڭ كۆزلىرىدەك مۆلدۈرلىتىپ قارىشى، كۈلۈمسىرىگەندە لەۋلىرىنىڭ يېقىملىق ئېچىلىشى ئۇنى تېخىمۇ ھودۇقتۇردى. ئۇ قىزنىڭ نېمىگە چۆچۈپ، نېمىگە شۇنداق كۈلۈمسىرىگەنلىكىنى ئويلاپ يېتەلمىسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە ئۇنىڭ مەنسىتمەسلىكىگە ئۇچراپ قېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرىدى.

ئارىنى جىمجىتلىق باستى. مەسئۇد جىمجىتلىقنى بۇزۇش ئۈچۈن قىزنىڭ تەقلەپ قويغان شىكلىسى بىلەن چامادانىغا نەزەر تاشلىدى.

— ھە، نەرسە - كېرەكلىرىڭىزنى تەقمۇتەق قىلىپ قويغانىكەنسىز - دە، چىقىمىزمۇ؟

— ئەلۋەتتە، — دېدى قىز قاپىقىنى نازلىق تۈرۈپ، — يېرىم كۈن ساقلىغىنىممۇ يېتەر.

— ماشىنىنىڭ كاساپىتى بولمامدۇ، — دېدى مەسئۇد ئەيىبكارلارچە دۇدۇقلاپ، — سىرتقا چىقىپ كەتكەنىكەن، تۇيۇقسىز توپتوغرا ئۈچ سائەت ساقلىدىم دەڭا.

مەستۇرە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئېتىبار قىلمىغان قىياپەتتە سومكىسىنى مۇرىسىگە سېلىپ، تەلەڭگە سېلىنغان تور سومكىسىنى قولىغا ئالدى ـ دە، قېنى شىڭلىنى كۆتۈرۈڭ دېگەندەك مەسئۇدقا تىكىلدى. مەسئۇد ئۇنىڭ مەغرۇرلۇق نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە لەپپىدە قارىدى ـ دە، شىڭلىنى مۇرىسىگە ئېلىپ، ئۇن ـ تىنسىز لا سىرتقا ماڭدى.

كۆڭلىدە بىر ـ بىرىگە قاتتىق ئىنتىلگەن ئىككى ياشنىڭ تۇنجى ئۇچرىشىشى ئەنە شۇنداق باشلاندى.

ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتتى. ئۇلار قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى بىلەن پات ـ پات ئۇچرىشىپ تۇردى. بۇ ئۇچرىششلارنىڭ ھەممىسىگىلا مەسئۇدنىڭ قىزدىن ئەھۋال سورىشى باھانە بولاتتى.

— مەستۇرە، ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟

— مەستۇرە، تاماققا چىقمىدىڭىزمۇ؟

— مەستۇرە، زېرىكىپ قالمىغانسىز؟

مەستۇرە بۇ سوئاللارغا ھەئە ياكى ياق دېگەن بىر ئاغىز سۆز بىلەنلا جاۋاب قايتۇرسىمۇ، لېكىن قەلب ئەينىكىدە ئەكس ئەتكەن ئوبرازغا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ يىگىتكە يەر تېگىدىن تىكىلىپ، ئۇنىڭ كېلىشكەن قەددىگە بارغانسېرى مايىل بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. يىگىت بولسا، ئىچكى ھېسسىياتىنى بىلگىلى بولمايدىغان تېرموس مىجەز بۇ خېنىمنىڭ ئاغزىنى ئېچىشقا ئىنتىلىپ، يوقىرىقىدەك باھانىلەر بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپلا يۈرەتتى.

بىركۈنى ئاقۋپ ئاكا ئۇلارنى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلدى. جوزىغا بىرقانچە خىل قورۇما كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، رومكىلارنى ئاق ھەم قىزىل ھاراقلار بىلەن تولدۇردى ـ دە، قىزىلنى مەستۈرەنىڭ ئالدىغا، ئېقىنى مەسئۇد بىلەن ئۆزىنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئورنىدىن تۇردى.

— ئەمىسە، — دېدى ئۇ ئارىدەك ئۇزۇن قوللىرى بىلەن رومكىسىنى سىقىمدىغىنىچە مەستۈرە بىلەن مەسئۇدقا كۆلۈمسىرەپ قاراپ، — ساھىبخانلىق سۈپىتىم بىلەن بىر ـ ئىككى ئاغىز گەپ قىلىپ قوياي.

مەستۈرە بىلەن تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق كۆڭۈللۈك سورۇندا ئولتۇرۇۋاتقانلىقىدىن ھاياجىنىنى باسالماي قالغان مەسئۇد ئۆزىنى شوخ ۋە تېتىك تۇتۇشقا ئىنتىلىپ، ئاقۋپ ئاكىنىڭ سۆزىدىن پۇتاق چىقاردى.

— ئۇنداقتا باياتىنقى سۆزىڭىز ساھىبخان سۈپىتىدە ئېيتىلماپتىكەن ـ دە؟

ئاقۋپ ئاكا تۇز ھەم ساددا كىشى بولۇپ، گەپكە ئۇستا بولمىسىمۇ، چاقچاقنى ئامراق ئىدى. شۇڭا مەسئۇدنىڭ چاقچىقىغا چاقچاق بىلەن جاۋاب قايتۇردى:

— ئۆزۈم تومبولقا ئادەم بولغاچقا، گەپنى قائىدىلىك قىلالمايمەن. لېكىن سىز ئەدەبىياتچى بولغىنىڭىز ئۈچۈن ئىچىڭىزدە تەھرىرلەۋېتىپ ھەزىم قىلارسىز.

ئۇنىڭ سۆزى قاتتىق كۈلكە كۆتۈردى. مەستۈرەمۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا تىكىلدى. ئۇ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— سىڭلىمىز مەستۈرەنىڭ مەكتىپىمىزگە كەلگىنىگە بىر ھەپتە بولاي دەپ قالدى. شۇنىڭغىچىلىك قۇرۇلۇش

دېگەن بۇ ئوقەتنىڭ ھەلەكچىلىكىدە سىڭلىمىزدىن ئەھۋالىڭىز نېچۇك دەپ سوراپ قويۇشقىمۇ پۇرسەت بولمىدى. شۇڭا مەستۇرەدىن ئەپۇ سوراش، شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئىشكىمىزنىڭ قاياققا ئېچىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن، بۇ ئەرزىمەس داستىخانىنى يايدىم.

— رەھمەت، — مەستۇرە ئۇنىڭ ئۇچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتىۋاتقان سۆزلىرىدىن ھاياجانلىنىپ ئەدەب بىلەن ئورنىدىن تۇردى، — تولىمۇ كايىغانلىقىڭىزغا رەھمەت.

— كايىغۇدەك ئىش قىلالمىدۇق، — دېدى ئاقۇپ ئاكا قولىدىكى رومكىنى مەستۇرەگە تەڭلەپ، — ئەمىسە داستىخىنىمىزنىڭ غورىگىللىكىنى چاندۇرماي ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇرۇشىمىز ئۈچۈن بىر - ئىككى رومكىدىن ئىچەيلى.

— قېنى! — مەسئۇد خۇددى شۇ گەپنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ، رومكىنى مەستۇرەگە تەڭلىدى، — ئالدى بىلەن مەستۇرەنى قىزغىن قارشى ئالدىغانلىقىمىز يۈزىسىدىن ئىچەيلى.

— ئەينەك رومكىلار بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ ئاۋاز چىقاردى. مەستۇرە قولىدىكى رومكىنى ئىككى رومكا ھاراق ئىككى كىشىنىڭ ئاغزىغا بىراقلا قۇيۇلۇپ كەتكەنگە قەدەر تۇتۇپ تۇردى - دە، ئاندىن ئاستا جوزىغا قويۇپ قويدى.

— ئاپلا، بىر ئىشنى كەم قىپتىمەن، — دېدى ئاقۇپ ئاكا مەستۇرەنىڭ ئىچمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئاندىن تاشقىرىقى ئۆيگە قاراپ توۋلىدى، — زۆھرە، بۇياققا چىققىنا!

ھايال ئۆتمەي بوي - تۇرقى ئاقۇپ ئاكىدىن

پەلەمپەيلەردەك پەرقلىنىپ تۆرىدىغان يىرىق بەش ياشلاردىكى دىقماقىقىنا كەلگەن ئاقپىشماق ئايال ئالدىغا تارتىۋالغان پەرتۇقى بىلەنلا كۆلۈمسىرەپ كىرىپ كەلدى. بۇ ئاقۇپ ئاكىنىڭ ئايالى ئىدى. ئاقۇپ ئاكا ئۇنى كۆرۈپ بىر رومكىغا قىزىل هاراق تولدۇرۇپ ئۇنىڭغا سوندى.

— مەستۇرە بىلەن بىرنى سوقۇشتۇرۇۋال.

— ۋاي، ياق، — دېدى مەستۇرە ئالدىراپ، — مەن هاراق ئىچىپ باقمىغان. هۆرمىتىڭىز ئۈچۈنلا رومكىنى قولۇمغا ئېلىپ قويدۇم. مۇشۇ كۇپايە بولسۇن، مېنى زورلىماڭلار.

— كېلىڭە ئۇكام، — دېدى زۆهرە رومكىسىنى مەستۇرەگە تەڭلەپ، — «قاتاردىن قالغۇچە خاتادىن قال» دەپتىكەن، قاتاردىن قالماي ئىچىۋېتەيلى.

— زورلىماڭا هەدە، — دېدى مەستۇرە يالۋۇرۇپ، — هازىرغىچە ئىچمەپتىمەن، ئىچمەيلا قوياي.

زۆهرە قاقاقلاپ كۈلدى.

— هازىرغىچە ئىچمەپتىمەن دەيدىغانغا قانچە ياشقا كىردىڭىز، خېنىم؟ ئىلگىرى ئوقۇغۇچىلىق سۈپىتىڭىز بىلەن ئىچمىگەن بولسىڭىز، ئەمدى خىزمەتكە چىقتىڭىز. بەھىرمەن بولۇشقا تېگىشلىك ئىشلاردىن ئۆزىڭىزنى چەكلەۋەرمەڭ.

— بۇ ئۆزۈم سۈيىغۇ، — دېدى مەسئۇد سۆز قىستۇرۇپ، — تاماقنى هەزىم قىلدۇرۇشقا پايدىسى باركى، هەرگىز ئەكس تەسىرى يوق، ئىچىپ قويۇڭ.

ئۇ ئاغىزىدا شۇنداق دېگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە «هاراق» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بۇ سۈيۇقلۇقنىڭ ئۆز

ۋۇجۇدىدىن ئورۇن بەرگەن ھەرقانداق كىشىنى ئۆزىنى نىقابلىغۇچى بارلىق ياسالما قىياپەتلىرىدىن تېزلا ئايرىپ تاشلاپ، ھەقىقىي قىياپىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ ئۆزى ئىنتىلگەن بۇ خېنىمغا يامان خىيالدا بولۇشنى خالىمىسىمۇ، ھەر ھالدا ئۇنىڭ تېرموسنىڭكىدەك نەچچە قەۋەت مۇداپىئە تاملىرىدىن بۆسۈپ چىقىپ ھەقىقىي ھارارىتىنى ئىپادە قىلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن ئېسىنى بىلگەندىن باشلاپلا قېيناكىسىنىڭ ئۆيىگە چاقىرغان تۈپتۈزۈك مېھمانلىرىنىڭ بىر - ئىككى رومكا ئىچىپلا ئۆزىگە ئوخشىماي قالغانلىقىنى كۆپ كۆرگەن مەستۈرە مەسئۇدنىڭ زورلاشلىرىدىن قانداقتۇر بىرخىل غەيرىيلىكنى ھېس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا بولغان ئىنتىلىشىنىڭ سېھىرلىشى بىلەن قەتئىي ئىچمەسلىك نىيىتىدىن ئاستا - ئاستا يېنىپ، رومكىنى قولىغا ئالدى.

— ئەمىسە، — دېدى ئۇ ھەممىگە تەڭ كۆز تاشلاپ، — لەۋزىڭلارنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈنلا مۇشۇ بىر رومكىنى ئىچىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن زورلىمايسىلەر.

ئۇنىڭ ئۆتۈنۈشى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئېلىنىپ، رومكىلار تەڭلا كۆتۈرۈلدى. مەستۈرە رومكىسىنى سوقۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ياقۇتتەك تاۋلىنىپ تۇرغان ھال رەڭ سۇيۇقلۇققا تىكىلدى - دە، گويا ئاغزى كۆيۈپ كېتىدىغاندەك ئېھتىيات بىلەن لەۋلىرىگە تەگكۈزدى. جۇلالىق رەڭلەر بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ، كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرگۈدەك مەنزىرە ھاسىل قىلدى. بۇنىڭدىن ئۆزىنى تۇتالماي قالغان مەسئۇد:

— قېنى، بىراقلا كۆتۈرۈۋېتىڭ، — دېدى ھاياجان بىلەن.

مەستۇرە بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ باشقىلارنىڭ زورى بىلەنمۇ، ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچىمۇ قايتۇرماي ئىچىۋېرىپ، مەسئۇدنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىش قىلدى. مەڭزى ئانارادەك قىزىرىپ، چېھرى گۈلدەك ئېچىلدى. لەۋلىرىدە كۈلكە قاناتلاندى. بۇ چاغدا زۆھرەنىڭ كەيپىمۇ خېلىلا كۆتۈرۈلگەنىدى، ئۇ پېشانىسىدىن تەپچىرەپ چىقىۋاتقان شەبنەمدەك تەر تامچىلىرىنى ھېلىدىن - ھېلىغا سۈرتۈپ، بارغانسېرى شوخلىشىپ، چىرايلىقلىشىپ كېتىۋاتقان مەستۇرەگە زوقلىنىپ قارايتتى، ئۇچىسىدىكى كىيىملىرىنىڭ رەختى، تىكىلىشى، شۇنداقلا بەكمۇ ياراشقانلىقىنى ماختاپ، ئۆزى ئىشلەۋاتقان ماگىزىنىغىمۇ پات - پاتلا ياخشى ماللارنىڭ كېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، لازىم بولسا، مەستۇرەگە ئېلىپ بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلاتتى. ئاقۇپ ئاكا بولسا، تۇتۇۋاتقان قورۇلۇشى توغرۇلۇق گەپ ئېچىپ، بىر قىسىم ماتېرىياللارنىڭ ساختىلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى ئۈستىدە شىكايەت قىلاتتى. مەسئۇد بولسا، كۈلۈمسىرىگىنىچە ھەممىگە كۆز سېلىپ، ئىشتىھا بىلەن تاماكا چېكەتتى.

مەستۇرە ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم كۈلۈمسىرەپ قارىدى.

— نېمانچە چەككۈلۈك، — دېدى ئۇ ئۇنىڭغا، — يا ئۇنىڭغا شېكەر سېپىپ قويمىسا ياكى ئۇ قورساق تويىدىغان نەرسە بولمىسا.

— راست، — دېدى ئاقۇپ ئاكا مەستۇرەنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — چېكىۋېرىپ ھەممىمىزنى سۈرلەپ

بولدۇقلار، ئاداش! ئاچچىق ئىسنى يۇتۇۋەرگەچكە سەي-پەي، مېۋە-چېۋە يەڭلار. هاراق ئىچمەڭلار.

ئاقۇپ ئاكا رومكىلارغا يەنە هاراق تولدۇرۇشقا باشلىدى.

— مەن ئەمدى بولدى قىلاي، — دېدى مەستۇرە رومكىسىنى ئىتتىك ئالدىغا تارتىپ، — هېلىمۇ كۆپ ئىچىۋەتتىم.

— بوپتۇ ئەمىسە، — دېدى ئاقۇپ ئاكا ئۇنى ئاياش هېسسىسى بىلەن، — هېلىمۇ ناهايىتى ياخشى ئولتۇرۇپ بەردىڭىز.

— ماڭىمۇ بولار، — دېدى زۆهرەمۇ رومكىسىنى ئالدىغا تارتىپ، — مەسئۇد ئىككىڭلار ئىچىڭلار.

— ئەمىسە بۇ ئاخىرقىسى بولۇپ قالسۇن، — دېدى مەسئۇد رومكىنى قولىغا ئېلىپ، — سىلەرمۇ چارچىدىڭلار، ئەمدى ئارام ئالايلى.

— تېخى ئەتىگەنغۇ، — دېدى ئاقۇپ ئاكا سائىتىگە قاراپ، — مانا ئەمدىلا ئون بىر بوپتۇ. يەنە بىر ئاز ئولتۇرۇڭلار، بەك ئۇبدان مۇزىكىلىرىم بار ئىدى، قويۇپ بېرىش ئېسىمگىمۇ كەلمەپتۇ. ئىچمەڭلار پۇشۇپ قالغان بولسا، بىرئاز تانسا ئوينامسىلەر يا؟

— رەھمەت، — دېدى مەستۇرە يۇمۇرلۇق كۈلۈپ، — ھەممىنى بۈگۈنلا تۈگىتىۋەتسەك بولماس.

— ئەمىسە ئۈكام، ئىشىكىمىز ئوچۇق، قاچانلا كىرسىڭىز ھەدىڭىز خۇشال قارشى ئالىۋېرىدۇ.

— ئەلۋەتتە، — دېدى زۆھرەمۇ سۆز قىستۇرۇپ، — ھەر قاچان قولىمىز كۆكسىمىزدە.

ئەنە شۇنداق تەكەللۇپ سۆزلەردىن كېيىن، ئاقۇپ ئاكىنىڭ مەستۇرەنى قارشى ئېلىش يوزىسىدىن ئۇيۇشتۇرغان ئولتۇرۇشى ئاخىرلاشتى.

— باھاسىز ئادەم ـ دە، بۇ، — دېدى مەسئۇد سىرتقا چىققاندىن كېيىن ئاقۇپ ئاكىنى ماختاپ، — چوڭىغىمۇ، كىچىكىگىمۇ خۇددى ئەل ـ ئاغىنىلىرىدەك مۇئامىلە قىلىۋېرىدۇ. ئايالىنىڭ مىجەزىمۇ ياخشى. سىزنى كۆرۈپ قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قالدى.

— بىراق مېنىڭ قىلمايدىغان قىلىق تاپقىنىم يامان بولدى ـ دە!

— قايسى قىلىقنى دېمەكچىسىز؟

— ئۆزى زورلىغىنىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك خۇپسەنلىك قىلىۋاتقىنىنى قارا، — دېدى مەستۇرە قېيىدىغان قىياپەتتە مەسئۇدقا لاپ ئېتىپ قاراپ، لېكىن ئۇنىڭ چىرايى ئۆزى ئەيىبلىگەن نەرسىنىڭ شادلاندۇرۇشىدا گۈلدەك چاقنىماقتا ئىدى. تولۇن ئاي يورۇتۇپ تۇرغان مەكتەپ سەيناسىدا ئۇنىڭ بىلەن يانمۇيان كېتىۋاتقان مەسئۇد ئۇنىڭ چىرايىدىكى بۇ خىل جەزبىدارلىقتىن ئۆز قەلبىدە ئويغىنىۋاتقان مەپتۇنلۇقنىڭ ئەسەبىي تۇغيانلىرىنى باسالماي قالدى. ئۇ بىر كۆرۈپلا ئاشىق بولغان بۇ قىز بىلەن پەقەت تۇنجى قېتىملا مۇشۇنداق يانمۇيان ماڭماقتا. قىزمۇ ئۇنىڭغا پەقەت تۇنجى قېتىملا كۆلۈمسىرەپ قاراپ، ئۆز مايىللىقىنى قېيداش قىياپىتىدە بىلدۈرمەكتە ئىدى. بەخت ۋە پەخىرلىنىش ھېسسىياتىنى بەخش ئەتكۈچى بۇ كۆرۈنۈشلەر مەسئۇدنىڭ ۋۇجۇدىنى سىمابتەك ئېرىتىپ قالماي، پۈتۈن تەبىئەتنىمۇ ئۆز ئىلكىگە ئالغاندەك قىلاتتى. مانا، ئادەتتىكىدىنمۇ

بەكرەك تولۇنلانغان ئاي يالتىراپ تۇرغان جىسمىدىن كۈمۈش رەڭ نۇرلارنى بولۇشىغا چاچماقتا. لەرزان شامال ئىللىق يەلپۈنۈپ، يېقىملىق پىچىرلىماقتا. يۇلتۇزلار كۆز قىسماقتا. مەسئۇد بۇ سېزىمىنىڭ هاياجانلىق هۇزۇرىدىن تېخىمۇ كۆپ بەهرىمەن بولۇش ئۈچۈن قىز بىلەن تەكشى قەدەم تاشلاپ، ئۇنىڭ بىلەن يانمۇيان ماڭماقتا. كالتە يەڭ كۆڭلىكىدىن چىقىپ تۇرغان يالىڭاچ بىلىكىنىڭ قىزنىڭ كۆڭلىكىنىڭ يېڭىدىن چىقىپ تۇرغان يالىڭاچ بىلەكلىرىگە ئارىلاپ تېگىپ كېتىشلىرىدىن هاسىل بولغان توك ئېقىمىدەك شېرىن جۇغۇلداشلاردىن تېخىمۇ مەست بولۇپ، ئۆزىنى سېهىرلىك دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك هېس قىلماقتا.

— گەپ قىلمايسىزغۇ؟ — دېدى مەستۇرە مەسئۇدنىڭ جىمىپ كەتكەنلىكىگە تاقەت قىلالماي، — ياكى مېنى قىلمىغان قىلىقنى قىلىشقا زورلىغانلىقىڭىزغا پۇشايمان قىلىۋاتامسىز؟

— پۇشايمان قىلىۋاتىمەن، — دېدى مەسئۇد كەيپى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ، بارغانسېرى يېقىملىق بولۇپ كېتىۋاتقان مەستۇرەنىڭ خۇش ئاۋازىنى تېخىمۇ كۆپرەك ئاڭلاشقا تىرىشىپ، — لېكىن ئېيتقانلىرىڭىزنىڭ دەل ئەكسىچە.

— قىزىق، — دېدى مەستۇرە مەسئۇدقا هەيرانلىق بىلەن تىكىلىپ، — نېمىنى كۆزدە تۇتقانلىقىڭىزنى ئۇقالمىدىم.

— سىز ئەيىبلەۋاتقان بۇ نەرسىنىڭ، — دېدى مەسئۇد كۈلۈپ، — سىزگە دورا بولىدىغانلىقىنى بۇرۇنراق بىلەلمىگەنلىكىمگە پۇشايمان قىلىۋاتىمەن. بۇ سىزگە بەكمۇ

يارىشىدىكەن ئەمەسمۇ.

— بۇنى قانداقمۇ ياراشتى دېگىلى بولسۇن، — دېدى قىز كۈتمىگەندە قاقاقلاپ كۈلۈپ، — قاراڭە، پۇتلىرىم ئۆزۈمنىڭ ئەمەستەك مېنى قاياققا باشلاپ كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيۋاتىمەن.

بېشىنى تىك تۇتۇپ، ھەربىر قەدىمىنى چېكىتتەك دەسسەپ ماڭىدىغان مەستۇرەنىڭ ئاياغ ئېلىشلىرى ھەقىقەتەنمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايتتى. گويا ئۇزاق يول مېڭىپ چارچىغاندەك ئېغىر ئىدى. ئارىلاپ سەندۈرۈلۈپمۇ قوياتتى. لېكىن روھىي كەيپىياتى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، ئەقىل - ھوشىمۇ جايىدا ئىدى.

— پۇتلىرىڭىزنىڭ نەگە ئېلىپ ماڭىدىغانلىقىنى بىلەلمىسىڭىز، — دېدى مەسئۇد ئۇنىڭ ئۆز خاھىشىغا يېقىنلىشىۋاتقان سۆزلىرىدىن دەل جايىدا پايدىلىنىشقا ئىنتىلىپ، — مەن يېتەكلىۋالاي، ماڭا ئىشىنىڭكى...

مەسئۇد سۆزىنىڭ ئاخىرىنى تۈگەتمەيلا، ئاجايىپ زور جاسارەت بىلەن قىزنىڭ بىلەكلىرىگە قول سوزدى. قىز گەرچە بىلەكلىرىنى قاچۇرمىسىمۇ، لېكىن توك تەپكەندەك جۇغۇلداشتىن تىزلىرى پۈكۈلۈپ، يىقىلىپ كېتىشكە تاسلا قالدى. ھېلىمۇ ياخشى مەسئۇدنىڭ سوزۇلغان بىلەكلىرى ئۇنىڭ تال چىۋىقتەك بېلىنى قاماللاشقا ئۈلگۈردى - دە، ئۇنى شۇنداق ئەپچىللىك بىلەن ئالدىغا تارتتىكى، ھارارەتلىك كۆكرەكلەر دەرھال بىر - بىرىگە يېپىشىپ، نۇرانە كۆزلەر بىر - بىرىگە تەشنالىق بىلەن تىكىلىپ قالدى.

— ماڭا ئىشىنىڭكى... — دەپ تەكرارلىدى مەسئۇد ۋۇجۇدىنىڭ جۇغۇلدىشىدىن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا قىزنى

قويۇپ بەرگۈسى كەلمەي.

— ئىشىنىمەن، — دېدى قىزمۇ شېرىن جۇغۇلداش ئىلكىدە ئۆزىنى قاچۇرغۇسى كەلمەي، — ئىشىنىمەن...

قىز ماغدۇرسىزلانغاندەك كۆزلىرىنى يۇمدى، لېكىن تەشنا لەۋلىرى يەنىلا ئىلگىرىكى ھالەتتە مەسئۇدقا قاراپ پىچىرلىماقتا ئىدى:

— ئىشىنىمەن...

مەسئۇد چەكسىز بەختىيارلىق ئىلكىدە ئاي نۇرىدا گىلاستەك يالتىراپ تۇرغان بۇ پاك لەۋلەرگە ئاتەش لەۋلىرى ئارقىلىق سۆيگۈ تامغىسىنى باستى.

ئارىدىن بىرقانچە ئاي ئۆتتى، ئۇلار شۇنداق قىزغىنلىق بىلەن توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ، بەختىيار ئائىلىنىڭ ئىگىسىگە ئايلاندى.

بەختىيار ئائىلىنىڭ ئىگىسىگە ئايلىنىش ئاشىق - مەشۇقلار ئارزۇسى چېچەكلىگەنلىكىنىڭ نامايەندىسى. لېكىن، چېچەككە كىرگەن ھەممىلا نېمىنىڭ مېۋە بېرىۋېرىشى ناتايىن. مەستۇرەنىڭ ھاياتىمۇ شۇ خىل بەختسىزلىككە دۇچ كەلدى. ئۇ تۇغماس چىقىپ قالدى.

مانا ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتتى. پەرزەنت كۆرۈشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان مەسئۇدنىڭ تاقەت كاسىسى پەقەت ئىككى يىلدىلا تولۇپ تاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىلگىرىكى قىزغىن سۆيۈشلەردىن ئەسەرمۇ قالمىدى. مەستۇرە بولسا شۇ قىزغىن سۆيۈشلەرنىڭ غۇۋا ئەسلىمىسى ئىچىدە ئانا بولالماسلىق ھەسرىتى بىلەن ئۈنسىز ياش تۆكەتتى.

— سىلەر نېمىدېگەن بەختلىك، — دەيتتى مەسئۇد ئەل -

ئاغىنىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە بارغاندا ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى ئەركىلەتكەن بولۇپ، — بۇلارنىڭ ھەممىسى سىلەرنىڭ نوتىلىرىڭلار، ئۆلسەڭلار ئىزىڭلارنى باسىدۇ، بىز بولساق بىر جۈپ پور كۆتەكلەر، ئۆلسەك چىرىپ تۈگەيمىز، خالاس.

مەستۈرەنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئېيتىلىۋاتقان بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى قوقاستەك پۇچۇلاندۇرۇپ، كۆز ئالدىنى قاراڭغۇلاشتۇراتتى. «يەرگە كىرەي دېسە، يەر قاتتىق، ئاسمانغا چىقاي دېسە، ئاسمان ئېگىز» تۇيغۇلۇپ ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالاتتى. ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئاچچىق يۇتۇۋېرىپ ئورۇقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بىر دوستى ئۇنىڭغا ئۇيغۇر شىپاخانىسىغا كۆرۈنۈپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلدى. بۇ تەۋسىيە قانداقلا بولسۇن مەستۈرەگە يېڭى ئۇمىد بېغىشلىدى.

— ئانا بولالايدىكەنسىز، — دېدى ساقاللىرى ئۇشتەك ئاقارغان تېۋىپ ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، — دورا يېزىپ بېرەي، لېكىن بۇ دورىنى ئېرىنمەي ئۇزاق مۇددەت ئىچىشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ.

مەستۈرەنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ، ۋۇجۇدى خۇشاللىققا تولدى.

— رەھمەت، — دېدى ئۇ تېۋىپقا قايتا ـ قايتا تەزىم قىلىپ، — ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشىدىغانلا بولسا، بىر ئۆمۈر ئۇزۇلدۇرمەي ئىچىشكە رازىمەن.

— تىلىكىڭىزنىڭ ئىجاۋەت بولۇشىنى تىلەيمەن، — دېدى تېۋىپ ئۇنىڭ خۇشاللىقىدىن تەسىرلىنىپ.

مەستۈرە شۇ كۈندىن باشلاپ ئىسمىنى بىلمەيدىغان ھەر

خىل ئوت - چۆپ، گۈل - گىياھ، ئۆرۈقلاردىن ياسالغان دورىلارنى ئۆزۈلدۈرمەي ئىچىش بىلەن ھەپتە، ئايلارنى ئۆتكۈزدى. مەسئۇد مەستۇرەنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە دەسلەپكى چاغلاردا خېلى ئۈمىد بىلەن قارىغان بولسىمۇ، ۋاقىت ئۆزارغانسېرى ئىچى پۇشۇشقا باشلىدى. ئوچۇق بىرنېمە دېمىسىمۇ، لېكىن مەستۇرەنىڭ بۇ دورىلىرىنى كۆرۈپلا گەپ قىلماي جىم ئولتۇرۇۋالاتتى. ئۇنىڭ بۇ كەيپىياتىنى سەزگەن مەستۇرە كۆرمەسكە سالاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۆزىنى «كۆرۈپ كۆرمەسكە، بىلىپ بىلمەسكە سېلىش» بۇ ئائىلىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئادىتىگە ئايلىنىپ، ھەپتىلەر، ئايلار خۇددى يا ياغماي، يا ئېچىلىپ كەتمەي، تۇتۇلۇپلا تۇرۇۋالغان ھاۋادەك بۇرۇختۇملۇق ئىچىدە ئۆتۈشكە باشلىدى.

بىركۈنى ئۇلارنى ئاقۇپ ئاكا مېھمانغا چاقىردى.

— بۇگۈنكى سورۇنىمىزنىڭ مەقسىتى، — دېدى ئاقۇپ ئاكا تاماق يېيىلىپ، جوزىغا ھەر خىل قورۇمىلار كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن رومكىلارنى تولدۇرۇپ، — ئىنىمىز مەسئۇدقا كەلگەن ئامەتنى تەبرىكلەش، شۇنداقلا ئۇنى خۇشال - خۇرام ئۇزىتىش.

ئەل قاتارى ئورنىدىن تۇرۇپ، رومكا سوقۇشتۇرۇشقا تەمشىلىپ تۇرغان مەستۇرە ئاقۇپ ئاكىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش بىلەن داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئاتالمىش «ئامەت» بىلەن، بىر ئۆيدە تۇرۇپمۇ ئاڭلاپ باقمىغان بۇ «ئۇزىتىش» نىڭ تېگىگە يېتەلمەي، ئېرىنىڭ بۇنچىلىكمۇ «يات» لىشىپ كەتكەنلىكىدىن غەزىپى ئۆرلەپ، ئۇنىڭغا لاپ ئېتىپ قارىدى. لېكىن مەسئۇد بۇ قاراشلارغا قىلچىمۇ ئېتىبار

قىلماي ئۆزىنى خۇشخۇي ۋە سالماق قىياپەتكە سېلىپ:

— ئاۋارە بولغىنىڭىزغا رەھمەت، — دېدى - دە، رومكىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاقۇپ ئاكا ۋە زۆھرەنىڭ رومكىسى بىلەن بىر - بىرلەپ سوقۇشتۇردى. ئاندىن مەستۇرەگە قاراپ، — كېلە، سەن بىلەنمۇ سوقۇشتۇرۇپ قوياي، — دېدى.

غەزىپى خۇددى پارتلاشقا تەييار تۇرغان ماگمىدەك ئىچ - ئىچىدىن قايناۋاتقان مەستۇرەنىڭ قولىدىكى ھاراقنى ئېرىنىڭ ھەييارلىق بىلەن چىمىلداپ تۇرغان كۆزىگە، ھەممىنى ياسالما كۈلكە بىلەن يوشۇرۇشقا ئادەتلىنىپ كېتىۋاتقان يۈزىگە چېچىۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى. لېكىن سەتچىلىك بولمىسۇن دەپلا ئۆزىنى زورغا تۇتۇۋالدى.

— خۇش خەۋەرلەرنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا تىلەكداشمەن، — دېدى ئۇ ئاخىر ئۆزىگە مۇلايىم تۈس بېرىپ، — ئاق يول بولسۇن ئەپەندىم.

مەستۇرەنىڭ مەسئۇدقا تەگكۈزۈپ ئېيتقان بۇ سۆزلىرى ئاقۇپ ئاكا بىلەن زۆھرەگە چاقچاق بولۇپ تۇيۇلۇپ، قاتتىق كۈلۈشتى، مەسئۇدمۇ دەردىنى ئىچىدە بىلىپ، ئۇلارغا ئەگىشىپ كۈلدى.

«دەردىنى ئىچىدە بىلىش»، «كۆرۈپ كۆرمەسكە سېلىش» — مەستۇرە ئۆزىنى بۇرۇختۇم قىلىۋاتقان بۇ ئادەتلەرنىڭ ئىسكەنجىسىدە قاتتىق خىيالغا پاتتى. بۇنىڭ ئەيىبكارى كىم؟ مەسئۇدمۇ ياكى مەستۇرەمۇ؟

مەستۇرە ئويلىغانسېرى ئۆز تەبىئىتىدىكى ئاجىزلىقتىن ئۆكۈندى. مۇشۇ تۇپەيلى ئېرىنىڭ ئالدىدا تىل قىسىنچىلىقى تارتىۋاتقانلىقىدىن ئازابلاندى. ئەگەر تالاشسىلا بۇ ئاجىزلىقى

يۈزىگە سىلىنىپ، ۋاقتىدا «خاتىرجەم» بولۇشنىڭ لايىھىسى ئىلان قىلىنىدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى. بۇ دەھشەتلىك «ئىلان» نى ئاڭلاشتىن كۆرە، يەنىلا «دەردىنى ئىچىگە يۇتۇش»، «كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سېلىش» ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى تەسەللى ئىدى. خۇدا بۇيرۇسا، مىللىي شىپاخانىنىڭ دورىسىمۇ بارغۇ.

مەستۇرە كېلىشكەن قامىتىگە مەغرۇرانە تۇس بېرىپ، ئېرى توغرۇسىدا بولۇۋاتقان پاراڭلاردىن بۇرۇنلا خەۋەردار بولغاندەك قىياپەتتە كۈلۈمسىرەپ، ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. گەپ ئارا ئېرىنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىگە ئىككى يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا بارىدىغانلىقى، ئۆگۈنلۈككىلا يولغا چىقىدىغانلىقى ئاشكارىلاندى. مەستۇرە ئېرىنىڭ شۇنداق چوڭ ئىشنىمۇ ئۆزىگە دېگۈسى كەلمىگەنلىكىدىن يەنە ئازابلىنىشقا باشلىدى. بۇ ئۇنىڭ نىيىتىنىڭ تامامەن بۇزۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرەمدۇ، قانداق؟

مەستۇرەنىڭ ئازابلىق ئويلىنىشلار ئىچىدە بۈگۈن ــ ئەتىلا ئۆز ئەقىدىسىنى ئاياغ ئاستى قىلىدىغان جۇدالىق سىگنالىنىڭ چېلىنىدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ھەي ئەر كىشىلەر، سىلەر نېمانچىمۇ يۈزسىز كېلىدىغانسىلەر! دۇنيادا يۈرەك ــ باغرىڭلارنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئورۇن ئالغان بىردىنبىر مەھبۇبىڭلارنى بىر سۆز بىلەنلا ئۇيان ــ بۇيان قىلىۋېتىشكە يۈرىكىڭلار قانداقمۇ چىدايدىغاندۇ!

مەستۇرە ئۆزىنى ھەرقانچە چىڭ تۇتۇشقا ئىنتىلسىمۇ، ئىچ ــ ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان ئازابلىق سۇئاللار ئاق كۆڭۈل ئاقۇپ ئاكىنىڭ سەمىمىي مېھماندوستلۇقىدىن

ھەقىقىي بەھرىمەن بولۇش پۇرسىتىنى بەرمەيۋاتاتتى. ئۇ بۈگۈن ـ ئەتىلا چېلىنىدىغان جۇدالىق سىگنالىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا ئويلىناتتى. ئۇ گەرچە بۇ سىگنالنى ئاڭلاشنى خالىمىسىمۇ، لېكىن ئۇ بەربىر چېلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىدا قورقۇپ، ھودۇقۇپ، بىچارە قىياپەتكە چۈشۈپ قېلىشىنىمۇ غۇرۇرى كۆتۈرمەيتتى. شۇڭا ئېرى ئاغىز ئاچمىغۇچە بۇ ھەقتە ئۆزىنى ئارتۇقچە ئۈپرىتىشنىڭ ھاجەتسىزلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ، شۇ خىيال بىلەن ئولتۇرۇش تۈگەپ، ئۆيگە قايتىپ كىرگەنگە قەدەر ئېرىگە ئاغىز ئاچمىدى. ئۆيگە قايتىپ كىرگەندىن كېيىنمۇ، ئېرىنىڭ ياتىدىغان ئورنىنى راسلاپ بېرىپ، ئۆزى ئايرىم كارىۋاتتا يېتىۋالدى. مەسئۇد كەينى ـ كەينىدىن تاماكا چېكىپ ئۆي ئىچىنى ئىسلىۋەتكەندىن كېيىن كىيىملىرىنى سېلىپ، چىراغنى ئۆچۈردى ـ دە، مەستۇرەنىڭ يېنىغا كېلىپ قىسىلدى. مەستۇرە بارغانسېرى ئۆزىدىن ياتلىشىپ كېتىۋاتقان بۇ گەۋدىگە پەقەت ئۆزىنىڭ ئىلكىدە بولغانلىقى ئۈچۈنلا سەل ـ پەل سۈرۈلۈپ، بېقىنىدىن ئورۇن بەردى. مەسئۇد ئۆزىنى ئۇنىڭغا چىڭ چاپلاپ، كۈچلۈك قوللىرى بىلەن قۇچاقلىدى. بەدەنلىرىنى سىلاپ، لەۋلىرىگە سۆيدى. مەستۇرە بولسا، گويا پۈتۈن سەزگۈلىرىدىن ئايرىلغاندەك مىتمۇ قىلىپ قويمىدى. «ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە تايىن» دېگەندەك، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتقانلىقى مەسئۇدقا بەكمۇ ئايان ئىدى. ئۇ مەستۇرەنى تولىمۇ ياخشى كۆرۈپ، ناھايىتى ئەزىزلەپ ئالدى. ئۇنىڭ بەستىدىكى گۈزەللىك، مىجەزىدىكى مەردانىلىككە مەپتۇن بولۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئۇنىڭغا

بەردى. لېكىن ئانا بولالماسلىقتىن ئىبارەت بىرلا يېتىشسىزلىك كەلگۈسىنى خىرەلەشتۈرۈپ، كۆڭلىنى غەش قىلىشقا باشلىدى. مېۋىسىز دەرەختەك ئۆتكەن ئۆمۈرنىڭ كۆچكەن يۇلتۇز، ئۆچكەن ئوتتىن نېمە پەرقى بار؟ ئويلىغانسېرى چۆلدىكى سەرراپقا ئەگىشىپ، ئۇسسۇزلۇقى قانمىغان كارۋاندەك بۇ گۈزەلنىڭ چىرايلىق قامىتىگە مەپتۇن بولۇپ، ئۇرۇق - ئەۋلادسىز ئۆتۈپ كېتىشنى خالىماي قالدى. ئۇ، بۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزى كۈتكەندىنمۇ ئارتۇقراق ۋاپادار بۇ خوتۇننى بىراقلا رەنجىتىپ قويۇشنى خالىماي، ئۇنى ئاستا - ئاستا زېرىكتۈرۈش خىيالىغا كەلدى. ئۇندىمەسلىك، تاپا - تەنە قىلىش، بۈگۈنكىدەك زور ئىشلاردىنمۇ ئۇنى خەۋەردار قىلماسلىق — مانا بۇ ئۇنىڭ زېرىكتۈرۈش يولىدا ئويلىغان ئويۇنلىرى ئىدى. ئۇنى دېمىسىمۇ بۇ كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئۆز جېنىغا پېتىۋاتقانلىقىنى سەزمەيدىغان جان بولامدۇ؟ مەستۇرەدەك چېچەن ئايالدىن بۇ ھەقتە سوئال سوراش ھاجەتسىز. شۇنىسى ئۇ نېمىشقا ئۇندىمەيدىغاندۇ؟ مەسئۇد شۇ تاپتا مەستۇرەنىڭ سەزگۈلىرىدىن ئايرىلغان مۇزدەك گەۋدىسى ھەممىنى چۈشەندۈردى. ئۇ، ئۇنى ھەرقانچە قۇچاقلاپمۇ ئىللىتالمىدى. دېمەك، ئۇ ئاستا - ئاستا زېرىكتۈرۈش مەقسىتىگە يېتىپ بولغانىدى. ئەمدى ئاغىز ئاچسىلا مۇزلىغان تېنىنى ئىللىتالمايدىغان بۇ گەۋدىدىن ئاللىقاچان بىزار بولغانلىقىنى ئېيتىدىغاندەكلا قىلاتتى. لېكىن مەسئۇد يەنىلا چىدىمىدى. چۈنكى ئۇ ئۆمرىگە كېلىپ، مەستۇرەدەك قىزنى ئۇچراتمىغانىدى. بۇندىن كېيىنمۇ بۇنداق ۋاپادارغا نائىل بولۇشقا كۆزى يەتمىدى. تېببىي ئىلىم تېز تەرەققىي

قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالغانلىقىدىن خىجىل بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەستۇرەنى تېخىمۇ مەھكەم قۇچاقلاپ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلىدى:

— شىپاخانىنىڭ دورىسىنى ھازىرمۇ ئىچىۋاتامسەن؟

— ئىچىۋاتىمەن.

مەستۇرەنىڭ جاۋابى ئىنتايىن سەممىي، ئاۋازى يەنىلا يېقىملىق ئىدى. مەسئۇد بۇنىڭدىن ئۇنىڭ تۇرمۇشتىكى ئۈمىدۋارلىقىنى تېخىچىلا يوقاتمىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. كۆز ئالدى نۇرلىنىپ، پۈتكۈل ۋۇجۇدى قانداقتۇر بىر جۇغۇلداش ئىلكىدە لەرزىگە كەلدى. ئۇ ھاياجان ئىچىدە مەستۇرەنى مۇرىسىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە قاراتتى.

— بىز جەزمەن بالىلىق بولىمىز.

مەستۇرە ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك كۆزلىرىنى لەپپىدە ئاچتى. نېپىز پەردىلىك دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان ئاي نۇرى ئېرىنىڭ سەممىي تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇرغان چىرايىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. بۇ چىراي مەكتەپ سەيناسىدىكى ھېلىقى ئايدىڭ كېچىدىكىدەك ئىللىق ۋە يېقىملىق ئىدى. بۇ ئىللىقلىق ئۇنىڭ تومۇر - تومۇرلىرىدا قېتىشقا باشلىغان سۆيگۈ سەزگۈلىرىنى بىراقلا جانلاندۇرۇپ، بىمەزگىل سوۋۇشقا باشلىغان ياشلىق ھارارىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئۇ سەينادىكى تۇنجى ئۇچرىشىشتىكىدەك مەستخۇش قىياپەتتە كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئېرىگە يۆلەندى.

— نېمىشقىدۇر، — دېدى مەسئۇد ئايالىنىڭ لەۋلىرىگە سۆيۈپ، — شىپاخانىنىڭ دورىسى شىپالىق رولىنى نامايان قىلىدىغاندەكلا تۇيۇلۇۋاتىدۇ.

— قانداق؟ — دېدى مەستۇرە ئەۋرىشىمدەك قوللىرى بىلەن ئېرىنىڭ گەۋدىسىنى بوش قۇچاقلاپ، — چۈشىڭىزدە ئايان بولدىمۇيا؟

ئايالىنىڭ ئەركىلەپ قىلغان چاقچىقى مەسئۇدنىڭ يۈرەك - باغرىنى يايرىتىۋەتتى.

— مەن بۇنى ئىشەنچ، ئېتىقاد نۇقتىسىدىن ئېيتىۋاتىمەن، — دېدى ئۇ چۈشەندۈرۈپ، — ئاز كەم بىر يىلدىن بۇيان ئۇنى ئۇزمەي ئىچىۋاتقانلىقىڭ ئەلۋەتتە خۇدانىمۇ تەسىرلەندۈرەلەيدۇ.

— سىزنىڭ تەسىرلەنگەنلىكىڭىز خۇدانىڭ تەسىرلەنگىنىگە باراۋەر، — دېدى مەستۇرە يەنە چاقچاققا يۆلەپ، — چۈنكى ئەر دېگەن يېرىم خۇدا ئەمەسمۇ.

— ئاخىر يۈزۈمگە سالدىڭ - دە، — دېدى مەسئۇد بىر ئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن، — مېنى كەچۈر، خوتۇن.

— بولدى گەپ قىلماڭ، — دېدى مەستۇرە لەۋلىرى بىلەن ئۇنىڭ لەۋلىرىنى توسۇپ، — مېنى چىڭ قۇچاقلاڭ.

تاڭ ئاتتى، مەستۇرە ئادەتتىكىدىنمۇ ئارتۇق چەبدەسلىك بىلەن ئۆي ئىچىنى يىغىشتۇرۇپ، يېرىم كۈن ئىچىدىلا مەسئۇدنىڭ سەپەر تەييارلىقىنى تەق قىلدى.

مانا بۈگۈن مەسئۇدنىڭ ئىچكىرىگە كەتكىنىگە ئىككى ئايدىن ئاشتى. ئۇ، بۇ جەرياندا شىپاخانىنىڭ دورىسىنى ئىچىشنى ئۈزۈلدۈرمىسىمۇ، لېكىن ئۈمىدسىزلىكتىن خالىي بولالمىدى. ئۇ، بىر تەرەپتىن، بىر يىلغىچە ئۈنۈم بەرمىگەن بۇ دورىنىڭ ئەمدى قانچىلىك رولى بولىدىغانلىقىدىن گۇمانلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن، مەسئۇدنىڭ پەرزەنت كۆرۈش ئىستىكىدە يەنە كونا سەنەمگە دەسسىمەي قالمايدىغانلىقىدىن

خاۋاتىرلىنەتتى. ئۇ ۋاقىتنىڭ كۆپ قىسمىنى زىددىيەتلىك خىياللار ئىچىدە ئۆتكۈزەتتى. ئۇ گەرچە ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان بولسىمۇ، بىرنەرسە يېزىشقا ئادەتلەنمىگەنىدى. ئانچە - مۇنچە رومان ئوقۇپ باققان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تۇرمۇشتىن بەكمۇ يىراقتىكى نەرسىلەر ئىكەنلىكىدىن بىزار بولۇپ، ئايىغىنى چىقارمايلا تاشلىۋەتكەنىدى. پەقەت دەرس ئۆتۈش ئېھتىياجى بىلەنلا بىر قىسىم ئەسەرلەرنى ئوقۇپ، ئوقۇشلۇق كىتابتىكى تەھلىلگە سېلىشتۇرۇپ كۆرەتتى. ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن ئۆزگىچە ئەمەك يوق ئىدى. دېمەك ئۇنىڭغا دۇنيانىڭ ھېچقانداق قىزىقى قالمىغانىدى. تىلەمچى ئايالنىڭ ئەنە شۇنداق پەيتتە ئۇنىڭ قەلبىگە بېسىپ كىرىشى ئۇنىڭ بارلىق نېرۋىلىرىنى جانلاندۇرۇۋەتتى. ئۇ ئۇنىڭ قايتا دىدار كۆرۈشىشىگە تەقەززا بولۇپ، ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالدى. بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى بەختسىزلىككە ئۇچراتقان تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش كويىدا تۇنجى قېتىم قارامىلىق قىلىشقا يۈزلەنگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئۇ ئىككى بالىنىڭ قايسىسىغا بولسۇن، ئىشقىلىپ پەقەت بىرىگىلا ئېرىشىش ئۈچۈن تىلەمچى ئايال بىلەن سودىلىشىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئارتۇقچە ۋاقىت ئۆتكۈزۈشنى خالىماي، ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى ئالماشتۇردى - دە، سىرتقا ماڭدى.

ئۇ شۇ كۈنى بازارنىڭ تىلەمچىلەر ئولتۇرىدىغان بارلىق بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنى ئايلىنىپ چىقتى، لېكىن ئۆزى ئىزدىگەن تىلەمچى ئايالنى ئۇچرىتالماي ھېرىپ - چارچاپ قايتىپ كەلدى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىرقانچە قېتىم

سىرتقا چىقىپ، ئۇنى يەنىلا تاپالمىغاندىن كېيىن ۋەدىسى بويىچە كېلىپ قالار دېگەن ئۈمىدتە ئۆيىدىمۇ كۈتتى. لېكىن ئۇ كەلمىدى. ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتتى. مەستۈرە ئاخىر ئۇنى مەھەللىسىدىن تېپىشنى نىيەت قىلىپ، مېڭىــشقا تەرەددۇت قىلىپ تۇرغىنىدا ئىشىك قېقىلدى. ئۇ كۈتمىگەن مېھمانىنىڭ كىملىكىنى بىلىش نىيىتىــدە ئىــشىــككە ئورنىتىلغان ئەينەكچىدىن سىرتقا باقتى. سىــرتتا ئاللىپتە كىيىنگەن بىــر ياش ئايال تۇراتتــــى. مەستۈرە شۇنچە سىنچىلاپ قاراپمۇ، ئۇنى تونۇيالمىغاندىن كېيىن ئىشىكنى ئاستا ئاچتى.

— ئەسسالام، ياخشى تۇرۇپسىز، خېنىم.

قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن زىلۋاغىنە ئايال كېلىشكەن چېھرىدىن نۇر ياغدۇرۇپ، قەدىناسلاردەك كۈلۈپ كىرىپ كەلدى. مەستۈرە ئۇنى قەيەردىدۇر كۆرگەندەك قىلسىمۇ، لېكىن دەماللىققا ئەسلىيەلمەي، ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ:

— خوش كەپسىز، — دېگىنىچە ئىچكەركى ئۆيگە باشلىدى.

ئايال بىر ئاز كىيىلگەن بولسىمۇ، تېخى ئىسكەتىدىن كەتمىگەن ئارا پاشنا توپلىيىنى كارىدورغا سېلىپ قويۇپ، ئىچكىرىگە ماڭغىنىدىلا مەستۈرەنىڭ يۈرىكى نېمىنىــدۇر تۇيغاندەك دۇپۇلدەپ كەتتى. ئۇ توپلىيىنى تونۇغانىدى. بۇ ئۇنىڭ بىر يىلچە كىيىپ، كېيىن تىلەمچى ئايالغا باشقا كىيىملىرى بىلەن قوشۇپ بېرىۋەتكەن توپلىيى ئەمەسمۇ؟! ئۇنداقتا بۇ ئايالچۇ؟...

مەستۈرە كېلىشكەن ئايالنىڭ كەينىــدىن يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كىرىپ، ئۇنىڭ ئۇستۈنىشىغا سەپسالدى. قويۇق،

قارا چاچلىرىنى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈۋالغان بۇ ئايالنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرى كۈلۈپ، ئويماقتەك ئاغزى تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى. قارلىغاچنىڭ قانىتىدەك ئەگمە قاشلىرى، ئېقىپ چۈشكەندەك ئىنچىكە، قاڭشارلىق بۇرنى تولۇن ئايدەك يۈزىگە تېخىمۇ كۆركەم تۈس بېرىپ تۇراتتى. مەستۇرە ئۇنىڭ ئۇچىسىغا قارىدى، ئۇنىڭ كىيىۋالغىنىمۇ مەستۇرەنىڭ بىر يىل ئىلگىرى كىيگەن شاپتۇل چېچىكى گۈللۈك تېگى سارغۇچ، بەل پۈرمە كۆڭلىكىگە ئوخشاش ئىدى. مەستۇرە بۇ كۆڭلىكىنىمۇ ئىككى ھەپتە ئىلگىرى ھېلىقى تىلەمچى ئايالغا بېرىۋەتكەنىدى. ئەمىسە بۇ كىم؟ مەستۇرە ئىككى ھەپتە ئىلگىرى ھېلىقى تىلەمچى ئايالنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكىگە مەپتۇن بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئالما ئۇرۇقى رەڭ، بەل پۈرمە شىپىڭ دۇخاۋا كۆڭلىكىنى ئۇنىڭغا خىيالەن كىيگۈزگەندىن كېيىنكى گۈللەر ئىچىدە ھەممىدىن ئېگىز ئۆسۈپ، لەرزان شامالدا يېقىملىق تەۋرىنىپ تۇرغان غۇنچە قامەتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

— ئاھ...

مەستۇرە ئۇنى تونۇدى. ئۇ تىلەمچى ئايالنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. مەستۇرە غۇلاچلىرىنى كەڭ يېيىپ ئۇنى قۇچاقلىدى، مەڭزىنى مەڭزىگە ياقتى، ئاندىن قوللىرىنى قويۇپ بەرمەي، ئۇنىڭ ئۇستىۋېشىغا يەنە بىر قېتىم زوق بىلەن قاراپ چىقتى.

— مانا يارىشىپتۇ، — دېدى ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن، — خوش «ئادەم ئەسكىسى ئەمەس، كىيىم ئەسكىسى» دەپ بىكار ئېيتىلماپتىكەن، بەكلا چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز، تونۇماي قاپتىمەن.

— ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، — دېدى تىلەمچى

ئايالمۇ خۇشاللىقىنى يوشۇرالماي، — دۆلىتىڭىزدە مۇشۇنچىلىك ئىسكەتكە كىرىپ قالغىنىمغا خۇشالمەن.

— بۇ لاتا - پاتىلار گۇلدەك قامىتىڭىزنىڭ ئالدىدا نېمىگە ئەرزىيتتى، — دېدى مەستۇرە تىلەمچىنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇتۇپ، — خۇدا بۇيرۇسا ئۇنىڭدىنمۇ ئېسىللىرىنى ئېلىپ بېرىشكە قادىرمەن.

— شۇنىسى، — دېدى تىلەمچى ئايال غەمكىن كۈلۈپ، — مەن يەنىلا تىلەمچى، بۇ ھالىمدا ماڭا ياسىنىشنى كىم قويۇپتۇ. ئۇچۇقىنى ئېيتسام، بۇنى مەن سىزنىڭ كۆڭلىڭىز ئۇچۇنلا كىيدىم.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز. تازىمۇ يارىشىپتۇغۇ.

— يارىشىشىغۇ ياراشتى، لېكىن بۇ كىيىملەر بىلەن تىلەمچىلىك قىلسام، ماڭا كىم سەدىقە بېرىدۇ.

تىلەمچىنىڭ سۆزلىرى مەستۇرەنى كۈلدۈرۈۋەتتى.

— راست، — دېدى ئۇ چاقچاق قىلىپ، — بۇ سىياقىڭىز بىلەن تىلەمچىلىك قىلسىڭىز، سىزگە نان ئەمەس، جان بېرىدىغانلارمۇ كۆرمىڭلاپ چىققۇدەك.

— بۇنداق جان بەرگەنلەرنىڭ نەچچىسىنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەردىمغۇ، يەنە چىقسا، شۇلارچىلىكلا بولار.

— ئەگەر مەن يىگىت بولغان بولسام، — دېدى مەستۇرە يەنە چاقچاق قىلىپ، — سىزنى بىر تۇتۇۋالغىنىمچە، ھەرگىز قويۇپ بەرمىگەن بولاتتىم.

— ئەگەر راستتىنلا يىگىت بولغان بولسىڭىز، — دېدى تىلەمچى ئايالمۇ كۈلۈپ، — پۇتىڭىزغا ئېسىلىۋېلىپ، قوغلىسىڭىزمۇ چىقىپ كەتمەيتتىم.

ئىككى ئايال تەڭلا كۈلۈشتى.

— توۋا، — دېدى تىلەمچى ئايال كۆلكىدىن ياشلانغان كۆزلىرىنى سۈرتۈپ، — خۇدا ئادەم دېگەننى شۇنداقمۇ تەلتۆكۈس ياراتقان بارمۇ. سۆلىتىڭىزمۇ، دۆلىتىڭىزمۇ بار ئايالكەنسىز، ئىچ ـ قارنىڭىز بولسا، بىر دەريا. ئېرىڭىز ئۆز بەختىدىن بەكمۇ شادلانسا كېرەك.

— ئانچىمۇ ئەمەس، — دېدى مەستۇرە شۇركۈنگەندەك قىياپەتتە تىلەمچى ئايالغا لاپ ئېتىپ قاراپ، — بۇنى سىزگە ئايرىم ئېيتىپ بېرىمەن.

مەستۇرە شۇنداق دەپلا تاشقىرىقى ئۆيگە چىقىپ كەتتى. تىلەمچى ئايال «گادايىنى ھۆرمەت قىلساڭ چورىقى بىلەن تۆرگە چىقار» دېگەندەك ئىش قىلىپ قويدۇممۇ نېمە، دېگەن خىيال بىلەن ئارتۇقچە ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ، بولمىغۇر پاراڭلارنى قىلىپ قويغانلىقىدىن ئۆكۈندى.

مەستۇرە داستىخان ئەكىرىپ شىرەنى تۈزەشتۈردى. ئۇنىڭ چىرايى يەنىلا تۇتتۇق بولۇپ، لەۋلىرىدە قېتىپ قالغان كۈلكىسى كەچ كۈزدە ئېچىلالماي قالغان غۇنچىدەك سولغۇن ھەم جۇلاسىز ئىدى. تىلەمچى ئايال ئۇنى ھەقىقەتەن رەنجىتىپ قويغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئىچىدە ئۆزىنى نەچچە مىڭنى ئەيىبلىدى.

— كەچۈرۈڭ، — دېدى ئۇ ئاخىر تاقەت قىلالماي، — ئۆز ھالىمغا باقماي سىزنى رەنجىتىپ قويدۇم.

— نەدىكى يوقنىلاڭ گەپنى قىلىدىغانسىز، — دېدى مەستۇرە سەل ـ پەل كۈلۈمسىرەپ، — ئالدى بىلەن چاي ـ پاي ئەكىلەي، ئاندىن تاقەت قىلىپ ئاڭلىسىڭىزلا، سورىغان سوئالىڭىزغا تالىق سۆھبەتكە كىرىشىمىز.

— ۋاي، ياق، — دېدى تىلەمچى ئايال قانداقتۇر بىر

كۆڭۈلسىزلىكنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشىدىن چۆچۈپ، — مەن بۈگۈن سىزگە كىر يۇيۇپ بېرىش ئۈچۈنلا كەلدىم. چايمۇ ئىچمەيمەن، قىلىدىغان ئىشلىرىمنى كۆرسىتىپ بەرسىڭىزلا بولدى.

مەستۇرە ئۈن - تىنسىز چىقىپ كېتىپ، دەملەنگەن چاي بىلەن ئىككى پىيالىنى كۆتۈرۈپ كىردى.

— قىزىقكەنسىز، — دېدى مەستۇرە پىيالىلەرگە چاي قۇيۇۋېتىپ، — سىز ھەرگىزمۇ رەنجىتىدىغان گەپ قىلغىنىڭىز يوق، ئەكسىچە مېنىڭ سىزگە دېيىشكە تېگىشلىك گەپلىرىمنىڭ بۇرۇنراق باشلىنىشىغا يول ئاچتىڭىز، خالاس... قېنى چايغا بېقىڭە!

تىلەمچى ئايال مەستۇرەنىڭ زورى بىلەن پىيالىدىكى چايدىن بىر - ئىككى ئوتلاپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى. ئۇنى رەنجىتىپ قويمىغانلىقىغا ئىشەنسىمۇ، بۇ ئېسىلزادە خېنىمنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىغا قىزىقتى.

— مەن، — دەپ گېپىنى باشلىدى مەستۇرە، — سىز ئويلىغاندەك ئانچىمۇ بەختلىك ئەمەس، ئېرىممۇ مەندىن ئانچە رازى دېگىلى بولمايدۇ، چۈنكى مەن ئۆتكەندە سىزگە ئېيتقىنىمدەك پەرزەنت كۆرمىگەن. پۇلغىمۇ سېتىپ ئالغىلى بولمايدىغان بۇ ئىقتىدارنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزۈمدە يېتىلدۈرەلمىدىم، خۇدا بەرمىسە، نېمە ئامال...

مەستۇرە كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا سەرگۈزەشتىلىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى - دە، ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنىمۇ دۇدۇقلاپ ئولتۇرماي ئاشكارىلا ئوتتۇرىغا قويدى.

— بۇنىڭ ئۈچۈن، — دېدى ئۇ ئاخىر يالۋۇرغاندەك قىياپەتتە، — سىزنى خالىغىنىڭىزچە رازى قىلىمەن.

— بۇنىڭغا ئارتۇقچە تەكەللۇپ قىلىشىنىڭ ھاجىتىمۇ

يوق، — دېدى تىلەمچى ئايال كۆتمىگەن مەردانىلىك بىلەن، — قايسى بالامنىڭ بولسۇن سىزدەك ئېسىل ئانىغا ئېرىشىشى ئۇنىڭ بەختى دېگەن گەپ. مېنىڭ قولۇمدا ئاچ - يالىڭاچ ئۆسۈپ، توپا - تۇمان ئىچىدە مەندەك تىلەمچى بولۇپ يېتىلگەندىن كۆرە، سىزنىڭ قولىڭىزدا ئۆزىگە چاڭ يۇقتۇرماي چوڭ بولغىنى ئەۋزەل ئەمەسمۇ. قېنى، خالىغىنىڭىزنى تاللىۋېلىڭ. بۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلىشىڭىزنىڭمۇ هاجىتى يوق.

تىلەمچى ئايالنىڭ بۇنچىلىك مەردانىلىكى مەستۇرەنى ئېسەنكىرىتىپ قويدى. ئۇ ئەسلىدە تىلەمچى ئايال ماقۇل بولغان تەقدىردىمۇ، ئۆز تۇرمۇشىنى ئوڭلاش كويىدا مەلۇم دەرىجىدە سودىلىشىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى.

— دەردىمگە دەرمان بولغىنىڭىزغا رەھمەت، — دېدى مەستۇرە كۆزلىرىگە ياش ئالغان هالدا ئورنىدىن تۇرۇپ، — بۇ ياخشىلىقىڭىزنى هەرگىز ئۇنتۇمايمەن.

— ئۇلارنىڭ هەرئىككىسىنى ئۆيگە سولاپ قويۇپ كەلگەنىدىم، — دېدى تىلەمچى ئايال سەمىمىيلىك بىلەن، — ئەتە ئېلىپ كېلەي، قايسىسىنى ئۆگىتىۋېلىشقا كۆزىڭىز يەتسە، شۇنى ئېلىپ قېلىڭ ياكى قورسىقىمدىكىنى ئالامسىزيا؟ ئۆزىڭىز تۇغقاندەكلا چوڭ قىلىۋالسىز.

بۇ سۆز مەستۇرەگە كۈتكىنىدىنمۇ ئارتۇقراق خۇشاللىق بېغىشلىدى، شۇنداق بولغاندا بالا ئۆزگە ئانىدىن تۇغۇلغانلىقىنى هېس قىلالمايلا، مەستۇرەنى ئۆز ئانىسى بىلىپ چوڭ بولىۋېرىدۇ. تەبىئىي مېھىر - مۇھەببەتتىنمۇ بەھرىمەن بولالايدۇ.

— ئەگەر خالىسىڭىز، — دېدى تىلەمچى ئايال

مەستۇرەنىڭ خىيال سۈرۈپ قالغانلىقىنى سېزىپ، — مەن بىلەن تەڭ قورساق كۆتۈرۈڭ. تۇغقاندىمۇ تەڭ تۇغايلى. ئۇنداق بولغاندا بالىڭىزنى ھېچكىممۇ «ئاسراندى» دېيەلمەيدۇ.

— ۋاھ! — مەستۇرەنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ، چېھرى گۈلدەك ئېچىلدى، — بۇمۇ بولىدىغان گەپكەنغۇ. بۇنچىلىك تەدبىرلەرنى نەلەردە يۈرۈپ ئۆگىنىۋالغان بولغىيدىڭىز.

— بۇ يېزىمىزدا بولۇپ ئۆتكەن ئىش. تۇغماسلىقتا ئەيىبلىنىپ يۈرگەن ۋاقتىمدا بەزىلەر ماڭىمۇ بۇ يولنى كۆرسەتكەن، لېكىن بالىسىنى بېرىدىغان ئىككى قات ئاياللارنى تاپالمىغانلىقىم ئۈچۈن ئۇنداق قىلالمىدىم.

— چېنىپ قالماس - ھە؟

— قانداق چاناتتى، ئىككىمىز چاندۇرمىساقلا بولمىدىمۇ.

— ئىككى ئايلىق بولدى، دېدىڭىزمۇ؟

— توپتوغرا ئىككى ئايلىق بولدى.

— ئۇنداق بولسا ئېرىمگىمۇ چانمىغۇدەك.

— نېمە، ئۇنىڭدىنمۇ يوشۇرامسىز؟

— ئۇنىڭغا شىپاخانا دورىسىنىڭ ئۇنۇمى كۆرۈلگەنلىكىنىلا ئۇقتۇرسام بولدى.

مەستۇرە شۇ مىنۇتتىن باشلاپلا باشقىچە جانلىنىپ كەتتى. ئۇ تىلەمچى ئايال بىلەن كېيىنكى ئۇچرىشىشلىرى توغرىسىدا كېلىشكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ھامىلىنى ئاسراشنىڭ ئۇسۇللىرىنى قايتا - قايتا تاپىلاپ، ئوزۇقلىنىشى ئۈچۈن يېتەرلىك پۇل بېرىپ، خوشلاشتى - دە، ئېرىگە خەت يېزىشقا تۇتۇندى.

# ئۈچىنچى قىسىم

## يوچۇن ئادەم

ھەش - پەش دېگۈچە ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. مەستۇرەنىڭ تىلەمچى ئايال ئارقىلىق تۇنجى ئېرىشكەن بالىسى بىر ياشقا يېقىنلىشىپ، تەمتىلەپ مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ قوشۇما قاشلىق، ئۆسكىلەڭ بويلۇق بۇدرۇقىنە ئوغۇل ئىدى.

ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىشى مەستۇرەگىلا ئەمەس، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغۇچى قولۇم - قوشنا، يارۇ بۇرادەرلەر ئۈچۈنمۇ خېلىلا زور خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى. چۈنكى، ئۇلار بۇ ئوغۇلنىڭ پەرزەنتسىزلىك تۈپەيلىدىن ئۇزۇلۇپ كېتىشكە ئازلا قالغان ئىككى ياشنىڭ ئەر - خوتۇنلۇق رىشتىنى قايتا مۇستەھكەملىگىنىدىن ئازراق بولسىمۇ خەۋەردار ئىدى. بولۇپمۇ ئاقۇپ ئاكىنىڭ ئايالى زۆھرە بالىنىڭ دەل ۋاقتىدا دۇنياغا كېلىشىدە ئۆزىنىڭمۇ ئاز ئەجىر سىڭدۈرمىگەنلىكى توغرىسىدا خۇشاللىق بىلەن ھېكايە قىلاتتى.

— مەستۇرە كۆڭلىدىكىنى ماڭىلا ئېيتاتتى، — دەيتتى ئۇ ماختانغان قىياپەتتە، — مەن ئۇنىڭ پەرزەنت كۆرۈش ئارزۇسىدا بەكمۇ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغىنىمدا ئۇنىڭدىن بەتتەر بىئارام بولاتتىم. مەن ئاخىر ئويلىنا - ئويلىنا، ئۆزىمىزنىڭ تىبابەتچىلىكىمۇ خېلى ئۇزاق ئەنئەنىگە ئىگىغۇ، شۇنىڭغىمۇ كۆرۈنۈپ باقسا قانداق دېگەن ئەقىلگە

كەلدىم. بۇ ئويۇمنى مەستۇرەگە ئېيتتۇدىم، ئۇ بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى، ئۆزىمىزنىڭ دورىسىمۇ قالتىسكەن، ئۇ، بۇ دورىلاردىن بىرقانچە بولاق ئىچىشى بىلەنلا بويىدا قاپتۇ.

— تەشكىلمۇ مەستۇرەگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى، — دەيتتى مەكتەپ پارتكومىنىڭ ئايال شۇجىسى، — بىز ئۇنىڭ ساغلام پەرزەنت كۆرۈشى ئۇچۇن يەڭگىشتىن ئىككى ئاي ئىلگىرىلا خىزمەتتىن ئاجرىتىپ، ئۆزىنى كۈتۈشكە ئورۇنلاشتۇردۇق.

خېلىلا ئاشۇرۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن مەستۇرەنىڭ رەت قىلىشىغا موھتاج بولمىغان بۇ سۆزلەر تەسىرلىك ھېكايىگە ئوخشاش ئاغىزدىن ئاغىزغا كۆچۈپ، ئەتراپقا خېلىلا كەڭ تارقىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن مەستۇرەنى يوقلاپ، مۇبارەكلەپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئايىغىمۇ خېلىغىچە ئۈزۈلمىدى.

— مۇبارەك بولسۇن، — دەيتتى ئۇلار بولاق - بولاق نەرسىلەرنى بۆشۈكتىكى پاقلاندەك بوۋاقنىڭ بېشىغا قىستۇرۇپ، — خۇددى ئاتىسىغىلا ئوخشاپتۇ.

— ياق، مەستۇرەگە ئوخشايدۇ.

مەستۇرە كۈلۈمسىرىگىنىچە، يا ياق، يا ھە دېمەي پەقەت «رەھمەت» دەپلا قوياتتى. لېكىن بۇنىڭ ئۆتمۈشى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، خەق ئاڭلىسا، بىر ئۆمۈر كۈلكە بولىدىغان مەسخىرىلىك بىر ئويۇننىڭ ئاساسىي قەھرىمانىغا ئايلىنىپ بولغانلىقىدىن ئۆكۈنەتتى.

— چېنىپ قالارمۇ، — دەيتتى ئۇ تىلەمچى ئايال بالىنى ئېمىتىشكە باشلىغاندا ئىشكنى تاقىدە ئېتىپ قويۇپ، —

كىشىلەرنى كۆرسەملا خۇدۇكسىرەيدىغان بولۇپ قالدىم.

— نېمىگە خۇدۇكسىرەيتتىڭىز، — دەيتتى تىلەمچى ئايال ئۇنى جىمىلەپ، — ئىشلىرىمىزدا خەقنى گۇمانلاندۇرىدىغان ھېچقانداق يوچۇق قالمىدىغۇ.

«يوچۇق» قالمىغان بىلەن بۇ ئىشلارنىڭ جەريانى مەستۇرە ئۈچۈن ھازىرقىدەكلا ئايان ئىدى. ئۇ تىلەمچى ئايالنىڭ مەسلىھىتى بويىچە ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ھامىلىدار بولغانلىقىنى ئاشكارىلىماقچى بولدى. بۇنىڭغا ئوشۇقچە ئاۋارىچىلىك كەتمىدى. ئاقۇپ ئاكىنىڭ ئايالى زۆھرەگە «تىنىپ»لا قويۇۋىدى بۇ خەۋەر ئىككى كۈن ئىچىدىلا ھەممىگە ئايان بولدى. ئاندىن تىلەمچى ئايالنىڭ قورسىقىغا تەقلىد قىلىپ، تېنىنىڭ ھامىلىنى گەۋدىلەندۇرىدىغان قىسىملىرىغا خەيمەندىن كۆپتۇرمە قويىدى. شۇنداق قىلىپ، قىش چىقىپ، ئىككى - ئاينىڭ ئاخىرىغا بارغۇچە قورسىقى گۇمبەزدەك يوغىناپ، ئالچاڭلاپ ماڭالمايلا قالدى. ئاندىن ھامىسىنىڭ ئۆيىدە بوشىنىپ كېلىشىنى ئېيتىپ، «يەڭگىش»تىن بىر ئاي ئىلگىرىلا تىلەمچى ئايالنى ئېلىپ سەھراغا چىقىپ كەتتى. ئۇ، بۇ خىلۋەتتە ئاق كۆڭۈل ھامىسى بىلەن بىللە تىلەمچى ئايالنى كارىۋاتتىن چۈشۈرمەي كۈتتى. بىللە ئاچىقىپ كەتكەن ئىككى بالىسىنىمۇ بەگ بالىلىرىدەك ئەتىۋارلىدى. ئۆزى ئارزۇ قىلغىنىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئارتۇق كۈتۈلگەن تىلەمچى ئايال 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى پاقلاندەك بىر ئوغۇل تۇغدى. ئۇنىڭغا كۆپ ئويلىنىشلاردىن كېيىن مەسئۇدقا ئاھاڭداش مەخمۇد دېگەن ئىسىمنى قويۇشتى. تەلەيلىك مەخمۇد ئۈچ ئانىنىڭ قولىدىن چۈشۈرمەي ئەتىۋارلاپ كۈتۈشى بىلەن

ئىككى ئايدىلا كۆزگە كۆرۈنۈپ قالدى. ئەمدى ئۇنى شەھەرگە ئەكىرىپ كېتىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن مەستۇرەنىڭ «تۇغۇت»تىن كېيىنكى دەم ئېلىشى يازلىق تەتىلگە ئۇلىنىپ كەتكەچكە، تولىمۇ ئالدىراپ كەتمىدى. ئۇ شۇ يەردە تۇرۇپ، مەخمۇدنى قۇچىقىغا ئالغان ھالدا سۆرەتكە چۈشۈپ مەسئۇدقا يوللىۋەتتى. مەسئۇد خەت بىلەن سۆرەتنى تاپشۇرۇۋېلىپلا پەرزەنت ئاتا قىلغان جانابىي ئاللاغا نەچچە مىڭ شۇكۇر سانا ئوقۇپ، تەتىلگە قويۇپ بېرىلگەن ھامان يولغا چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ خەت يازدى. خەت بىلەن بىللە بىر خالتىمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭغا مەخمۇدقا بىرقانچە قۇر كىيىم، مەستۇرەگە ئىككى كىيىملىك رەخت سېلىنغانىدى. مەستۇرە ئۇنى ئېلىپ ئۆپكە - ئۆپكىسىنى باسالماي يىغلىۋەتتى. چۈنكى ئۇ تىلەمچى ئايالنىڭ «يوچۇق» چىقماس تەدبىرىنى قوللىنىپ، ئېرىنىڭ شەكسىز تەشەككۇرىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنى ئالدىغانلىقىدىن تولىمۇ ئازابلىناتتى.

مەسئۇد شۇ يىلى تەتىلدە كېلەلمىدى، مەكتەپى ئۇلارنى جەنۇبىي جۇڭگونى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئاسان ئېرىشكىلى بولمايدىغان بۇ پۇرسەت مەستۇرەنىڭمۇ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتى.

— مەندىن ھەرگىز ئەنسىرىمەڭ، — دېدى مەستۇرە ئېرى بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشىۋېتىپ، — ئۆيدە بالا باققۇچى ئايال بار، ھامماممۇ پات - پاتلا كېلىپ - كېتىپ تۇرۇۋاتىدۇ. سالامەتلىكىممۇ ناھايىتى ياخشى. مانا قۇچىقىمدا مەخمۇدمۇ بار.

— مەخمۇد! مەخمۇد! دادا دېگىن بالام!

تۇرۇپكىدىن مەسئۇدنىڭ مەخمۇدقا ئىلتىجا قىلغان خۇشال ئاۋازى كەلدى. مەستۇرە تۇرۇپكىنى مەخمۇدنىڭ ئاغزىغا تەڭلىدى. مەخمۇد بالىلاردىكى ھەممىنى ئاغزىغا سالىدىغان ئادەت بويىچە بۇدرۇق قوللىرى بىلەن تۇرۇپكىغا يېپىشىپ، گۇڭگۇرلىغىنىچە ئۇنى يالاپ، ئاغزىغا پاتقۇزالمىغاندىن كېيىن جىلە بولۇپ يىغلىۋەتتى. مەستۇرە قاقاقلاپ كۈلدى.

— ئاڭلاۋاتامسىز؟ ئۇ ئاۋۋال سىزنى سۆيدى، سىزدىن سادا بولمىغاندىن كېيىن، دادام مېنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ يىغلاۋاتىدۇ.

مەسئۇد قاقاقلاپ كۈلدى.

— بالام، داداڭ سېنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ. قارىغىنا، مەنمۇ سېنى سۆيۈۋاتىمەن. بىر، ئىككى، ئۈچ، مانا تۆتىنچىسى ئاپاڭغا مەنسۇپ بولسۇن!

مەسئۇدنىڭ لەۋلىرىنى تۆت قېتىم چوكۇلداتقىنى بەكمۇ ئېنىق ئاڭلاندى. بۇ چوكۇلداش گەرچە تۇرۇپكىدىن كېلىۋاتقان بولسىمۇ، تۇغماسلىقى تۇپەيلىدىن خېلى يىللاردىن بۇيان ئېرىنىڭ بۇنداق قىزغىن سۆيۈشىگە مۇيەسسەر بولمىغان مەستۇرە گويا ئۇنى ئۆز لەۋلىرىگە تېگىپ چىقىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، ئىللىق مۇھەببەت تەپتىدىن ئېسىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالدى.

— ئاڭلاڭ، — دېدى ئۇ ئۆزىنى تەستە بېسىپ، ئوغلىنىڭ مەڭزىگە سۆيگەچ، — مانا سىز ئۈچۈن ئوغلىڭىزنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويدۇم.

— مەن ئۈچۈن ئۆزىڭىزگە تەئەللۇقىنچۇ؟

— ئۇنى قىشلىق تەتىلدە كەلگىنىڭىزدە.

— ها ـ ها ـ ها . . .

پەرزەنت خۇشاللىقى بىلەن چەكسىز ھاياجانغا چۆمۈلگەن ئەر ـ ئايالنىڭ مۇھەببەتلىك سۆزلىرى ئەنە شۇنداق كۆڭۈللۈك ئاياغلاشتى. مەستۇرە شۇ كۈندىن باشلاپ، ئۆزىنى بىئارام قىلغۇچى بىھۇدە خىياللاردىن بىراقلا قول ئۈزۈپ، ئىككى ياشنىڭ مۇھەببىتىگە يېڭى ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتكەن بۇ پەرزەنتكە پۈتۈن مېھرىنى بېغىشلىدى.

— پاتەمخان، — دەيتتى ئۇ تىلەمچى ئايالنى تېخىمۇ ياخشى ئوزۇقلىنىشقا ئۈندەپ، — ئۆزىڭىزگە قۇۋۋەت بولىدىغان نەرسىلەرنى تاللاپ يېيىشكىمۇ كۆڭۈل بۆلۈڭ، بۇنىڭ بالىغىمۇ پايدىسى بار.

— قاراڭە، — دەيتتى پاتەمخان كۈندىن ـ كۈنگە ئەت ئېلىپ يوغىناپ كېتىۋاتقان بەل ـ كۆكرەكلىرىنى كۆز ـ كۆز قىلغاندەك سىلىغىنىچە كۈلۈپ، — كېچە ـ كۈندۈز بېقىلىۋېتىپ، بوردىغان تورپاقتەك بولۇپ كەتتىم، ھېلىغۇ بىر مەخمۇدكەن، ئۈنىڭدەك ئونىغىمۇ يەتكۈدەك قۇۋۋىتىم بار.

پاتەمخاننىڭ سۆزلىرى دەرۋەقە راست ئىدى. ئۇ ئۆمرىدە تېتىپ باقمىغان ھەر خىل تاماقلار بىلەن ئوزۇقلىنىشتىن تاشقىرى بەدەن قۇۋۋەتلىگۈچى ھەر خىل شېرىنلىكلەردىنمۇ بەھرىمەن بولۇپ تۇراتتى، مەستۇرە بۇلارنى تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ ئۆزىنى كۈتۈشى توغرىسىدىكى ماتېرىياللاردىنلا ئەمەس، تېلېۋىزىيە ئېلانلىرىدا ئېيتىلغىنى بويىچىمۇ تېپىپ كېلەتتى، نەتىجىدە پاتەمخان ئىلگىرى كۆرگەنلەر تونۇمايدىغان ھالەتتە رەڭ تۈزەپ، كېلىشكەن قامىتىگە يارىشا ئاپئاق ۋە يۇمشاق ئەت ئېلىپ، يۇقىرى تەبىقە

ئاياللىرىغا خاس كۆركەم سىياقتا كىردى.

— نەدىن تېپىپ ئالغانسەنوي بۇ خېنىمنى، — دەيتتى پاتەمخانغا زوقلانغان مەستۇرەنىڭ دوستلىرى چاقچاق قىلىپ، — سىياقىدىن بالا باققۇچى ئەمەس، سېنىڭ خوجايىنىڭدەكلا كۆرۈنىدىغۇ.

— يېزىدىكى ھاممام تېپىپ بەرگەن، — دەيتتى مەستۇرە ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرۇپ، — «تەلەي كەلسە قوش كەپتۇ» دېگەندەك بۇمۇ مېنىڭ تەلىيىم.

مەستۇرە ئاغزىدا شۇنداق دېسىمۇ، كۆڭلىدە ئۆزى بىر ئۆمۈر تولدۇرالمايدىغان بوشلۇقنى ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ جەۋھىرىنى مەردانىلىك بىلەن بەخش ئېتىش ئارقىلىق تولدۇرۇپ بەرگەن بۇ مەردانە ئايالنىڭ رېئاللىقتىكى ئورنىنى تولىمۇ ئەپسۇسلىنىش ئىچىدە ئەسكە ئالاتتى.

گەرچە ئۇ ھازىر مەستۇرەنىڭ ھىمايىدا سىياقى جەھەتتىنلا ھەقىقىي خوجايىنغا ئوخشاپ قالماي، كۈتۈلۈش جەھەتتىنمۇ ھەقىقىي خوجايىنغا خاس ئىلتىپاتلاردىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرغىنى بىلەن، ۋاقتى يېتىپ ئۆيىگە قايتسىلا بىر يىل ئىلگىرىكى تىلەمچىلىك سىياقىغا كىرىپ، ئۆز نېسىۋىسىنىمۇ تىلەپ تېپىپ يەيدىغان ھالەتتىگە قايتىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىدى.

مەستۇرە ئۇنى ئاشۇ ئېچىنىشلىق تۇرمۇش قوينىدىن تامامەن تارتىپ ئالالمىسىمۇ، ھەر ھالدا ئۇنىڭ بۇ خىل تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىش كويىدا كۆپ باش قاتۇردى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى مىڭ يۈەن دەسمايە كېرەك ئىدى. شۇڭا ئۇ ھاممىسىنىڭ ئۆيىدىن ئۆز ئۆيىگە كۆچۈپ كېلىش ئالدىدا تاراقلاپ تۇرغان يۈز يۈەنلىك پۇلدىن يىگىرمىنى ئۇنىڭ

ئالدىغا قويۇپ، ئويلىغانلىرىنى بىر - بىرلەپ چۈشەندۈردى، لېكىن پاتەمخان كۆتمىگەن يەردىن چىقىپ، پۇلغا قاراپمۇ قويماي، كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالغان ھالدا مەستۇرەگە مۆلدۈرلەپ تىكىلدى.

— بۇنداق گەپىڭىز بولۇشى ماڭا بۇرۇنلا ئايان ئىدى. چۈنكى مەن قاچانلا بولسۇن، قايتىپ كېتىدىغان ئادەم. لېكىن مەخمۇدنىڭ ئانا سۈتىگە تويۇنۇۋېلىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ يېنىدا بىر يىلچە تۇرساممىكىن دەيمەن. ئەگەر ئېغىر كۆرمىسىڭىز بۇ تەلىپىمنى ئويلىشىپ كۆرسىڭىز. بۇ ھەرگىزمۇ پۇل ياكى قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈن ئەمەس. بالىغا قىيالمايۋاتقانلىقىمۇ ئەمەس.

پاتەمخاننىڭ ئاۋازى ئېچىنىشلىق تىترەپ، كۆز ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ ئاقتى. باشتىنلا ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ كېلىۋاتقان مەستۇرە ئۇنىڭ ئانىلىق مۇھەببەتكە تولغان سۆزلىرىنىڭ تەكتىگە يەتتى. ئۇ ھەممە جەھەتتىن كاپالەتكە ئېرىشكەن يۈرەك پارىسىنىڭ ساغلام ئەي بولۇشىنى كۆزلىمەكتە ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئانا سۈتى زۆرۈر، ئەلۋەتتە.

— ئېيتقانلىرىڭىز ماڭا مايدەك ياقىدۇ، چۈنكى سىز مەخمۇدقا بەخش ئېتىدىغان نەرسىنى بالا باققۇچى ئاتالغانلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن تاپقىلى بولمايدۇ. ئەگەر يولدىشىڭىزنىڭ تۇرمۇشتا قىينىلىشىدىن ئەنسىرىمىسىڭىزلا، ئىشىكىم سىز ئۈچۈن ئوچۇق.

— ئۇ، قولى ئانچە - مۇنچە پۇل كۆرسىلا رازى بولىۋېرىدۇ، لېكىن...

پاتەمخاننىڭ كۆز ياشلىرى توختاپ، چىرايىغا

مەمنۇنلۇق ئالامەتلىرى تېپىپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئاۋازى يەنە قانداقتۇر بىر خاتىرجەمسىزلىك بىلەن تىترەپ، كۆڭلىدىكىنى ئېيتالماي تۇرۇپ قالدى. مەستۇرە ئۇنىڭ نېمىشقا شۇنداق تۇرۇپ قالغانلىقىغا قىزىقىپ ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن كۈلدى.

— ئەجەبمۇ تۇزۇت قىلىپ كەتتىڭىزغۇ، يا بىز يېڭى تونۇشقانلاردىن بولمىساق، قېنى، ئاغزىڭىزغا كەلگەننى ئاياپ ئولتۇرماي دەۋېرىڭ.

— لېكىن، — دېدى پاتەمخان بىچارىلەرچە تىرنىقىنى تاتىلاپ، — ئىككى بالامدىن خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن.

— شۇ گەپمىدى، — دېدى مەستۇرە قاقاقلاپ كۈلۈپ، — مېنىڭ ئۇلاردىن زېرىكىپ قالغىنىم يوققۇ. يەنىلا يېنىڭىزدا ئويناپ يۈرۈۋەرمەمدۇ. قانداق، شۇنداق بولسا بولامدۇ؟

پاتەمخان ئۇستىدىكى ئېغىر يۈكنى ئېلىپ تاشلىغاندەك يەڭگىللىنىپ كۈلۈپ قويدى. بۇ ئۇنىڭ تەلتۆكۈس خاتىرجەم بولغانلىقىنىڭ بىشارىتى ئىدى. سىز بۇنىڭغا قاراپ: «تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرگەن ئۈچ جاننىڭ بىر بالىنى بېقىش ھېسابىغا ئاز ۋاقىت بولسىمۇ، خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئېرىشىشى تىلەپ تاپقىلى بولمايدىغان ئامەت تۇرسا، نېمىشقا خۇش بولۇپ كۈلمىگۈدەك» دەپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ مەستۇرە ئۈچۈنمۇ ئانچە يەڭگىل يۈك ئەمەس. لېكىن بۇ يېڭىدىن دۇنياغا قوشۇلغان پەرزەنتىنىڭ ساغلام قاتارغا قوشۇلۇشى ئۈچۈن بولۇۋاتقان ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈش ۋەجىدىنلا بولۇۋاتقاچقا، ھەر ئىككى تەرەپتە ھېچقانداق غەيرىي خىيال يوق ئىدى. پاتەمخان كاپالەتكە ئېرىشكەن

پەرزەنتىنى ئۆز قولى بىلەن ئەي قىلىپ بېرىش پۇرسىتىگە سازاۋەر بولغانلىقىدىن خۇش بولغان بولسا، مەستۇرە ئۆز ھاياتىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرغان بۇ پەرزەنتىنىڭ ئانا سۈتى بىلەن قاتارغا قوشۇلىدىغانلىقىدىن مەمنۇن ئىدى.

ئارىدىن بىرقانچە ئاي ئۆتتى. تەلەيلىك مەخمۇد پاتەمخاننىڭ مېھرلىك سۆيۇشى، مەستۇرەنىڭ خۇشال قۇچاق يېيىشلىرى ئىچىدە پاتلا كۆزگە كۆرۈنۇپ، ئىككى ئانىنىڭ ئەركىلىتىشلىرىگە خۇشال كۇلكە، تاتلىق قىلىقلىرى بىلەن ھەمجاۋاب بولالايدىغان بولدى.

يەكشەنبە كۈنى ئىدى. مەستۇرە دېرىزە پەردىلىرىدىن ئۆتۇپ، يۇزىگە چۈشكەن قىش قۇياشىنىڭ غىدىقلىشىدىن كۆزىنى ئاچتى. پاتەمخان ئىككى بالىسىنى ئېلىپ، ئۆز ئۆيىگە شەنبىلەپ كەتكەچكە، ئۆي ئىچى جىمجىت ئىدى. يېنىدا كىچە خېلى ئۇزاققىچە ئويناپ چارچىغان مەخمۇد يۇزىدە جۇلالىنىپ تۇرغان تەڭگە - تەڭگە نۇرلارنىڭ تەپتىنىمۇ سەزمەي تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. مەستۇرە ئۇنىڭ نۇر ئىچىدىكى قوشۇما قاش، قاڭشار بۇرۇنلۇق ئوماق چىرايىغا قارىغانسېرى مەستلىكى ئېشىپ، ئۇنىڭ دىدارىغا تەشنا بولۇپ، ئۇزۇلدۇرمەي خەت يېزىپ تۇرۇۋاتقان ئېرىنى ئىختىيارسىز ئېسىگە ئالدى. ئۇنىڭ خېتىنىڭ ھەربىر قۇرىدىن پەرزەنت خۇشاللىقىدىن ۋۇجۇدى يالقۇنلاپ تۇرغان ئاتىنىڭ بەختىيار سىماسى جىلمىيىپ تۇراتتى. مانا بۇگۈن 1 - ئايغا ئون بەش. ئەگەر ئۇنىڭ قىشلىق تەتىلگە قويۇپ بېرىلىدىغان ۋاقتى خېتىدە يېزىلغىنىدەكلا بولسا، بۇ نۇر ئىچىدە ئوماقلىشىپ تۇرغان سەبىي چىراي بىر ھەپتە ئۆتمەيلا ئۆزى سىغىندۇرغان ئاتىنىڭ بەختلىك سۆيۇشلىرىدىن

بەھرىمەن بولۇپ، كۆلكىسىگە كۆلكە، خۇشلۇقىغا خۇشلۇق قاتىدۇ.

مەستۇرە شۇ شېرىن خىيال بىلەن تەشنا لەۋلىرىنى تاتلىق ئۇخلاۋاتقان مەخمۇدنىڭ يۇمران مەڭزىگە تەگكۈزدى ـ دە، سائەت توققۇزغا يېقىنلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنىڭ يېنىدىن مەجبۇرىي ئايرىلىپ، كىيىنىشكە باشلىدى.

سائەت ئونغا يېقىنلاشقان چاغ. مەخمۇد تېخىچە ئۇخلىماقتا، ئەتىگەنلىك چېيىنى ئىچىپ، ئۆي ئىچىنىمۇ چىنىدەك پاكىزلەپ چىققان مەستۇرە مەخمۇدنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتۈپ، ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئۇنىڭ خانىسىگە كىرىپ، نۇر ئىچىدە جۇلالىنىپ تۇرغان چىرايىغا تىكىلگەنچە تۇرۇپ قالاتتى. ئۇ بەلكىم ئۇزاق ۋە شېرىن بىر چۈشنىڭ يېقىملىق ئەركىلىتىشىدىن ھۇزۇر ئېلىۋاتقان بولسا كېرەك. ئەمدىلا تولۇقلىنىۋاتقان گۆرۈچتەك ئاق، ئۇنچىدەك يالتىراق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ، پات ـ پات كۈلۈپ قوياتتى. ھەر كۈلگىنىدە گىلاستەك لەۋلىرىدىن گۈل ئېچىلغاندەك بولۇپ، قاشتېشىدەك سۇزۇك، ئالمىدەك رەڭدار چىرايى ئاپتاپتەك نۇرلىنىپ كېتەتتى. مەستۇرە ئۇنىڭغا تىكىلگىنىچە ھەقىقىي ئانىغا خاس ھېس ـ تۇيغۇ ئىچىدە ئۇنىڭ چۈشلىرىنى بىلگۈسى ۋە چۈشلىرىگە ئارىلىشىپ كەتكۈسى كېلەتتى.

— تاك ـ تاك ـ تاك...

ئىشىك ئۇشتۇمتۇت ئۇرۇلدى. قوپاللىق بىلەن تەمكىنلىك ئارىلىشىپ كەتكەن بۇ ئۇرۇلۇشتىن كەلگۈچىنىڭ بۇ ئۆي بىلەن خېلى تونۇش ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. لېكىن مەستۇرە ئۇنى تونۇش ـ بىلىشلىرىنىڭ ھېچقايسىسىغا

ئوخشتالمىدى. چۈنكى بۇ ئەتراپتا ئۇنىڭدەك قوپاللىق بىلەن ئىشلىك قاقىدىغانلار يوق ئىدى. مەستۈرە نېمىشقىدۇر قورقۇمسىراپ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ، ئىشىك ئالدىغا كەلدى ـ دە، ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلىش ئۈچۈن نەيچە كۆزگۈدىن سىرتقا باقتى. ئۇ ئوڭ قولىنى ياغلىق بىلەن بوينىغا ئېسىۋالغان، ئېگىز بوي، يىرىك ساقاللىق يوچۇن كىشى ئىدى. ئۇ دەلدەڭشىگىنىچە قۇلىقىنى ئىشىككە يېقىنلاشتۇرۇپ، ئۆي ئىچىدىن تىۋىش ئاڭلىمىغاندىن كېيىن ئىشىكنى يەنە قوپال تاقىلدىتىشقا باشلىدى. مەستۈرە بۇ يوچۇن كىشىنىڭ يوچۇن ھەرىكەتلىرىدىن تېخىمۇ گۇمانلىنىپ، ئاۋاز چىقارماسلىقنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن مەخمۇدنىڭ چۆچۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، بۇ قوپال تاقىلدىتىشقا خاتىمە بەرمەكچى بولدى.

— نېمە ئىشىڭىز بار؟ — دېدى ئۇ ئاخىر نەيچە كۆزگۈدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان يوچۇن كىشىدىن كۆز ئالماي تۇرۇپ.

— مەن... مەن... — دېدى يوچۇن كىشى كۈتمىگەن سوئالدىن تەمتىرەپ، ئۇنىڭچە «تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك» بۇنداق قاملاشمىغان سوئالنى سورىغاندىن كۆرە، ئۆز ئادىتىمىز بويىچە «كىم» دېيىشى كېرەك ئىدى. شۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشىغىمۇ ئىمكانىيەت ھازىرلىناتتى. مانا ئەمدى بولسا، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىلىشنى خالىمىغان ئۆي ئىگىسىگە نېمەدېيىشى كېرەك؟ ئۇ بىر قانچە سېكۇنتلۇق تېڭىرقاشتىن كېيىن «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» دېگەندەك گېپىنى ئوچۇقلا ئېيتتى:

— مەن پاتەمخاننىڭ ئېرى، بالامنى كۆرگىلى كەلدىم.

— ئاھ . . .

ئىشلىرىدا قىلچە «يوچۇق» قالمىغانلىقىغا كۆڭلى ئەمدىلا ئەمىن تېپىپ، قەلبىدە ھەقىقىي ئانىغا خاس مېھىر - مۇھەببەت يېتىلدۇرۇۋاتقان مەستۇرەگە ئۇشتۇمتۇت كەلگەن بۇ ساياقنىڭ كۈتمىگەن سۆزلىرى گويا بېشى ئۈستىدە پارتلىغان بومبا بولدى .

ئۇ، بۇ كۈچلۈك زەربىدىن خۇدىنى يوقاتقان ھالدا پۈت - قولىغىمۇ ئىگە بولالماي، ئىگىرىغىنىچە ئىشىككە يۆلىنىپ قالدى . ئىشىك كەينىدە بولسا، ئۆز سۆزىنىڭ قانداق ئۈنۈمگە ئېرىشىدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلەپ يەتكەن ساياق خىرىلداپ كۈلمەكتە ئىدى .

— قانداق، خانىم، تەلىپىم ئورۇنلۇقتۇ ؟

مەستۇرە كىگىزنىڭ بىر بۇرجىكىدىن ئورۇن بېرىش ھېسابىغا بىر «ئانا» بىلەن بىر خوتۇنغا ئېرىشىپ، ئۆزىنى باقتۇرۇپ كەلگەن بۇ پارازىت توغرۇسىدا پاتەمخانىنىڭ ئېيتقانلىرىنى چاقماق تېزلىكىدە ئېسىگە كەلتۈرۈپ، تېخىمۇ چۆچۈپ كەتتى . مانا، مۇشۇنداق ئادەمنىڭ مەستۇرە بېقىۋالغان بالىنىڭ ئاتىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ ئائىلىنىڭ ئىشىكىنى قېقىشى مەستۇرەنىڭ زور بەدەل تۆلەشكە مەجبۇرلىنىدىغانلىقىنىڭ دەسلەپكى سىگنالى ئىدى . بۇنىڭدىن قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشكەن مەستۇرە بۇنداق بالا - قازاغا چېتىلىپ قالىدىغانلىقىنى نېمىشقا بۇرۇنراق ئويلىمىغانلىقىدىن قاتتىق ئۆكۈندى . ئەڭ بولمىغاندا، پاتەمخاننى ھامىسىنىڭ ئۆيىدىكى چاغدىلا رازى قىلىپ قايتۇرۇۋەتكەن بولسا، بۇنداق پېشكەللىكمۇ بولمىغان بولاتتى . ئۇ ئويلىغانسېرى ئۆزىنى كەم ئەقىللىقتا ئەيىبلەپ ،

يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئىشلارنىڭ ۋەھىمىسى بىلەن تېخىمۇ تۇگۇلۇپ كەتتى. ئەمدى ئۇ بۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرۇشى كېرەك؟ ئەگەر بۇ ساياقنىڭ دىلىغا ئازار بەرسە، ھەقىقىي ئەھۋالنى پاش قىلىپ تاشلاپ، مەستۇرەنى جامائەت ئالدىدا باش كۆتۈرگۈسىز قىلىۋېتىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ بەختلىك ئائىلىسىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن قىلغان بۇ ئىشلىرىنى پەرزەنت كۆرەلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن مەستۇرەدىن بۇرۇنلا سوۋۇشقا باشلىغان ئېرى تۇغرا چۈشىنەرمۇ ياكى شاللاق، ساختىپەزلىكتە ئەيىبلەپ، بىراقلا يۈز ئۆرەرمۇ؟

مەستۇرەنىڭ ئارتۇقچە ئويلىنىشقا ماجالى قالمىدى. ئۇنى ئاخىرقى ئېھتىمال ھالىدىن كەتكۈزمەكتە ئىدى. ئۇ ئايال بولۇپ يارىلىپ، مۇشۇنداق زىددىيەتكە گىرىپتار بولغانلىقى ئۈچۈن ئىختىيارسىز خۇداغا نالە قىلدى.

— ئاھ خۇدا، تەلتۆكۈس ياراتقان بەندەڭنى نېمىشقىمۇ نامەردلەرگە موھتاج قىلدىغانسەن؟

— دېمىگىز نېمانچە ئىچىگىزگە چۈشۈپ كەتتى، خانىم؟ بالىنىڭ ئانىسى شۇنچە قەدىرلىنىۋاتقان يەردە بالىنىڭ ئاتىسى بوسۇغىدا تۇرۇپ قالسا، تولىمۇ تەڭسىزلىك بولارمىكىن؟! ئىشىكنى ئېچىڭ!

سايىقنىڭ ئوت ئۇستىگە ياغ چاچقاندەك بارغانسېرى ئەزۋەيلەۋاتقان زەھەرلىك سۆزلىرى مەستۇرەنى خىيالدىن ئويغاتتى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي «يامانغا يېلىن» دېگەن ھېكمەت بويىچە ئىش كۆرۈش ئۈچۈن بىخەتەر قۇلۇپنى ئاچتى، لېكىن ئۇنىڭ زەنجىرىنى ئېلىۋەتمىدى، شۇڭا ئىشىك بىر غېرىچلا ئېچىلدى. ساياق مەست ئىدى، ئۇ

دەلدەڭشىگىنچە يوچۇققا يېقىنلاپ كېلىپ، مەستۇرەگە قاراپ ھىجايدى. غالىبلىق بىلەن ھەييارلىق ئۆزئارا ئارىلىشىپ كەتكەن بۇ كۈلكىدە داپشاقلىق بىلەن بىشەملىكمۇ ئۆز مەنىسىنى تولۇق تاپقانىدى. بۇنىڭدىن مەستۇرەنىڭ پۈتۈن بەدىنى تىكەنلىشىپ، يىرگىنىشتىن ھۆ بولۇپ كەتكىلى تاس قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى تەستە بېسىپ ئۇنىڭغا مىختەك تىكىلدى. ۋۇجۇدىدا بولسا، ئاجايىپ بىرخىل تىركىشىش ئالامەتلىرى بىخلاندى.

— كەچۈرۈڭ، مەن سىزنى تونۇمايدىكەنمەن.

— تونۇمايمەن؟ — ساياق قاقاقلاپ كۈلدى، — ئۆزىڭىزنى خۇپسەنلىككە سالماڭ، خانىم، زىيان تارتىپ قالىسىز.

— گېپىڭىزنى ئوچۇق ئېيتىڭە، سىز مەندىن نېمىگە ئېرىشمەكچى؟

— مانا ئەمدى ئىزىڭىزغا چۈشتىڭىز، خانىم. دېمەكچى بولغىنىم، مەن سىزگە بالىنى بىكارغا بەرمەيمەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئايالىمنىڭمۇ سىزگە ئىشلىگەن ھەققى بار.

— كىملىكىڭىز ماڭا نامەلۇم بولۇپ تۇرغان ئەھۋالدا سىز بىلەن بۇنداق سۆزلىشەلمەيمەن. گېپىڭىز راست بولسا، شۇ ئايالىڭىزنى بىللە ئېلىپ كېلىپ سۆزلىشىڭ.

— لېكىن مەن قۇرۇق قول قايتالمايمەن. كۆردىڭىزغۇ، بىر قولۇمنىڭ ناكارلىقىنى. مەن بۇنى خوتۇنىنىڭ يوقلۇقىدىن ئاش - تاماق ئېتىمەن، دەپ قازان بېشىغا پۈتلىشىپ، سۇندۇرۇۋالدىم. دېمەكچىمەنكى، بۇنىڭغىمۇ سىزنىڭ چېتىشلىقىڭىز بار. شۇڭا بۇنى داۋالىتىشىم ئۈچۈن ئوتتۇز - قىرىق يۈەن بېرىسىز.

مەستۇرە ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئۆلۈكنى ئارتىۋاتقان بۇ سايانىڭ تەلىپىنىڭ ئانچە يۇقىرى بولمىغانلىقىدىن خۇشال بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قايتا پاراكەندە قىلماسلىقى ئۈچۈن پاتەمخان كېلىشى بىلەن ئارىنى ئۈزۈۋېتىشنى ئويلىغاچ، ئۇنىڭغا قىرىق يۈەن ئاچىقىپ بەردى. ئۇ سەدىقە ئالغاندىكىدەك ساق قولىنى ساقال بېسىپ خۇنۇكلىشىپ كەتكەن يۈزىگە ئاپاردى - دە، دۇئا ئىشارىسىنى بىلدۈرگىنىچە ھەييارلىق بىلەن ھىجىيىپ يولىغا راۋان بولدى.

كەچقۇرۇن پاتەمخان ئىككى بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ يېتىپ كەلدى. ئۇ مەستۇرەنىڭ نېمىشقىدۇر چىرايىنى تاتىرىپ، كۆزلىرى ھارغىنلىقتىن ئولتۇرۇشۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە، ئەجەب ھارغىن كۆرۈنىسىزغۇ؟

مەستۇرە ئۇلۇغ - كىچىك تىنغىنىچە كۈندۈزى بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى.

— قىرىق يۈەننى بېرىۋەتتىڭىز؟ — دېدى پاتەمخان مەستۇرەنىڭ بوزەك قىلىنغىنىغا ئۆكۈنۈپ.

— نېمە ئامال؟ قۇتۇلغىنىمغا خۇش بولدۇم.

— كاززاپ! — دېدى پاتەمخان ئېرىگە بولغان غەزىپىنى ئىپادىلەپ، — قارىمامدىغان بۇ ئەبلەخنىڭ بېشىمىزنى سىلىغان بىر ئاق كۆڭۈلگە ئەسكىلىك قىلغىنىنى. ۋۇي ئىگىسىنى چىشلەيدىغان ئىت!

— پۇلنىڭ كارايىتى چاغلىق، — دېدى مەستۇرە تېخىچە لوقۇلداپ ئاغرىۋاتقان چېكىسىنى ئۇۋۇلاپ، — ئەمدى بۇنداق پاراكەندىچىلىك بولىۋەرسە بولمايدۇ. شۇڭا. . .

— خاتىرجەم بولۇڭ. مەن ئۇنى ئەتىلا توۋا قىلدۇرۇپ، سىزنى ئالداپ بويىنىغا ئېسىۋالغان قولىنى راستىتىنلا چېقىپ تاشلايمەن.

— نېمە؟ — دېدى مەستۇرە ھەيران بولۇپ، — راست سۇنغان ئەمەسمۇ؟

— نەدىكىنى؟ بۇ ئۇنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا تېپىۋالغان ھۇنىرى. ئۆزىنى بىچارە كۆرسىتىش ئۇچۇن بەزىدە پۇتىنىمۇ شۇنداق تېڭىۋالىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەستۇرە ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى.

— ئەمىسە ئۇنىڭدىن رەنجىمىسەممۇ بولغۇدەك.

— قانداقلا بولسۇن، ئۇ بېقىشقا تېگىشلىك ئۈچ جانغا سىز يېگۈزۈپ، ئىچكۈزۈۋاتىسىز. ھېممىتىڭىزدە قولىمىزمۇ ھەر ئايدا پۇل كۆرۈۋاتىدۇ. ھەر شەنبە دېگۈدەك ئۇنىڭ ھەپتىلىك ئوزۇقىنىمۇ بۇ ئۆيدىن توشۇۋاتىمەن. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئۆز رازىلىقىمىز بىلەن بەرگەن بالىنى قايتا تىلغا ئېلىپ سىزنى بوزەك قىلسا، كىممۇ ئۇنىڭدىن رەنجىمەيدۇ. مەن ئۆتكەندە ئۇنىڭ: «سېنى بورداۋاتقان ئۇ ئايالنىڭ ئۆيىنى كەينىڭدىن ماراپ بىرىپ بىلىۋالدىم. ئەمدى مەنمۇ بوردىلىشنىڭ ئامالىنى قىلسام بولغۇدەك» دېگىنىنى ئاڭلاپ، چاقچاق قىلىۋاتسا كېرەك دەپ ئويلاپ، تولىمۇ كەم ئەقىللىق قىپتىمەن. مانا قاراڭ، ئۇ ئىپلاسنىڭ پەس كۆڭۈللۈكىنى، خەپ، تاڭمۇ ئاتار!

— ئەمدى ئۇنداق ئاۋارىچىلىك بىلەن ئۆزىڭىزنى ئۇپراتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدى مەستۇرە خورسىنىش ئىچىدە، — ئۇ مېنىڭ راسا ئەندىشە قىلىدىغان يېرىمدىن يوچۇق ئېچىۋالدى. «ئۆگەنگەن خۇي ئۆلگۈچە قالماپتۇ»

دېگەندەك، ئۇ قىلىدىغىنىنى يەنە قىلىدۇ. شۇڭا سىز بۇ «يوچۇق» نى قانچىلىك پۇل بىلەن ئەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىڭ. پەقەت كۆڭلۈمنىڭ ئارامىنى بۇزمىسىلا بولدى.

— پۇل دېگەننى تىلەپمۇ تاپقىلى بولىدۇ. لېكىن كۆڭۈلنى پۇل بىلەن ئۆلچەش تەس. مەن مەخمۇدنى سىزگە كۆڭلۈمدىن چىقىرىپ بەردىم. شۇڭا كۆڭلۈمنى چۈشىنىڭ. ئەگەر پۇلغا خۇشتار بولغان بولسام، مەخمۇدنى سىزگە بېقىشىپ بېرىمەن، دەپ نېمىشقا ئاۋارە بولىمەن. ھاممىڭىزنىڭ ئۆيىدىكى چاغدىلا، ئالدىمغا قويغىنىڭىزنى ئېلىپلا كەتمەسمىدىم، — پاتەمخاننىڭ كۆزلىرى ھەسرەتلىك پىلدىرلاپ، بۇرنى ئېچىشىشقا باشلىدى. بوغۇزىغا نېمىدۇر تۇرۇۋالغاندەك سۆزدىن توختاپ، كۆزلىرىدىن بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان ياشلىرىنى يەڭلىرى بىلەن سۈرتتى.

— كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن، — دېدى مەستۈرەمۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، — لېكىن كۆڭلۈمنىڭمۇ نېمىشقا پاراكەندە بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىڭ، مەن ئەندىشە قىلىۋاتقان «يوچۇق» نى ۋاقتىدا ئېتىۋالمىسام، ۋاقتى كەلگەندە «كىرىشكە يەر قاتتىق، چىقىشقا ئاسمان ئېگىز» بولۇپ قالىدۇ.

— زادى مەن ئۇ نائەھلىنىڭ ئاغزىنى ئەتسەملا بولامدۇ؟ — دېدى پاتەمخان تاقەت قىلالماي ئورنىدىن تۇرۇپ، — تېخى ئاپتوبۇس توختىغىنى يوقتۇ. مەن ھازىرلا بېرىپ كېلىمەن.

مەستۈرە ئالدىراپ ئۇنى توستى.

— بولدى قىلىڭ، ئەتىمۇ خۇدانىڭ كۈنى بارغۇ!

— كاللامغا كىرىۋالغان بۇ ئىشنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ

قىلىۋەتمىسەم، كېچىچە كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ. خاپا بولماي ئۆز رايىمغا قويۇپ بېرىڭ.

پاتەمخاننىڭ سۆزلىرى تولىمۇ قەتئىي بولۇپ، ئەلپازىدىن بۇ سۆزلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقمىسا بولمايدىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. مەستۇرە كۆڭلىدە ئۇنىڭ بۇ قەتئىيلىكىگە خۇشال بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ خاپىلىقتا تەلۋە ئېرىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇپ ئىشنى تېخىمۇ بۇزۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ قالدى.

— كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن، — دېدى ئۇ ئاخىر چاپىنىنى كىيىشكە تەمشىلىۋاتقان پاتەمخانغا يېلىنىپ، — لېكىن دانالارنىڭ: «ئاچچىقنىڭ كەلگەندە ئىچىڭدە يۇزنى سانىۋەت» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى بار. بۇ ئاچچىقىڭدا ھېسسىياتقا بېرىلىپ كەتمە، دېگىنى ئەقىل بىلەن ئىش قىلىش ئۇچۇن كۆپرەك ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. مېنىڭچە، ھازىر بارغىنىڭىزمۇ بىكار. چۈنكى ئېرىڭىزنىڭ قولىدا قىرىق يۈەن پۇل بار. ئۇ، بۇنىڭ مېغىزىنى ھەرگىزمۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ چاقىدىغانلاردىن ئەمەستەك قىلىدۇ.

مەستۇرەنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى پاتەمخاننى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ ئېرىنىڭ ھاراق ئۇچۇنلا تۆرەلگەندەك ئاشخانا، قاۋاقخانىلار ئالدىدا مەست ــ ئەلەسلىكتە ئۆتكۈزۈۋاتقان سەككىزىنچىلىك ھاياتىنى ئەلەم بىلەن ئەسلىدى. ئۇ، بۇ جايلاردا پۇلى بولسۇن ــ بولمىسۇن، خۇددى قۇشخانىدىكى يىن ھىدىغا ئۆگەنگەن قوتۇر ئىتتەك دائىملا تىمىسقىلاپ يۈرەتتى. پۇلى بولسا، سېتىپ ئېلىپ ئىچەتتى، پۇلى بولمىسا، تىلەپ ئىچەتتى. ئۇنىڭ قولىنى

ياكى پۇتىنى ناكا بولغان قىياپەتتە تېڭىۋېلىشى كوچىدا پۇل تىلىگىنىگە ئوخشاشلا، بۇ يەردىمۇ دەسمايە بولاتتى.

— بۇرادەرلەر، — دەيتتى ئۇ ئىچىشىۋاتقانلارنىڭ يېنىغا تەپ تارتمايلا كېلىپ، — بىرەر رومكا خۇش كەتتىگە داخىل قىلىۋالساڭلار قانداق؟ قولۇمنىڭ سىرقىرىشىغا داۋا بولۇپ قالاتتى. . . نېمە، دوختۇرغا بار، دەمسىلەر؟ مېنىڭ ۋاقىتلىق ئىشچى ئىكەنلىكىمدىن خەۋىرىڭلار بولغان بولسا، بۇنداق پايدىلىق گەپ قىلمىغان بولاتتىڭلار، ئەپسۇسكى قولۇمنىڭ ناكا بولۇشى شۇ ۋاقىتلىق ئىشىمغىمۇ توپا چاچتى. ئەمدى بۇ قوللار ئىنسابىڭلارغا تىلەپ دۇئا قىلىشقىلا يارايدۇ.

— ئەمىسە، دۇئا قىل!

كەيپچىلىكتە قىلغىلى قىلىق تاپالماي تۇرغان بەزى ھاماقەتلەرگە بۇ ھاراق قەلەندەرنىڭ قىزىقارلىق سۆزلىرى ئەمەك بولاتتى. ئۇلار كۆكسى قانغۇدەك كۈلۈۋېلىش ئۈچۈن بىر رومكىنى تەڭلەپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىگە بايلىق، ئامەت، ھەتتا چىرايلىق قىز تىلىشىپ، ئۇنى قايتا - قايتا يۈكۈندۈرەتتى. ئۇ، رومكا ئىچىدىكى سىمابتەك تاۋلىنىپ، كۈلكىدىن سىلكىنىۋاتقان قولدا ئۈزلۈكسىز چايقىلىپ يېرىملىشىۋاتقان سۇيۇقلۇققا تەشنالىق بىلەن تىكىلگىنىچە، ئۇلار نېمە دېگىن دېسە، شۇنى دەيتتى، نېمە قىل دېسە شۇنى قىلاتتى، لېكىن ئىچىۋېلىپلا:

— بولماپتۇ بۇرادەر، يېرىمىنى تۆكۈپ بوپسەن ئەمەسمۇ، چىشىمنىڭ كاۋىكىغىمۇ دال بولمىدى. باشقىدىن قۇي، — دەپ تۇرۇۋالاتتى. ئۇلار كۈلكىسىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئەمەك قىلىۋاتقان بۇ

ئويۇننى يەنە باشتىن باشلايتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ هاراق قەلەندەرى هاراققىمۇ تويىاتتى. زاكوسكىدىنمۇ بەھرىمەن بولاتتى.

پاتەمخان ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرىنى يېقىندىلا ئاڭلاپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن قاتتىق رەنجىدى:

— هاراقنىمۇ تىلەپ ئىچكەن بارمۇ؟ ئىككى بالىنىڭ ئاتىسى بولۇپ قېلىپمۇ شۇنداق مايمۇن ئويۇننى ئويناپ بەرسىڭىز، خەق نېمىمۇ دەر؟

— خەق نېمەدېسە دېمەمدۇ، — دەيتتى ئېرى خوتۇنىنىڭ ۋايساشلىرىنى قاپتىلىغىمۇ ئالماي، — مەن ھەممىنىڭ نەزىرىدە تىلەمچى. تىلەپ تاپقان پۇلۇمغا هاراق ئىچىدىغىنىمنىمۇ ھەممىسى بىلىدۇ. پۇلنى تىلەپ تېپىپ، ئۇنىڭغا هاراق ئېلىپ ئىچكەندىن كۆرە، هاراقنىلا تىلەپ ئىچسەم، نېمە يامىنى باركەن؟

— ئۇيالمايدىغانىنىڭ گېپىنى قارا، هاراققا شۇنچە تەشنا بولسىڭىز، هاراق زاۋۇتىنىڭ هويلىسىنى سۈپۈرسىڭىز بولمايتتىمۇ، ئەڭ بولمىغاندا هاراقنى بىكارغا ھىدلايتتىڭىز.

— ئارزۇيۇمچە بولىدىغان بولسىغۇ، هاراق قاچىلايدىغان تۇڭلا بولۇۋالاتتىم. لېكىن خۇدايىم مەندەكلەرگە ئۇنداق ئامەتنى بەرمەيدىكەن. ئەڭ بولمىغاندا هاراق بوتۇلكىسى ياكى رومكا بولۇۋالساممۇ مەيلىدى.

— خۇدايىم سىزنى ھەقىقەتەنمۇ يېڭىلىشىپ يارىتىپ قويغانىكەن، — دەيتتى پاتەمخان ئېرىنىڭ تەلۋىلەرچە ھىجىيىپ تۇرۇپ قىلغان سۆزلىرىگە چىداپ تۇرالماي، — ئەڭ بولمىغاندا، هاراق ئارزىڭى قىلىپ يارىتىپ قويغان بولسىمۇ، كالا بوردايدىغانلارغا پايدىڭىز تېگىپ قالاتتى.

— لېكىن خۇدايىم ئۇنداق قىلمىغىنى بىلەن ماڭا ھەممە نېمىنى بەردى، شۇنىڭ ئىچىدە سەنمۇ بار. ئىككى بالام، ھېلىقى خېنىمغا بەخشەندە قىلىنۋەتكەن ئوغۇلمۇ بار.

— ئۇ ئوغۇلنى تىلغا ئالغۇچى بولماڭ، مەن ئۇنى خېنىمغا كۆڭلى - كۆكسۈمدىن چىقىرىپ بېرىۋەتتىم، ئۇنىڭ بىر تال مويىغىمۇ چېقىلالمايسىز.

— سەن شۇنىڭ ھېسابىغا يامان ئەمەس كۈن كۆرۈۋاتىسەن، شۇنداقمۇ؟ مانا قارا، ئېتىڭگە ئەت قونۇپ، ئىسكەتىڭمۇ تۈزۈلۈپ قالدى، مىجەزىڭمۇ خېنىمغا ئوخشاپ، مېنىڭ قىلىقلىرىمدىن ئېۋەن تاپىدىغان بولۇۋالدىڭ. ساڭا ئېيتىپ قوياي، مېنىڭ بولغىنىم مۇشۇ، سەن ماڭا تولا ئەقىل ئۆگەتمە!

— ھەي، ساراڭ، — دېدى پاتەمخان ئۇنىڭ مۇرىسىدىن سىلىكىپ، — مەن سېنى ئادەم بولغاندىكىن ئادەمدەك ياشا دەۋاتىمەن. خوتۇن جېنىمدا ئۆيىنىڭ، بالا - چاقىنىڭ غېمىدە تىپىرلاپ يۈرۈۋاتسام، سەن پۇتونسۇرۇك بىر ئەر تۇرۇپ، كوچا - كويىنىڭ ئەخلىتى بولۇپ قۇسۇقۇڭغا مىلىنىپ يۈرسەڭ، كىممۇ سېنى ئەر دەيدۇ. «ئېتىڭگە ئەت قونۇپ، ئىسكەتىڭمۇ تۈزۈلۈپ قالدى» دەيسەن تېخى. ئۆز خوتۇنىڭنىڭ ئىسكەتىگىمۇ ئىچى تارلىق قىلساڭ سېنى قانداقمۇ ئەر دېگىلى بولىدۇ. مەنمۇ ساڭا ئېيتىپ قوياي، ھوشۇڭنى ۋاقتىدا يىغساڭ يىغ، بولمىسا سەن بەغەرەزنىڭ دەردىنى تارتىۋەرمەيمەن.

— بالىنى خېنىمغا بېرىش ھېسابىغا قولۇڭغا كىرىۋاتقان تۆت - بەش تەڭگە ئۈچۈن شۇنداق نوچىلىق قىلىۋاتامسەن؟ — دېدى ئەر زەھەرخەندىلىك بىلەن

كـۇلـۇپ، — مەنمۇ بالىنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىمنى تونۇتۇش ھېسابىغا خېنىمدىن تۆت - بەش تەڭگە ئېلىشنى بىلىمەن.

— ئاغزىڭنى يۇم!

— قانداق، پۇل تېپىشنى بىلەمدىكەنمەن؟ ھا - ھا - ھا... بىلىپ قوي، سەن مەندىن تېنىپ كەتكىنىڭ بىلەنمۇ خېنىم تانالمايدۇ.

ئېرىنىڭ ھەييارلىق بىلەن كۈلۈپ، زەھەرخەندىرىكىگە نەشتەردەك سانجىلدى. ئۇنى قانداقمۇ ساراڭ دېگىلى بولسۇن. ئۇ كوچا - كويدا مايماق دەسسەپ، بىر رومكا ھاراقنى توققۇز تەزىم بىلەن ئىچىپ يۈرگىنى بىلەن ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىڭ ئاجايىپ نازۇك تەرەپلىرىنى تۇتۇۋېلىشنى بىلىدۇ. مانا ئۇ، شۇ ئۇستىلىقى ئارقىلىق موماي بىلەن پاتەمخاننى ئۆزىگە خىزمەت قىلدۇرۇپ كەلگەندەك، مەستۇرەدىن پايدىلىنىشنىمۇ ئەپچىل چارىسىنى ئىلان قىلماقتا. ئار - نومۇسنىمۇ بىلمەيدىغان بۇ ياۋۇز، نەپسىنىڭ ۋەسۋەسىگە سېلىشى بىلەن ئېيتقىنىنى قىلماي قالمايدۇ. ئۇ ھالدا مەستۇرەنىڭ ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىش ئۈچۈن، تەلەپ قىلغىنىنى بەرمەي ئامالى يوق! بۇ نېمىدېگەن ئىنساپسىزلىق!

— ھېلىلا ئۆزىنىڭ يوللۇق تەلەپلىرى ئارقىلىق ئېرىنىڭ پەسكەش قىلىقلىرىنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلەۋاتقان پاتەمخاننىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، ۋۇجۇدىغا قورقۇنچ ئولاشتى. ئەمدى ئۇ ئېرىنى ئەيىبلەش ئۇستىدە ئەمەس، ئۇنى قانداق قىلىپ، ئاخىرقى پىكرىدىن قايتۇرۇش ئۇستىدە باش قاتۇرماقتا.

— گەپ قىلمايسەنغۇ؟ — دېدى ئەر ئۆز ئۈستۈنلۈكى-
نى ئۇنىڭغا ئەسلىتىپ قويماقچى بولغاندەك مەغرۇر
ھىجىيىپ، — دەيدىغىنىڭنى دەۋال!

— ھېلىلا «مېنىڭ بولغىنىم مۇشۇ، ماڭا تولا ئەقىل
ئۆگەتمە» دەۋاتاتتىڭىزغۇ، ئەمدى سىزگە ئارتۇقچە ئاغىز
ئۇپرىتىشىنىڭ نېمە ھاجىتى.

— گەپىنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، سەن مېنى ھاراقتىن
توسىيالمايسەن. «تىلەپ ئىچمە» دەيدىكەنسەن، قولۇمغا پۇل
بەر. بولمىسا تولا كۆزۈمگە كىرىۋالما.

— مېنىڭ نەسىھەتلىرىم سىزگە نېمە يامانلىق ئېلىپ
كەپتۇ. ئەقلىڭىزنى سەل - پەللە ئىشقا سالسىڭىز، بۇنىڭدىن
ئىلگىرى كۆيۈنگەن بىر ئائىلىنىڭ پاك كۆڭلىنى
كۆرۈۋالالايسىز. بوپتۇ، يەنىلا مۇشۇ پاك كۆڭلۈم بىلەن
ھارىقىڭىزنىڭ پۇلىنى كۆتۈرەي. لېكىن سەتلىشىدىغان
قىلىقلارنى قىلماسلىقتا ۋەدە بېرىڭ.

پۇلنىڭ گېپى چىقىشى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ گۇلقەقەلىرى
ئېچىلىپ، خۇنۇك چىرايى ئاپتاپتەك نۇرلىنىپ كەتتى.

— ئىشنىڭ يولى مۇنداق بولمامدۇ، خوتۇن، — دېدى
ئۇ سورۇندىكىلەردىن ھاراق تىلىگەندىكىدەك ھەييارلىق
بىلەن كۈلۈپ، — كەچكىچە «موللام دۇئاغا زورلاڭ»
دېگەندەك ئۇنى قىلماڭ، بۇنى قىلماڭ، دەۋەرسەڭ، قۇلاققا
خوش ياقامدۇ. شەيتانمۇ «توپا يەمسەن دېسە، يېغى
بارمىكەن؟» دەپتىكەن. ئەكە پۇلۇڭنى.

پاتەمخان كۈلدى. ئۇ ئويلىمىغان يەردىن ئېرىنىڭ
ھاراق پۇلىنى كۆتۈرۈش ئارقىلىق ئۇنى مەستۇرەنى پاراكەندە
قىلىش نىيىتىدىن ياندۇرغىلى بولىدىغانلىقىدىن مەمنۇن

بولغانىدى، ئۇ مۇشۇنداق قىلىش بىلەن مەستۇرەنى ئەنسىرىتىپ كېلىۋاتقان «يوچۇق»نى ئېتىۋېتەلىسىلا، سەرسانلىقىغا خاتىمە بەرگەن مۇساپىرخانىسىنى ئوڭلاش كويىدا يىغىۋاتقان پۇلىنىڭ بىر قىسمىنى ئېرىگە بېرىشكە رازى ئىدى. ئۇ، مۇشۇ خىيال بىلەن ئۇنىڭغا ھەر ئايدا يىگىرمە يۈەن بېرىدىغان بولۇپ كېلىشتى. ئۇ، ئۇنىڭ مەستۇرەدىن ھەر ئايدا ئېلىپ تۇرىدىغان ئىش ھەققىنىڭ ئۈچتىن بىرى ئىدى. ئىلگىرى ئۇ بۇنچىلىك پۇلنى بىرقانچە يۈز كىشىگە مىڭبىر تەزىم قىلىپ، جاھاندىكى ئەڭ ئېسىل سۆزلەر بىلەن ئۇلارغا ياخشى تىلەك ئاتا قىلىش ھېسابىغا ئاران تاپاتتى. شۇڭا ئۇ بۇ پۇلنى يارىماس ئېرىنىڭ بىرلا قېتىم تەرسالىق قىلىشى بىلەن قولىدىن چىقىرىپ قويغىنىغا ئۆكۈنۈپمۇ قالدى. ئەر بولسا، ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولۇپ، پۇلنى يانچۇقىغا سالدى - دە، ھاراق خۇمارىنى بېسىشقا ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ، پاتەمخان ئۇنىڭ ئۇ پۇلنى ئىككى كۈندىلا خەجلەپ تۈگىتىۋەتكەنلىكىنى بىلىپ قاتتىق خاپا بولدى. «ئاي توشمىغۇچە قايتا پۇل بەرمەيمەن» دەپ دوق قىلدى. ئۇ نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ دوقلىرىغا ئاچچىقلانمىدى. ئەكسىچە بىلىكى سۇنغان كىشى قىياپىتىدە بىر قولىنى بويىنىغا ئېسىپ، ئۈن - تىنسىزلا سىرتقا چىقىپ كەتتى. پاتەمخان ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ، خىجىللىقتىن تىلەمچىلىك قىلىپ پۇل تېپىشقا كەتكەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغانىدى. ئەكسىچە ئۆز ۋەدىسىگە خىلاپ ھالدا بۇ ئۆيگە كېلىپ، مەستۇرەنى پاراكەندە قىلىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

پاتەمخان خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇلۇغ - كىچىك

تىندى. لەۋلىرى تىترەپ، كۆزلىرى ياشقا تولدى.

— شۇنداق قىلىڭ، — دېدى مەستۇرە ئۆز سۆزىنى قايتا تەكىتلەپ، — مېنىڭچە، ئۇنىڭ بىلەن تاكاللاشىشىڭىز ئىش تېخىمۇ بۇزۇلىدۇ. ياخشىسى، پۇل بىلەنلا كۆڭلى تىنىدىغان بولسا، قانچە ئالىمەن دېسە، شۇنچىلىك بېرەي، شەرت بوسۇغىمىغا قايتا ئاياغ باسمىسۇن. سىزمۇ ئۆيىڭىزگە قايتىپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىڭ.

— شۇنچە چىرايلىق ئۇچرىشىپ، بۇنداق ئايرىلىشساق، ماڭا ئەلەم بولىدۇ. مەن ئۇ تەلۋىنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈشنىڭ باشقا چارىسىنىمۇ ئويلاپ باقاي، يامىنىغا كەلسە، ئۇنىڭ كۈندىلىك هارىقــى ئۈچۈن پۇل بېرىپ تۇرساملا، ئاغزى ئېتىلىدۇ.

— ياق، ياق، پاتەمخان! سىز ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر هاراققا پۇل تېپىپ بېرىپلا ئۆتەلەمسىز؟ «جان بار يەردە قازا بار» دېگەندەك تۇرمۇشتا هەرخىل ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا تۇرمۇشىڭىزنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان بىـــرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇشنى ئويلىنىـــپ كۆرۈڭ. ئۆپكە - هېسىپ قۇيۇپ سېتىشمۇ ئارتۇقچە دەسمايە تەلەپ قىلمايدىغان ئىش. كاۋاپچىلىق قىلىشقىمۇ، گازىر - پۇرچاق ئېلىپ سېتىشقىمۇ بولىدۇ. ئەگەر ماقۇل كۆرسىڭىز ئېرىڭىز بىلەن مەسلىهەتلىشىپ، ئۇنى بۇ ئىشقا قىزىقتۇرۇڭ. مەن سىلەر ئۈچۈن ئىككى مىڭ يۈەن دەسمايە سېلىپ بېرەي.

مەستۇرەنىڭ سۆزلىـــرى پاتەمخاننىـــى ئويلاندۇرۇپ قويدى. بىرەر تىجارەتنىڭ پېشىنى تۇتۇۋالســـلا، تاپقان پايدىسىنى دەسمايە قىلىپ بولسىمۇ، تەلۋە ئېرىنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىيالايدىغانلىقىغا ئۇنىڭ كۆزى يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ

مەستۇرەنىڭ مەسلىھىتىگە ئۆز رازىلىقىنى بىلدۈرۈپ، بىر يىلدىن ئارتۇقراق تۇز تەمىنى تېتىغان بۇ ئۆينىڭ ئاخىرقى خىزمەتلىرىنى قولدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن ئەتىسىدىن باشلاپ ئۆي قېقىش، كىر - قات يۇيۇش، كىيىم - كېچەكلەرنى دەزماللاش بىلەن بولۇپ، ئۈچ - تۆت كۈننى بەكمۇ ئالدىراشچىلىقتا ئۆتكۈزدى. بەشىنچى كۈنى كەچتە ئۇزاقتىن بۇيان مەستۇرە يولىغا قاراپ كەلگەن مەسئۇد چامادانىنى كۆتۈرگىنىچە كىرىپ كەلدى. ئۆي بايرام تۈسىگە كىردى. ئۈچ - تۆت كۈنگىچە مەسئۇدنى يوقلاپ، يىراق - يېقىندىن كەلگەن دوست - يارەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. پاتەمخان سەي قورۇش، تاماق ئېتىش ھەلەكچىلىكىدە ئائىلىسىگە بېرىشقىمۇ ۋاقىت چىقىرالمىدى. مەستۇرە بولسا، بايرام كۈندىكىدەك ياسىنىپ، ئاشخانا بىلەن مېھمانخانا ئارىلىقىدا ئاش - تاماق توشۇش، چاي قۇيۇش ئالدىراشلىقىدا پۇت - قولى يەرگە تەگمەي يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ چىرايى كۈندەك ئېچىلغان بولۇپ، مەخمۇدنىڭ دادىسىغا يېپىشىپلا ئالغانلىقىدىن خۇشال ئىدى. مەسئۇدمۇ مەخمۇدنى باغرىغا بېسىپ، ئۇنىڭ ئوماق يۈزىگە ھېلىدىن - ھېلىغا سۆيەتتى. ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ تاتلىق قىلىقلىرىنى مېھمانلارغا كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى چۈچۈك تىللار بىلەن ئەركىلىتىپ، گەپكە سالاتتى. مەخمۇد گەرچە يېقىملىق گۈڭگىراپ «دادا - دا» دېگەندىن باشقىنى ئاغزىغا ئالالمىسىمۇ، دادا بولۇشقا ئىنتىزار بولۇپ كەلگەن مەسئۇد ئۈچۈن شۇ بىر ئاغىز سۆزنىڭ ئۆزىلا كۇپايە ئىدى. چۈنكى ئۇ ئۆز ئارزۇسىغا يەتكەنىدى. بۇنىڭدىن ھاياجانغا كەلگەن

مەستۇرە قىن - قىنىغا پاتماي قالغان بولسىمۇ، لېكىن تەلتۆكۈس ئېتىلىپ كەتمىگەن «يوچۇق»نى پات - پاتلا ئېسىگە ئېلىپ، پاتەمخاننى ھېلىقى مەسلىھەتنى تېزرەك پىشۇرۇپ كېلىشكە ئۈندەپمۇ قويۇاتتى. لېكىن ئايىغى ئۈزۈلمەيۋاتقان مېھمانلارنى كۈتۈشتە يالغۇزلۇق قىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن پاتەمخانمۇ ئالدىراۋاتقان ئۇ ئىشقا ۋاقىت چىقىرىپ بېرەلمەيتتى. شۇنداق قىلىپ ھەش - پەش دېگۈچىلا ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى - دە، ئۇلار ئەنسىرەپ كېلىۋاتقان «يوچۇق»تىن ئاخىر بالا تاشتى.

بۇ يەكشەنبە ئەتىگىنى بولۇپ، تالادا لەپىلدەپ قار يېغىۋاتاتتى. پاتەمخان تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئىككى بالىسىنى ئويغىتىۋەتمەي، ئۆزى ياتقان ئۆي بىلەن مېھمانخانىنى بىر ئاز تۈزەشتۈرۈپ قويۇپ، ئەتىگەنلىك ناشتا تەييارلاش ئۈچۈن ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ سەيلەرنى يۇيۇپ، ئەمدىلا توغرىماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا ئىشىك توساتتىن تاقىلداپ قالدى. ئۇ ئالدىراپ ئاشخانا ئۆيدىن چىقىشىغا، ئىچكەركى ئۆيدىن مەسئۇدمۇ چىقىپ قالدى - دە، بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. پاتەمخان كەلگۈچىنىڭ كىملىكىگە قاراپمۇ قويماي، ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرىۋەردى. لېكىن مىنۇت ئۆتمەي كەلگۈچىنىڭ ئاۋازىدىن قانداقتۇر بىر بالا - قازانى سەزگەندەك يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى. بۇ ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ئاۋازى ئىدى. تۈزۈتسىزلا ئېيتىلىۋاتقان قوپال سۆزلەر ئۇنىڭ ھازىرلا تۆت سەر ئىچىپ كەلگەنلىكى ياكى ئاخشامقى مەستلىكىدىن تېخى سەگمىگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

— بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟ — دېدى مەسئۇد ئۇنىڭغا

ئىشىك ئالدىدىلا، — مەن سىزنى تونۇمىدىمغۇ!
— خىيالىڭىزدا مېنى بۇ ئۆيگە خاتا كىرىپ قالدى، دەپ ئويلاۋاتقان ئوخشىمامسىز، ئەپەندىم؟ بىلىپ قويۇڭ، مەن ئۇنداق خاتا كىرىپ قالىدىغانلاردىن ئەمەس.
— ئۇنداقتا، ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟
— سىز كىم، نېمە ئىشىڭىز بار، دەۋاتامسىز؟ ھا ـ ھا ـ ھا...
ئۇ ساراڭلارچە قاقاقلاپ كۈلدى. بۇنىڭدىن ئۆزلىرى ئەنسىرەپ كەلگەن «يوچۇق»تىن تاشىدىغان بالانى ئالدىنئالا سەزگەن پاتەمخان ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىماقچـــى بولۇپ يۇگۈرۈپ چىقتى.
— خاپا بولماڭ، ئەپەندىم، — دېدى ئۇ مەسئۇدنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ يېلىنغان ئاھاڭدا، — بۇ مېنىـــڭ ئېرىم بولىدۇ.
— سىزنىڭ ئېرىڭىز؟
مەسئۇد ھەيرانلىق بىلەن چەكچەيگەن كۆزلىرىنى بىر پاتەمخانغا، بىر ئۇنىڭ ئېرىگە تىككىنىچە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ شۇنداق كېلىشكەن چىچەن ئايالنىڭ بەدبەشىرە، مەينەت بىر تەلۋىنىڭ خوتۇنى بولۇپ قالغانلىقىنى ئەقلىگە سىغدۇرالمىغانىدى.
— شۇنداق، بۇ مېنىڭ ئېرىم، تايىنلىق مېنى ئىزدەپ كەلگەن گەپ.
پاتەمخان شۇنداق دېدى ـ دە، ئۇستۇېشىدىكى قارىنمۇ قاقماي، خۇددى قاردىن ياسالغان ھەيكەل سىياقىغىلا كىرىپ قالغان ئېرىنى مەيدىسىدىن سىرتقا ئىتتەردى.
— يۇرە، گېپىڭ بولسا، تالادا قىلىشايلى.

تەلۋە ئارقىسىغا شوخىغىنىچە، قىيا ئوچۇق ئىشىكنى دومبىسى بىلەن يېپىۋېتىپ، ئۇنىڭغا يۆلىنىپ تۇرۇۋالدى.

— قارىغىنا ئۈستۈۋېشىڭغا، — دېدى پاتەمخان ئۇنى سىرتقا چىقىشقا ئۈندەپ، — ئەڭ بولمىغاندا مەينەت ئايىغىڭنى تالادا قالدۇرۇپ، ئۈستۈڭدىكى قارنى ئېرىغدۇۋېتىپ كىر.

تەلۋە ئۈستۈۋېشىدىكى ئېرىشكە باشلىغان قارنىڭ ئۆپكىدەك كۆپچۈگەن پاسكىنا ئايىغىدىكى توڭ بىلەن بىللە ئېۋىپ، كارىدوردىكى قىپقىزىل پالازغا ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلى سۆيۈنۈپ كۈلدى.

— «گادايىنى ھۆرمەت قىلساڭ، چورۇقى بىلەن تۆرگە چىقىدۇ» دېگەننى بىلمەيمىدىڭ، خوتۇن. بۇ، شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئىش. لېكىن، بۇنچىلىك پالازنى سەنمۇ سېتىپ ئالالايسەن. بىز بەرگەن نەرسىنى بولسا، بۇ غوجاملار بويى بىلەن تەڭ پۇل خەجلەپمۇ تاپالمايدۇ.

— ئاغزىڭنى يۇم! — پاتەمخان ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ھۆرپەيدى، — بۇنداق بىلجىرلىغۇچە، ھاراقا پۇلۇم يوق دېسەڭ، بولمامدۇ. ھە، خالىغىنىڭچە ئىچ!

پاتەمخان يىگىرمە يۈەن چىقىرىپ، ئۇنىڭغا تەڭلىدى. تەلۋە پۇلغا قاراپمۇ قويماي پاتەمخاننىڭ قولىنى ئىتتىرىۋېتىپ، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالغان مەسئۇدقا تىكىلدى.

— قانداق دېدىم. ئەپەندىم، سۆزۈمدە سو يوقتۇ؟

مەسئۇد تەلۋىنىڭ سۆزلىرىگە قانداقتۇر بىر سىرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى سېزىپ، ئۇنىڭ تەكتىنى بىلىشكە قىزىقىپ قالدى.

— قېنى، ئۆيگە كىرىڭ. ئايىغىڭىزنىمۇ سالماڭ. مۇشۇنداقلا كىرىۋېرىڭ.

تەلۋە پاتەمخانغا خۇددى جەڭدە يەڭگەن غالىبتەك مەغرۇر قاراپ قويۇپ، مەسئۇدقا ئەگىشىپ مېهمانخانىغا كىرىپ كەتتى. پاتەمخان ئۆزىنى مەستۇرەنىڭ خانىسىغا ئاتتى. مەستۇرە ئاللىقاچان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، غال - غال تىترىگىنىچە كارىۋاتنىڭ قىرىدا ئولتۇراتتى. چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى.

— مەن شۇنچە قىلىپمۇ ئۇنى توسۇپ قالالمىدىم، — دېدى پاتەمخان ئۇنىڭ بولغان ئىشتىن تولۇق خەۋەردار ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ.

— «پىچاق سۆڭەككە يەتكەندە ياسىن ئوقۇغاننىڭ پايدىسى يوق»، — دېدى مەستۇرە ئېغىر خورسىنىپ، — مەيلى، بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن.

— تەقدىرىمىزنىڭ بۇ تەلۋىگە چېتىلىپ قالغانلىقىنى كۆرمەمدىغان؟

— تۇرمۇشىنىڭ قىزىقى مۇشۇ يەردە بولسا كېرەك، — دېدى مەستۇرە ئارانلا ئاڭلىنغۇدەك تۆۋەن ئاۋازدا پىچىرلاپ، — هېچقىسى يوق، مېنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىمنىڭ هەممىسى مۇشۇ ئۆي ئۈچۈن ئىدى. ئەمدىلىكتە....

مەستۇرەنىڭ گېپى تۈگىمەيلا ئىشىك تاراقىدە ئېچىلىپ، چىرايى بۇلۇتتەك تۇتۇلغان مەسئۇد غەزەپ بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇ كارىۋاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇرغان مەستۇرەنى مۇرىسىدىن سىلكىپ قويۇپ، ئۆزىگە يول ئاچتى - دە، تاتلىق ئۇخلاۋاتقان مەخمۇدنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ تىكىلدى. روهى چىقىپ كەتكەندەك تاتىرىپ كەتكەن

مەستۇرە ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق تىكىلىۋاتقىنىنى چۈشىنەلمەي، تاشقۇسى بالا - قازانىڭ ۋەھىمىسى بىلەن تىترەپ تۇرغىنىدا مەسئۇد ئورنىدىن ئاستا تۇردى - دە، غەزەپ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى مەستۇرەگە مىختەك قادىدى.

— ئېيتە، بۇ بالىنى كىمدىن تاپتىڭ؟

— پاتەمخاننىڭ ئېرى ھەممىنى ئېيتىپ بەرگەندۇ، يەنە نېمىدەپ مەندىن سورايسىز؟

— دېمەك، بۇنى ئۇنىڭدىن تاپقانلىقىڭغا ئىقراركەنسەن - دە! ۋۇي، ئىپلاس بۇزۇق!

«چاڭ» قىلغان شاپىلاق ئاۋازى بىلەن تەڭ مەستۇرە يەرگە يىقىلدى. پاتەمخان يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى يۆلىدى - دە، مەسئۇدنىڭ قايتا قول سالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنى ھىمايىسىگە ئالدى.

— نېمىلەرنى دەۋاتىسىز، ئەپەندىم، سىز ئۇ ئىپلاسنىڭ سۆزىنى خاتا چۈشىنىپ قاپسىز. ئەھۋال ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس.

— ئۇنداق بولمىسا، توغرىسىنى سەن ئېيتە، قېنى!

— خەقنىڭ خوتۇنىنى نېمىدەپ «سەن» لەيسىز، — دېدى مەستۇرە مەسئۇدنىڭ گۇناھسىز پاتەمخانغا بىھۇدە ئازار بېرىۋاتقانلىقىغا چىداپ تۇرالماي، — ھەممە ئادەم مەن ئەمەس، نېمە دېسىڭىز بولىۋېرىدىغان.

— ئەمىسە، بۇنىڭ ئېرى بىلەن يۈزلىشەلەمسەن؟

— يۈزلىشىپ يۈزلەشمەي خۇدۇكۇم بارمىدى! قېنى چاقىرىڭ!

مەسئۇد تەلۋىنى چاقىرىپ كىردى. تەلۋە ئۆزىنىڭ بىر

ئاغىز سۆزى بىلەن پۈتۈن بىر ئائىلىدىكى كىشىلەرنى ساراسىمىگە سېلىشىۋەتكەنلىكىدىن ھەيران بولۇپ، جىددىيلەشكەن، تاتارغان، غەزەپلەنگەن چىرايلارغا بىر ـ بىرلەپ قاراپ چىقتى. ئۇ مەسئۇدقا پەقەت: «سىلەر مېنى بۇنچىلىك چەتكە قېقىپ كەتمەڭلار، مەن بولمىسام بۇنچىلىك بالا سىلەرگە نەدە تۇرۇپتۇ، بالا مېنىڭ، يالغان بولسا، ئەينەككە قاراپ، چىرايىڭىزنى ئۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ» دېگەن سۆزنىلا قىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن مەسئۇد ئۇشۇق ـ تۈشۈك گەپ قىلمايلا مەستۇرەنىڭ ھۇجرىسىغا چىقىپ كەتكەنىدى. بۇ بىر ئاغىز سۆزنىڭ بۇنچىلىك پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلغانلىقىدىن چۆچۈگەن تەلۋە: «ئەر خوجايىن ئىسكەتىمگە قاراپ، مەندەك بىر تەلۋىنىڭ بالىسىنى بېقىشنى لايىق كۆرمىسە كېرەك، ئەمدى ‹ئال بالاڭنى، نەگە ئاپارساڭ ئاپار›، دەۋەتسە ھاراققا پۇل ئۇندۇرەلمەيدىغان بولدۇم ـ دە» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈردى.

— قېنى، باياتىن ماڭا دېگەن سۆزلىرىڭىزنى مەستۇرەنىڭ ئالدىدا تەكرارلاپ بېقىڭا، — دېدى مەسئۇد تەلۋىگە تىكىلىپ.

— بۇنى تەكرارلاشتىن قورقىدۇ دەمسىز، ئەلۋەتتە بالا مېنىڭ.

— ئاڭلىدىڭمۇ، مەستۇرە، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟

— مېنى بۇ كىشى بىلەن يۈزلەشتۈرۈشىڭىزدىكى مەقسىتىڭىز ھازىرقى «ئىپلاس، بۇزۇق» دېگەن سۆزىڭىزنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بولسا كېرەك. شۇنداق ئويلىسىڭىز «يارا ئۈستىگە تۇز سەپكەن» دەك بولىسىز، خالاس. مەندە خاتالىق بارمۇ دېگەندە، ئەلۋەتتە بار. بۇ بولسىمۇ ئۆزۈمنىڭ

«تۇغماس» ئەمەسلىكىمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ساختا قورساق كۆتۈرۈش، ئەمەلىيەتتە بولسا، ھەقىقىي قورساق كۆتۈرگەن كىشى مانا بۇ پاتەمخان. مۇشۇ ۋاقىتتىن ئېيتقاندا، بالا ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئېرىنىڭ بولىدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى راست.

— مۇنداق دېگىن، — مەسئۇد ئۆتكەن ئىشلاردىن قاتمۇ قات ھېكايىلەرنىڭ چىقىۋاتقانلىقىدىن ھەيران بولۇپ، مەستۇرەنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرىگە تىكىلدى. بۇ كۆزلەر گەرچە ياش بىلەن غۇۋالىشىپ تۇرسىمۇ، تېگى - تېگىدىن تىنىق ئاسماندەك ئۆزىنىڭ پاك ۋە غۇبارسىزلىقىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. مەسئۇد شۇنچە ئويلاپمۇ، ئۇنىڭ مۇشۇنچىلىك خۇپىيانە ئىشلارغا تەۋەككۇل قىلغانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمىدى، — ئۇنداقتا بۇ ئىشنى مەڭگۈ سىر پېتى ساقلاپ كېتەلەيتتىڭمۇ؟

— ئائىلىمىزنىڭ بەختى ئۈچۈن شۇنداق قىلىشنى خالايتتىم. لېكىن سىر پېتى قالىدىغان نەرسە بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

مەسئۇد بۇرۇلۇپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي بۇرنىنى كوچىلاپ تۇرغان تەلۋىگە تىكىلدى.

— ئەمدى قانداق قىلماقچىسىز؟ بالىڭىزنى ئېلىپ كېتەمسىز؟

— ياق، — دېدى پاتەمخان ئالدىراپ، — مەن ئۇنى كۆڭلى - كۆكسۇمدىن چىقىرىپ مەستۇرەگە ئاتىۋەتكەن. بۇنىڭ بالىدا قىلچە ھەققى يوق.

— شۇنداقمۇ؟ قېنى ئۆزى بىرنېمە دېسۇن.

— مەن، — دېدى تەلۋە دۇدۇقلاپ، — ھەر قايسىڭلار-

دەك گەپكە ئۇستا ئەمەس، دېمەكچى بولغىنىم، ماڭىمۇ ئانچە-مۇنچە قاراپ قويساڭلار.

— قېنى، كۆڭلىڭىزگە پۈككىنىڭىزنى ئېيتىۋېرىڭ.

— ماڭا پۇل كېرەك، بۇنى باشقىچە چۈشەنمەي ئۆزئارا ياردەم دېگەن مەنىدە چۈشەنسىڭىزلا، قانچىلىك بېرىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، ئاتىغىنىڭىزنى بىراقلا بېرىۋەتسىڭىز بولىۋېرىدۇ.

غەزىپى ئىچ-ئىچىدىن تېشىپ تۇرغان مەسئۇدقا تەلۋىنىڭ بۇ سۆزلىرى بەكمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلدى. لېكىن ئۇ قاپىقىنىمۇ ئاچماي، تەلۋىگە يەنە تىكىلدى.

— ئەگەر بالىڭىزنى كۆتۈرتۇپلا قويسامچۇ؟

— ئۇمۇ بولىدۇ، — دېدى تەلۋە زەھەرلىك كۈلۈپ، — لېكىن بۇ ھەممىتىڭلار ئۇچۇن پۈتۈن شەھەر خەلقى ئۆزلىرىنى ئەمەك قىلىدىغان سۆز-چۆچەككە ئېرىشىدۇ. بۇنى ئۆزىڭىزگە لايىق كۆرسىڭىزلا...

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، بالىڭىزنى ئېلىپ كېتىڭ.

— خوپ، — تەلۋە ئارتۇقچە تاكاللىشىپ تۇرمايلا تاتلىق ئۇخلاۋاتقان بالىغا قاراپ ماڭدى. جىددىيلىشىپ تۇرغان مەستۇرە بىلەن پاتەمخان ئۇنى تەڭلا توستى.

— ئۆت نېرى! — دېدى پاتەمخان ئۇنى مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ.

— قانچە ئالىدىغىنىڭىزنى ئېيتىڭ، پۇلنى مەن بېرىمەن، — دېدى مەستۇرە ئۇنىڭ كۆزىگە مىختەك قادىلىپ.

— ئىككى «توقماق» بولسىلا كۇپايە، — دېدى تەلۋە

تەلۋىلىك بىلەن ھىجىيىپ، — قانداق، ئاز بولۇپ قالمىغاندۇ خوتۇن.

— ۋۇي، بالاخور ئەرۋاھ، مەككىنىڭ رودىپىيى، پېشانەمگە پۈتۈلگەن ئاپەت! قانداقمۇ قۇتۇلارمەن سەن مەرەزدىن؟!

پاتەمخان ئۇن سېلىپ يىغلىغىنىچە ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ، يۈزىگە بىر شاپىلاق سالدى. مەسئۇد تاقەت قىلالماي ئارىغا كىردى. شۇ ئەسنادا مەستۇرە ھەربىرى مىڭ سوملۇقتىن ئىككى باغلام پۇلنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، تەلۋىگە سۇندى.

— مانا، ئېلىڭ.

تەلۋە بىلەن پاتەمخان تەڭلا چاڭ سېلىپ، ھەربىرى بىر باغلامدىن پۇلغا ئېرىشتى. نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالغان مەسئۇد غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، ئۇيان ـ بۇيان ماڭدى، يانچۇقىدىن تاماكا چىقىرىپ چەكتى، ئاندىن ئۇلارنى تاشلاپ، مېھمانخانا ئۆيگە چىقىپ كەتتى.

— «قوينۇمدىن تۆكۈلسە، قونچۇمغا چۈشەر» دېگەندەك بولدى خوتۇن، — دېدى تەلۋە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى قاپتىلىغىنمۇ ئالماي، — سەن مىڭ سوم، مەن مىڭ سوم بولدى، بۇمۇ غەنىيمەت، خوش ئەمىسە، مەن كەتتىم.

تەلۋە ھىجايغىنىچە، ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ كەتتى. قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالغان ئىككى ئايال بىر ـ بىرىگە قاراشقانچە ھالسىزلىنىپ، تۇرغان جايىدىلا ئولتۇرۇپ قالدى.

بۇ چاغدا مەسئۇد مېھمانخانا ئۆيدە ئۆزمەي تاماكا چېكىپ، توختىماي ئۇيان ـ بۇيان ماڭاتتى. ئاغزى قۇرۇپ،

بېشى ئايلىناتتى. كۆز ئالدىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار تۇرۇپ ئۇنى غەزەپكە كەلتۈرسە، تۇرۇپ ھەيرانلىققا سېلىپ، قەلبىدە چۈشىنىكسىز سوئاللارنى ئويغىتاتتى. سەمىمىي، مۇلايىم، ئوچۇق - يورۇق ئايالنىڭ ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتا مۇشۇنداق مۇرەككەپلىك ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ، ئاجايىپ ئويۇنلارنى ئوينىغانلىقى ئۇنى تېخىمۇ ھەيرەتكە سالاتتى.

ئۇ مەستۇرەنىڭ «ھامىلىدار» بولغاندىن باشلاپ، مەخمۇدنى تېلېفوندا «سۆزلەتكەن» ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى خەتلىرىدىكى «ئانا» لىق ھېسسىياتلىرىنى، ئۆزىنىڭ «ئانا» بولۇش خۇشاللىقىدا كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزغان «بەخت» لىك كۈنلىرىنى ئەسكە ئالدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى پەخىرلىك كۈنلىرى ئىدى. لېكىن بۇنىڭ ئالداش، ئالدىنىش ئۈستىگە قۇرۇلغان ساختا كۆرۈنۈش ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدە، بولۇپمۇ كىشى قاراڭغۇدا كۆرسىمۇ شۇركۈنگۈدەك بىر ساياقنىڭ «مەن بالىنىڭ ئاتىسى» دەپ ھەق تەلەپ دەۋاسى قىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا گەۋدىسىنى مەغرۇر كېرىپ تۇرغىنىنى كۆرگىنىدە، چىدىغۇسىز ئەلەم ۋە خورلۇق ھېس قىلىپ، ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالدى. مەستۇرەگە بولغان غەزىپى تونۇردەك يېلىنجاپ، ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا قويۇۋەتمىگەنلىكىگە قاتتىق پۇشايمان قىلدى.

ئىشىك تىرىقلاپ، ئۇنىڭ خىيال دېڭىزىنى چالغىتىۋەتتى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ پاتەمخاننىڭ ئىككى بالىسىنىڭ مەخمۇدنى ئىككى ياندىن يېتىلىگىنىچە خۇشال ئېلىپ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇخلاپ ئۇيقۇسى قانغان

مەخمۇدمۇ بەكلا خۇشال ئىدى. ئۇ ئاناردەك قىپقىزىل ئىككى مەڭزىدىن يالقۇن چاقنىتىپ، غۇنچىدەك لەۋلىرىدىن گۈل ئېچىلدۇرغىنىچە، يېڭىدىن يېتىلىۋاتقان ئىككى تال چىشىدىن ئۇنچىدەك نۇر چاقنىتىپ: «دادا ـ دا» دېگىنىچە مەسئۇدقا كۇلۇپ، تەلپۈنۈپ كېلىۋاتاتتى. ئازابلىق خىيال دېڭىزىدىن يېڭىلا بېشىنى كۆتۈرگەن مەسئۇد بۇ يېقىملىق كۆرۈنۈشنى قەلبىگە سىغدۇرالمىدى. خىيالىدا بۇمۇ ساختا، ئەگەر بولمىغاندا ئاشۇ ساختا كۆرۈنۈشنىڭ سايىسى بولۇپ تۇيۇلۇپ، غۇززىدە ئاچچىقى كەلدى.

— نېمە بار سەنلەرگە بۇ يەردە، — دەپ ۋارقىرىدى مەسئۇد ئاشۇ ئاچچىقتا، — ماڭ چىقىش!

ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنداق قوپال ۋە دەھشەتلىك چىقتىكى، بۇنداق بولارىنى ئويلىمىغان ئۇچ بالا قورققىنىدىن ئارقىغا بىر داجىدى ـ دە، خۇددى ئالۋاستىغا يولۇققاندەك ئۇن سېلىپ يىغلىغىنىچە ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ يىغىسىغا چىدىمىغان مەستۇرە ئۇقتەك ئېتىلىپ كىرىپ، بىردىنلا پارتلىدى:

— باللارنى بۇنچىۋالا قورقۇتقىچە، دەيدىغىنىڭىزنى ماڭىلا دېسىڭىز بولمامدۇ، نېمىدېگەن قاملاشمىغان قىلىق بۇ!

— ھەرقانچە قاملاشمىغان بولسىمۇ، — دېدى مەسئۇدمۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — خۇپيانە ئىش قىلغاندىن مىڭ تۈزۈك.

— شۇلىمۇ؟ قېنى، يەنە دەڭ، قورسىقىڭىزنى بىراقلا بوشىتىۋېلىڭ!

— سەن ھېچ نەرسىگە ئورۇن قالدۇرمىساڭ، يەنە

نېمەدېگۈلۈك، ياخشىسى، مەن بىلەن تاكاللاشما.

— مەن قىلغىنىمدىن تانمايمەن. پەقەت ئۇسۇلىملا خاتا بولدى.

— مېنى ئالداشقا پېتىنغانلىقىڭمۇ ئۇسۇلۇڭدىكى خاتالىقمۇ؟

— سىز ئوقۇشقا كېتىپ، ئىككى ئايدىن كېيىن پاتەمخان بىلەن يولۇقۇپ قالدىم، شۇ چاغدا ئۇنىڭ مەخمۇدقا ئېغىر ئاياغ بولغىنىغىمۇ ئىككى ئاي بولغانىكەن. بىز خېلى مۇڭداشقاندىن كېيىن ئۇ مېنىڭ تۇغماسلىق دەردىدە ئازابلىنىپ يۈرۈۋاتقانلىقىمغا ئىچ ئاغرىتىپ، سالامەت يەڭگىسە، بالىنى ماڭا بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى، مەن بالىنىڭ ئاسراندى ئىكەنلىكىنى باشقىلارغا ئۇقتۇرماسلىق ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا قورساق كۆتۈردۈم. سىزگە ئۇقتۇرماسلىقتىكى سەۋەب تۇغالايدىغانلىقىمنى ئىسپادىلەش ئارقىلىق بالىسىزلىق تۈپەيلىدىن سوۋۇشقا باشلىغان كۆڭلىڭىزنى قايتا ئىللىتىش ئىدى.

— ئەمدىچۇ؟

— بولغۇلۇق بولدى. لېكىن مەخمۇدتىن كېچەلمەي-مەن. ئەگەر سىز ئۇنى بالا قاتارىدا كۆرۈپ، مېھرىڭىزنى بېرەلىسىڭىز سىز بىلەن ئۆي تۇتۇپ قالىمەن. بولمىسا...

— بولمىسا ئايرىلىپ كەتمەكچىمۇ؟

— بۇ سىزنىڭ كۆڭلۈمنى توغرا چۈشىنىشىڭىزگە، ئائىلىمىزنى قوغداپ قېلىشنىلا ئويلاپ ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكىمنى كەچۈرۈش - كەچۈرمەسلىكىڭىزگە باغلىق.

— ھەي...

مەسئۇد جىددىيلىكتىن تىترەپ تۇرغان بارماقلىرى

بىلەن تاماكا يۆگەپ چەكتى. ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇيان ـ بۇيان ماڭدى. تام ـ تورۇسلارغا، رەسىم جاھازلىرىغا تىكىلدى. بۇ ئۇنىڭ بىرەر قارارغا كېلىش مەقسىتىدە ئويلىنىۋاتقانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى. ئۇزاقتىن بۇيان ئۇنىڭ بۇ مىجەزىنى ياخشى چۈشەنگەن مەستۇرە تا ئۇ بىر تال تاماكىنى چېكىپ بولۇپ، ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرغىچە ئۈن ـ تىنسىز كۈتۈپ ئولتۇرىۋەردى. شۇ ئەسنادا ئىشىك تىرىقلاپ ئېچىلىپ، ئاقۇپ ئاكا بىلەن زۆھرە خۇشال كىرىپ كەلدى. ياش ئەر ـ خوتۇنلار ئىچكى زىددىيىتىنى ئۇلاردىن يوشۇرۇش ئۈچۈن دەرھال چىرايلىرىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، مېھمانلارنى تۆرگە باشلىدى.

— تەتىلگىزنى ئۆيدىلا ئۆتكۈزەمسىز نېمە، مەسئۇد؟! تالا ـ تۈزگە چىقىپ باقاي دېمەيسىزغۇ؟ — چاقچاق قىلدى ئاقۇپ ئاكا.

— ئۆينى بەك سېغىنغان بولسام كېرەك، — كۈلدى مەسئۇد.

— «ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقى، پۇت ـ قولۇمنىڭ بوشلۇقى» دېگەن شۇدە! — قوۋۋەتلىدى زۆھرە.

— ياكى مەستۇرە رۇخسەت قىلمايۋاتامدۇيا؟ — چاقچىقىنى داۋاملاشتۇردى ئاقۇپ ئاكا.

— نېمىدەپ رۇخسەت قىلمايدىكەن.

— كۆپرەك كۆرۈۋالاي، دەپچۇ.

ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈشتى.

— ئىككى ئالىقان تەڭ ئۇرۇلمىسا ئاۋاز چىقامدۇ، — زۆھرەمۇ قىزىشىپ چاقچاققا كىرىشتى، — مەستۇرەنىڭمۇ تالادا كۆرۈنمىگىنىگە قارىغاندا، مەسئۇدمۇ ئۇنى كۆپرەك

كۆرۈۋالاي، دەپ تۇتۇۋالغان گەپ.

— دېمەك «ئۆيىنى بەك سېغىنغان بولسام كېرەك» دېگىنىڭ تېگىدە گەپ بار ئىكەن ـ دە.

— ها ـ ها ـ ها...

بىردەمدىلا كۈلكە ـ چاقچاق ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، بايىقى كۆڭۈلسىزلىكنىڭ ئىزناسىمۇ قالمىدى. مەستۇرە ئالدىراپ ـ تېنەپ چاي تەييارلاپ پاتەمخانىغا بىرقانچە خىل سەينىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ قويۇشنى تاپىلىدى. ھەش ـ پەش دېگۈچە سەيمۇ تەييار بولدى. مەستۇرە رومكىلارنى چايقاپ ھاراق كەلتۈردى.

— قالتىسقۇ، — دېدى ئاقۇپ ئاكا كۈلۈپ، — بۇ نېمىلەر ئەمدى سىزنىڭ قولىڭىزدىن چىققىدىغان بولۇپ قاپتۇغۇ ياكى مەسئۇدنى تېخىچىلا مېھمان قاتارىدا كۆتۈۋاتامسىز؟!

— ئۇ تەرىپىمۇ بار، لېكىن ئۇزاق تارىخنى ئەسلىگەندە، بۇنىڭ تەمىنى سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە بىلىپ قالغىنىم بويىچە ئۆزۈم قۇيۇپ ئىچمىسەم ئىسسىق باساس بولۇپ قالدى.

— ها ـ ها ـ ها، قالتىس كەلتۈرۈۋالدىڭىز ـ دە، بۇنى، — دەپ قاقاقلاپ كۈلدى ئاقۇپ ئاكا.

مەستۇرەمۇ قالتىس كەلتۈرۈۋالغىنىغا خۇش بولدى، چۈنكى ئاشۇ سۆزى ئارقىلىق مەسئۇدقا يېقىن تونۇشقان مەزگىللەرنى ئەسلەتمەكچى بولغانىدى. مەسئۇدمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى دەرھال چۈشىنىپ، يەككە ـ يېگانە قالغان چاغلىرىدا زوق بىلەن ئەسكە ئالىدىغان ئۇ كۆڭۈللۈك ئۇچرىشىشنى خىيالىدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتكۈزدى. ئۇ

چاغدا ئۇ بۇ سورۇننى ۋۇجۇدىغا ئىشىق ئوتىنى ياققان بۇ قىزغا ئۆز ئىشقىنى نامايان قىلىدىغان پۇرسەت، دەپ بىلگەندى. ئۇ ئادەتتە تىلغا ئېلىش تولىمۇ تەس بولغان بۇ بىر ئاغىز سۆزنى هاراقنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئىزهار قىلىش قارارىغا كەلگەندى. شۇڭا ئۇ مەستۇرەنىڭ ئىچىپ باقمىغىنىغا قارىماي، ئاق كۆڭۈل ئاقۇپ ئاكا بىلەن زۆھرەگە ماسلىشىپ، سۆز خەزىنىسىدىن ئاجايىپ چىرايلىق دۇردانىلەرنى ئىزدەپ تېپىپ، كۈلكە - چاقچاق بىلەن ئۇنىڭغا ئىچۈرگەن، ئۆزىمۇ راسا ئىچكەن.

— ئۇھ!

— ها - ها - ها! — ئاقۇپ ئاكا قاقاقلاپ كۈلدى، — مەستۇرەنىڭ بوتۇلكىنى ئېلىۋالغىنى كۆڭلىڭىزگە كەلدىمۇ، نېمە؟ ئەجەب ئۇھ تارتىپ كەتتىڭىزغۇ؟

— شۇنى دەيمىنا، — دېدى مەستۇرەمۇ كۈلۈپ، — ئۇنچىلىك يېرى بولسا، قېنى، مەرھەمەت. مەنمۇ سىزنىڭ قولىڭىزدىن ئىچىشكە تەشنا.

مەستۇرە كۆڭۈللۈك كۈلكە ئىچىدە هاراق ۋە رومكىلارنى مەسئۇدقا ئۇزاتتى، مەسئۇد لەۋلىرىگە زورمۇزور كۈلكە يۈگۈرتۈپ، رومكىلارنى ئاق ۋە قىزىل هاراقلار بىلەن تولدۇرۇپ، هەربىرىنىڭ ئالدىغا قويدى - دە، ئۆزىگە تەئەللۇق رومكىنى كۆتۈرۈپ، ئورنىدىن تۇردى.

— ساق - سالامەت جەم بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ئىچەيلى ئەمىسە، مەڭگۈ ساق بولايلى، ئۆلمەيلى، خوشە!

— ياق - ياق، بولمىدى، — ئاقۇپ ئاكا قىزىقچىلىق قىلىپ ئۇنىڭ سۆزىدىن قۇسۇر چىقاردى، — مەڭگۈ ساق بولايلى، ئۆلمەيلى، دېگەنمۇ گەپمۇ؟ خىيالىڭىزدا بىزنى

مەنتىقە بىلمەيدۇ، دەمسىز؟ سۆزىڭىزنى دەرھال تەھرىرلىۋېلىڭ.

— بۇ ئارزۇ، — دېدى مەسئۇد كۈلۈپ، — ئۇنداق بولسا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئۈچۈن ئىچەيلى.

— ھە، بەللى! — تەستىقلىدى ئاقۇپ ئاكا، — ئەر ـ ئايال تەڭ قېرىپ، بالىلارنىڭ، نەۋرىلەرنىڭ قىزىقىنى تەڭ كۆرۈشنى تىلەپ ئىچەيلى.

— مېنىڭچە، — دەپ گەپ قىستۇردى زۆھرە، — ئالدى بىلەن بالىلارنى تۇغقان ئانىلار ئۈچۈن ئىچەيلى.

— تازا شەخسىيەتچىلىك بىرلدى ـ دە، بۇ، — كۈلدى ئاقۇپ ئاكا، — دادىلار بولمىسا، بالىنى سىلەر نەدىن تاپاتتىڭلار؟

— ئەمىسە، — دېدى مەستۇرە كۈلۈپ، — ئانىلار دادىلار ئۈچۈن، دادىلار ئانىلار ئۈچۈن ئىچەيلى.

ئادەتتىكى قەدەھ سۆزىنىڭ گەپ ئويۇنغا ئايلىنىپ، بارا ـ بارا ئاتا ـ ئانىلارغا مەدھىيە ئوقۇشقا يۈزلىنىپ قېلىشى مەسئۇدنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ، بالا بېقىۋالغانلارنىمۇ مۇشۇ كاتېگورىيىگە كىرگۈزگىلى بولامدۇ، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئويلىغانلىرىنى ئاغزىدىن چىقىرىۋېتىشكە تاسلا قالدى. لېكىن سورۇن كەيپىياتىغا باشقىچە تەسىر بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى باستى. ئۇ چوڭقۇر خىيالغا چۆكتى. ئۇ ئەسلى ئۆز پۇشتىدىن تامغان پەرزەنتكە تەشنا ئىدى. لېكىن مەستۇرەنىڭ تۇغماس چىقىپ قېلىشى بىلەن بۇ ئارزۇسى كۆپۈككە ئايلاندى. بۇنى ئۇ خوتۇن ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلىش خىيالىغا كېلىشى ھامان، مەستۇرە بالا بېقىۋېلىش ئۇسۇلى بىلەن

تاقابىل تۇردى. بۇنى مەستۇرەنىڭ ئۆيىنى بۇزماسلىق يولىدىكى ئىزدىنىشى دېيىشكە بولاتتى. ئەگەر مەسئۇد پەيلىنى بۇزماي، قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا مەستۇرە بىلەن كېڭەشكەن بولسا، مەستۇرەنىڭ بۇ ئۇسۇلى ئەينى يىللاردىلا ئەمەلگە ئېشىپ، بۇ چاققىچە ئۇلار تۆت - بەش ياشلىق بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى بولۇپ قالاتتى. مەسئۇد ئويلىنا - ئويلىنا مەستۇرەنىڭ خۇپىيانە ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا سەممىي بولمىغانلىقىدىن، دەپ بىلدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەگەر مەسئۇد ئۇنىڭ خۇپىيانە ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش ھېسابىغا ئۆيىنى بۇزۇۋەتسە، بىر قىسىم سۆز - چۆچەكچىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇ مەستۇرەدەك پاك قىزغا ئېرىشەلەمدۇ - يوق؟ ئۇ تۇرمۇشتا خۇددى نەسىللىك كالىدەك تۇغۇپ بېرىشنىلا بىلىپ، ئىككى ئاغىنىسىنى باشلاپ كىرسە، تۇزۇك كۈتەلمەيدىغان خوتۇنلارنىمۇ كۆرگەن. ئېرىگە بالىلىرىنى قوغۇراقتەك ئېسىپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئەل - ئاغىنىلىرى بىلەن ئۇچرىشىشىغىمۇ توسقۇن بولىدىغان خوتۇنلارنىمۇ كۆرگەن. كۈنچىلىك قىلىپ، بويىغا يەتكەن بىرەر قىزى بار ئاغىنىلەرنىڭ ئۆيىگە كېلىشىگىمۇ يول قويمايدىغان خوتۇنلارنىمۇ كۆرگەن. ئاھ، خوتۇنلار، سىلەر ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ بىر دۇنيا. ئايال ھەممە جەھەتتىن ئەر بىلەن مۇۋاپىق كەلمىسە، ئەرنىڭ تۇگەشكىنى شۇ. شۇڭا «ئەرنى ئەر قىلىدىغانمۇ خوتۇن، ئەرنى يەر قىلىدىغانمۇ خوتۇن» دەپ بىكار ئېيتمىغان. مۇشۇ نۇقتىدىن ئەرلەرمۇ ئۆزىنى دەڭسەپ كۆرۈشى كېرەك. ئۇ، خوتۇننى خوتۇن قىلىشى كېرەكمۇ ياكى ئوتۇن قىلىشى كېرەكمۇ؟ ئۇ مەستۇرەنىڭ ھېچقانداق

خوتۇنغا سېلىشتۇرۇپ بولمايدىغان ئاجايىپ ئالاھىدىلىكلىرى-نى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ، بۇ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن خورلۇق كۆرمەسلىكى كېرەك ئىدى. ئۇنى خورلۇققا سالغان توغماسلىقتىن ئىبارەت بىرلا ئاجىزلىقى. ئەگەر بۇ ئىش مەسئۇدنىڭ بېشىغا كەلگەن بولســـــچۇ؟ مەسئۇد قانداق قىلاتتى؟ مەستۇرەچۇ؟

— ها - ها - ها، — ئاقۇپ ئاكىنىڭ قوپال كۈلكىسى ئۇنى خىيالدىن ئويغاتتى. ئۇ، ئۈچ كىشىنىڭ رومكىلارنى تۇتقىنىچە ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇيقۇدىن يېڭىلا ئويغانغان كىشىدەك سەل - پەل تەمتىرەپ قالدى، لېكىن چاندۇرمىدى. ئاقۇپ ئاكا غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، چاقچىقىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەستۇرە، — دېدى ئۇ كۈلگىنىچە، — ئېرىڭىزگە ئۇيقۇ دورىسى ئىچۈرۈپ قويمىغانسىز، مۈگدەپلا تۇرىدىغۇ؟

— ياقەي، — دېدى مەستۇرە كۈلۈپ، — بۇياق «يەتتە ئويلاپ بىر كېسىدىغان» كىشى، بەلكــــم قەدەھ سۆزى ئۈستىدە ئويلىنىۋاتسا كېرەك.

— بىر رومكىغا مۇشۇنداق ساقلاتساڭلار، بىر بوتۇلكا هارىقىڭلارنى ئىچىش ئۈچۈن قونغۇدەكمىز. قېنى تېزرەك دەڭلار، نېمە ئۈچۈن ئىچىمىز؟

— خوتۇنلار ئۈچۈن ئىچەيلى.

— بەللى ئاغىنە، مۈگدىشىڭلەردا گەپ بار ئىكەن - دە!

— توغرىغۇ، — گەپكە ئارىلاشتى زۆھرە، — «قول قولنى يۇسا، قول قوپۇپ يۈزنى يۇيار» دېگەندەك سىلەر بىز ئۈچۈن ئىچسەڭلار، بىزمۇ سىلەر ئۈچۈن ئىچمەيمىزمۇ.

— «سەن ياخشى، مەن ياخشى» دەيدىغانغا بۇمۇ ئەپلىك چارىكەن. قېنى ئەمىسە!

ئاقۇپ ئاكا قاقاقلاپ كۈلۈپ رومكىسىنى ھەممە رومكىلارغا ئۇرۇشتۇرۇپ، تەشنالىق بىلەن سۈمۈردى.

سورۇن باشتىن - ئاخىر خۇشال كەيپىياتتا ئۆتتى. شۇ كۈنى كەچتە مەسئۇد مەستۇرە كۈتمىگەن ھالدا ئۇنىڭ قوينىغا كىردى. ئىككى باش بىر ياستۇققا قويۇلدى.

ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتتى، ئىككى باشنىڭ بىر ياستۇقتىن مەڭگۈ ئايرىلماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلار بالىنى ئۆزلىرى باقماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن پاتەمخان قايتۇرۇۋېتىلدى.

ئارىدىن بىر ئايچە ئۆتتى، مەسئۇدنىڭ تەتىل ۋاقتى توشۇپ، مېڭىشقا تەرەددۇت قىلىپ يۈرگىنىدە ئۇشتۇمتۇت پۇتى قايرىلىپ كېتىپ كېسەلخانىدا يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ پېيى سوزۇلغانىدى. بۇنداق كېسەل سۇنۇقتىنمۇ يامان بولسا كېرەك، ئاغرىق ئازابىدىن چىرايى سولۇپ، بىر ئاز ئورۇقداپمۇ قالدى. ئۇنىڭغا ئۈچ ۋاخلىق تاماقنى ئۆيدىن توشۇپ، قاراۋاتقان مەستۇرەمۇ چارچىغانلىقتىنمۇ، ئىشقىلىپ ئولتۇرۇپ قوپسا بېشى قايىدىغان، كۆڭلى ئېلىشىپ تاماقىمۇ قارىمايدىغان بولۇپ قالدى. مەسئۇد ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ ئەھۋالىنى دوختۇرلارغا ئېيتتى، دوختۇرلار مەستۇرەنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئېغىر - ئاياغ ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مەسئۇد ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي، مەستۇرەنىڭ ھاياجانلىق ياشلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلدى.

— راست، — دېدى مەستۇرە خۇشاللىق ياشلىرىنى

ئاستا سۆرتۈپ، — بۇ شىپاخانىدىن بېرىلگەن دورىلارنىڭ خاسىيىتى بولسا كېرەك، مەن ئۇنى بىر يىلغىچە ئۆزمەي ئىچكەنىدىم.

مەسئۇدنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ ياش ئەگىدى. چىرايىدىن مەستۇرەنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلاۋاتقاندەك قىلىسىمۇ، كۆڭلىدىن «تۇغماسلار بالا بېقىۋالسا تۇغىدۇ» دېگەن سۆز راست بولسا كېرەك، بۇ جەزمەن مەخمۇدنىڭ خاسىيىتى دېگەنلەرنى ئۆتكۈزدى. لېكىن تېشىغا چىقىرىشنى بىئەپ كۆرۈپ، مەستۇرەنى يەڭگىل قۇچاقلاپ، پېشانىسىگە سۆيدى.

## خاتىمە

7 - ئاي مەزگىللىرى، كۆن قايىرىلغان چاغ، سالقىن شامال كۈندۈزكى ئىسسىقنى قوغلاپ، مەكتەپ بىناسى ئالدىدىكى گۈللۈكنىڭ خۇش ھىدىنى دىماققا ئۇراتتى. چىڭقى چۈشنى پەردىسى چۈشۈرۈۋېتىلگەن ئۆيلىرىدە ئۆتكۈزگەن مەكتەپ خادىملىرى ئەمدى ئىشكلىرىنى ئېچىپ، گۈللۈك ئەتراپىدىكى ئارىسىغا ئورۇندۇق قويۇلغان دەرەخلەر ئاستىغا بىر - بىرلەپ توپلىنىشىپ، ئىللىق ھاۋانىڭ ھۇزۇر بەخش پەيزىنى سۈرۈش ئۈچۈن كەچقۇرۇنلۇق ئەمىنى باشلىۋەتكەنىدى. بەزىلەر قارت، بەزىلەر شاھمات ئوينايتتى، بەزىلەر ئۆتكەن - كەچكەنلەر ئۈستىدە سۆزلىشىپ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرسا، بەزىلەر ئۆزئارا چاقچاقلىشىپ، خۇشال كۈلكە ئىچىدە يايرىشاتتى.

مەسئۇد بىلەن مەستۇرەمۇ مەخمۇدنى يېتىلەپ كەلدى. ھەر ئىككىسى خېلىلا سەمىرىپ قالغان بولۇپ، چىرايىدا

بەختىيارلىق جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.

— دادا! دادا! كېپىنەك تۇتىمەن، — يۇلقۇندى مەخمۇد گۈللۈككە يېقىنلاپ كېلىشى بىلەن گۈللەر ئۈستىدە ئۇچۇشۇۋاتقان كېپىنەكلەرگە تەلپۈنۈپ.

— توختا، بالام، مەن تۇتۇپ بېرەي.

مەسئۇد گۈللۈككە يېتىۋېلىش ئۈچۈن تېپىچەكلەپ تۇرغان مەخمۇدنىڭ قولىدىن چىڭ تۇتقىنىچە، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تېز - تېز مېڭىشقا باشلىدى.

— مېنىڭ قولۇمنى قويۇۋەت، بالام، — ئىلتىجا قىلدى مەستۇرە خېلىلا ئېغىرلىشىپ قالغىنى ئۈچۈن ئۆزىنى زورۇقۇشتىن ئاياپ، داداڭ بىلەن كېتىۋەر!

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، تۆمۈر سالاسۇن بىلەن قورشالغان گۈللۈككە يېتىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن مەخمۇدنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ، خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي قالدى.

— ئاۋۇنى، ئاۋۇ ئايروپىلانغا ئوخشاشنى، دادا!

ئۇ مەستۇرەنى گۈللۈكنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرىدا خۇددى سىمابتەك يالتىراپ، گۈلدىن گۈلگە قونۇپ، ئۇزۇن تۇمشۇقىنى تەگكۈزە - تەگكۈزمەيلا ئۆزىگە شىرنە يىغىۋاتقان گۈلقۇچقۇچىنى تۇتۇپ بېرىشكە قىستىماقتا ئىدى.

مەسئۇد ئۇنى تۇتۇۋېلىشنىڭ ئانچە ئاسان ئەمەسلىكىنى بىلسىمۇ، بالىنىڭ رايىنى قايتۇرماسلىق ئۈچۈن سالاسۇننى ئايلىنىپ، ھەر تەرەپكە تېنىمسىز يۈگۈرمەكتە ئىدى. بۇنىڭدىن چەكسىز سۆيۈنگەن مەستۇرە گەرچە ئۇيان - بۇيان يۈگۈرسىمۇ، ھېسسىيات جەھەتتىن ئۇلار بىلەن تامامەن

بىرلىشىپ، گۈلقۇچقۇچىنىڭ قاياقتا ئۇچۇۋاتقانلىقىدىن ئۇلارنى خەۋەردار قىلىپ تۇراتتى.

— مەستۇرە مۇئەللىم، خەت، سىزگە كەپتۇ.

پۈتۈن دىققىتى گۈلقۇچقۇچى بىلەن بولۇپ كەتكەن مەستۇرە قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە قايتا تەكرارلىنىۋاتقان بۇ ئاۋازنى ئاڭلىماي، پەقەت ئېتىكى تارتىلغاندىن كېيىنلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، خەۋەرلىشىش بۆلۈمىدىكى ئەمەت ئاكىنىڭ يەتتە ياشلىق قىزىنىڭ ئۆزىگە بىر كونۋېرتنى تەڭلەپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— خەت؟

مەستۇرە ھەيرانلىق بىلەن كونۋېرتنى قولىغا ئالدى. ئۇ ئىككى يىلدىن بۇيان پەقەت مەسئۇد بىلەنلا قويۇق خەت يېزىشىپ تۇراتتى. ھەدىسى بىلەن ھاممىسىغا جىددىي زۆرۈرىيەت بولمىسىلا، خەت يازمايدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلاردىنمۇ كۆپ خەت كەلمەيتتى. شۇڭا ئۇ مەسئۇد ئوقۇشنى تاماملاپ قايتىپ كەلگەندىن بۇيان خەت يېزىش، خەت تاپشۇرۇپ ئېلىش دېگەنلەرنى تامامەن ئۇنتۇغانىدى.

ئۇ تەئەججۇپ ئىچىدە خەت ئىگىسىنىڭ ئادرېسىغا تىكىلدى - دە، يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى. خەت جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مەلۇم بىر يېزىدىن كەلگەنىدى، ھەيران قالارلىق يېرى ئۇنىڭغا پاتەمخاننىڭ ئىسمى يېزىلغانىدى.

شۇ پاتەمخانمىدۇ؟ مەستۇرە مەخمۇدنىڭ ئانىسى پاتەمخاننى ئەسكە ئېلىپ، ئۆز - ئۆزىگە ھەيرانلىق بىلەن پىچىرلىدى.

ئۇنىڭ پاتەمخاننى ئۆيىگە قايتۇرۇۋەتكىنىگە بەش ئايدىن

ئېشىپ قالغانىدى، شۇنىڭدىن كېيىن پاتەمخانىمۇ كەلمىدى، مەستۇرەمۇ سۇرۇشتە قىلىپ قويمىدى. ئۇمۇمەن ئالغاندا، تۇرمۇش سەھنىسىدە ئوينالغان جىددىي توقۇنۇشلۇق بۇ ئويۇننىڭ مۇشۇ پەردە تاماملانغانلىقى يېتەرلىك بولغانىدى. ئەگەر بۇ ئويۇن يەنىلا داۋاملاشسا، ئۇنىڭ نېرۋىلىرى ھەرگىزمۇ چىداشلىق بېرەلمىگەن بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كۈتمىگەندە كەلگەن بۇ خەت مەستۇرەنى خېلىلا گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇ تەئەججۈپ، تەشۋىش، ياخشى تىلەكلەر ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن زىددىيەتلىك خىياللار ئىچىدە كونۋېرتنى يىرتىپ، خەتنى ئالدىراپ ئوقۇدى، خەت مۇنداق يېزىلغانىدى:

«ھۆرمەتلىك مەستۇرە خانىم! يىراقتىن يېزىلغان بۇ خەتنىڭ كۈتمىگەندە قولىڭىزغا تېگىشى سىزنى ھەيران قالدۇرغاندۇ؟ سەۋەبى ئۆيىڭىزدىن مەيۇس ھالدا ئايرىلغان چېغىمدا مەنمۇ سىزگە بۇنداق يىراقتىن خەت سالارمەن، دەپ ئويلىمىغانىدىم. كونىلار ‹خۇدا بەندىنىڭ رىزقىنى ھەر قاياقا چاچقۇدەك، بەندىلەر ئۇنى تېرىپ يېمەكلىك ئۈچۈنلا سەرسان بولغۇدەك›، دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەن. مەن سىلەر تەرەپتىكى رىزقىمنى تېرىپ ياكى تىلەپ يەپ بولدۇممۇ، ئىشقىلىپ ئۆز يۇرتۇمغا ئۇشتۇمتۇت يول ئېلىپ قالدىم. بۇنىڭغا ئېرىمنىڭ ۋاپاتى سەۋەب بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ تېنىمسىز ئىچىدىغىنى سىزگە مەلۇم. بولۇپمۇ، ھېلىقى مىڭ يۈەننى قولىغا ئالغاندىن كېيىن مەيخانا، ئاشخانىلاردا كېچە - كۈندۈز، ھەتتا قونۇپ دېگۈدەك ئىچىدىغان بولۇۋالدى. مەن ‹قېنى، مۈڭگۈز - قۇلىقىڭ چىققۇدەك ئىچىۋال›، دېگەن ئوي بىلەن ئۇنىڭ نەدە يېتىپ، نەدە تۇنىشى بىلەن كارىممۇ

بولماي، ئىككى بالامنى بېقىپ يۈرۈۋېرىپتىمەن. كىم بىلسۇن، بىركۈنى قاتتىق شىۋىرغان بولدى، ئەتىسى تاڭ بىلەن تەڭ ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئىشىكنى ئىتتەرسەم ئېچىلمايدۇ، «شىۋىرغان ئىشىكنى قار بىلەن كۆمۈۋېتىپتۇ - دە» دېگەن ئوي بىلەن تازا كۈچەپ بىر - ئىككى مۇرىدىۋىدىم، ئىشىك قىيا ئېچىلدى، قارىسام، ئېرىمنىڭ گەۋدىسى. پۇت - قولۇمدا جان قالماي، قىيا ئېچىلغان ئارىلىقتىن قىسىلىپ ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزۈمنى ئاتتىم. ئۇ تامامەن مۇزلاپ، مۇردىغا ئايلىنىپ بولغانىكەن. نېمە قىلارىمنى بىلمەي قولۇم - قوشنىلاردىن بىر قانچىسىنى ئويغاتتىم، ئۇلار ئۇنى كۆرۈپ، ھېچقانچىمۇ ئەجەبلىنىپ كەتمىدى، پەقەت: «خوۋلۇق كۆرمىگەن ئادەم ئىدى، ئاخىرەتلىكىنى خۇدا بېرەر» دەپ قويدى. مەن ئۇنى ئىچ - ئىچىمدىن يىغلاپ يەرلىككە قويدۇردۇم. نېمىلا بولسۇن، ئۇ مېنىڭ رىزقىمنى تىلەپ، تېرىپ يەپ، ھايات كەچۈرۈشۈمگە پاناھلىق بەرگۈچى، نىكاھلىق ئېرىم، ئىككى بالامنىڭ ئاتىسى ئىدى. «يامانىنىڭ ئوتى يامان» دېگەندەك ئۇنىڭ پىراقىدا يىغلاپ - قاخشاپ قىرىق كۈننى ئۆتكۈزدۈم. ئاندىن بۇنداق ئىچ ئاغرىقىدا سەرسان بولۇپ يۈرگەندىن كۆرە، نېمە كۆرسەممۇ ئۆز يۇرتۇمدا كۆرمەيمەنمۇ، دېگەن ئوي بىلەن يۇرتقا قايتىشنى ئويلاپ قالدىم. بۇنىڭغا كۆپ ئىش كەتمىدى. چۈنكى قولۇمدا سىزدىن ئالغان ئىككى مىڭ يۈەنگە يېقىن ئاقچا بار ئىدى. ئىككى بالامنى ئېلىپ، قاتناش ماشىنىسىغا ئولتۇردۇق - دە، يۇرتقا كېلىپ قالدىم. يۇرت مېنى خۇشال قىلدى، يېزىلىق ھۆكۈمەت بېشىمنى سىلىدى. ئىككى بالامنى نوپۇسقا ئېلىپ، ئۈچ كىشىلىك يەر بەردى. خۇدا

ئاخىرقى رىزقىمنى مۇشۇ يەرگە چاچقان بولسىلا، بۇ يەردىن ھەرگىز ئايرىلماسلىقنى تىلەيمەن.

گېپىم كۆپىيىپ كەتتى، دېمەكچى بولغىنىم، قىسقىغىنە ئارىلىقتا ئۆتكەن سەرسانلىقىمنى ئەسلىگىنىمدە، سىزنى تۇمان ئىچىدىن قولۇمدىن تارتىپ چىققان نىجادكارىمدەك ھېس قىلىمەن. ئۆتكەن ئىش ئۆتتى، خۇدا خاتىرجەملىكىمىزنى بەرسۇن. مۇبادا خەت يېزىشنى خالىسىڭىز، ئائىلىڭىز بويىچە چۇشكەن سۈرىتىڭىزنى ئەۋەتىپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئائىلىڭىزگە بەخت تىلەپ: پاتەمخان»

مەستۇرە خەتنى ئوقۇپ چىقىپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى. ئۇ پاتەمخاننىڭ ئېيتقىنىدەك، «خۇدا چاچقان رىزقىنى تېرىپ يېيىش ئۇچۇن» ئەمەس، ئەكسىچە ھەر ئىككى ئايالنىڭ «تۇغماس»لىق دەردىدە تارتقان كۆلپەتلىرىنىڭ ئۈيلىمىغان سەرگۇزەشتلەر ئارقىلىق ئاخىرلاشقانلىقىدىن ھاياجانلىنىپ ياش تۆككەنىدى. ئۇنىڭ بۇ ياشنى قىلچىمۇ يوشۇرغۇسى كەلمىدى، بۇ ياشمۇ خۇددى سۈيى تۈگىمەس بۇلاقتەك ئۇنىڭ ئىچ - ئىچىدىن توختىماي چىقماقتا ئىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى، گۈلقۇچقۇچىنى تۇتۇش خۇشاللىقى بىلەن بولۇپ كەتكەن مەسئۇد بىلەن مەخمۇد تۆكۈلگەن بۇ ياشتىن تامامەن خەۋەرسىز ئىدى. مەستۇرە تۆكۈلۈۋاتقان بۇ ياشلاردىن ئۇلارنى خەۋەردار قىلىشنىمۇ خالىمايتتى. چۈنكى تۆكۈلۈۋاتقان بۇ ياشلار ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭ ئائىلىسىگە شۇ خۇشاللىقنى بېغىشلىغانىدى.

مەسئۇل مۇھەررىرى: جېلىل مۇھەممەت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئۆمەرجان

# شىپا تاپماس كېسەل

(ھېكايە، پوۋېست)

تۇرغان شاۋدۇن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى348 № )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
قۇمۇل ۋىلايەتلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 787×1092 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 7.25 ، قىستۇرما ۋارىقى: 2
1999 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى
1999 - يىل 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1 —— 5000
ISBN 7－228－04499－1/I・1631
باھاسى: 9.80 يۈەن

责任编辑:吉利力·穆罕默德
责任校对:吾麦尔江

# 绝症（维吾尔文）

（短篇,中篇小说集）

吐尔干·沙吾东著

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号邮政编码 830001）
新疆新华书店发行　哈密地区印刷厂印刷
787×1092 毫米　32 开本　印张 7.25　2 插页
1999 年 1 月第 1 版　1999 年 1 月第 1 次印刷
印数:1——5000

ISBN 7—228—04499—1/I·1631　定价:9.80 元

ISBN 7-228-04499-1

ISBN 7 — 228 — 04499 — 1

I · 1631（民文）定价:9.80 元